

تارىم
40
8
1990

www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر : مەھەممەت شاۋۇدۇن
مەسلىھەتچىلەر: ياسىن خۇدا بەردى، ئابلىز نازىرى، ئەلقەم ئەختەم.

---

تەھرىر ھەيئەتلەر ( ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە ):
ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن، ئارسلان، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابلىكىم باقى، تۇرغان شاۋۇدۇن، تۇرسۇنئاي ھۈسەيىن، قەييۇم تۇردى، مەھەممەت شاۋۇدۇن، مەھەممەت زۇنۇن، مەھمۇد زەيىدى، ئىمىن تۇرسۇن، ئىمىن ئەخمىدى، زوردۇن سابىر.

# تارىم

(ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال)

8

1990

40 - يىل نەشرى

uyghurkitap.com

# بۇ سانىدا

## نەسرىي ئەسەرلەر


ئابلىز ئوسمان ...... تالانت، ئادەم، كېلىچەك (ئەدەبىي ئاخبارات) ...... 4

ئەنۋەر غوپۇر ...... ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى (ھېكايە) ...... 17

مەھەممەت باغراش ...... ياۋا ئەتىرگۈل (پوۋېست) ...... 46

ئەرشىدىن تاتلىق ...... ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ (ھېكايە) ...... 100

نىياز ئىمىن ...... نەسرلەر ...... 107

ئادىلجان تۇنىياز ...... كۆڭۈل گۈلدەستىلىرى (نەسر) ...... 110

مۇنىرە خالىق ...... قەدەم (نەسر) ...... 111


## شېئىرلار


مەھەممەتجان راشىدىن ...... ئادەملەرگە سۆيگۈ قەرزىم بار ...... 32

ئابدۇللا سۇلايمان ...... تەبىئەتكە تۇتاشتۇر قەلبىم ...... 35

مەھەممەت رېھىم ...... رەڭمۇرەڭ ھېس - تۇيغۇلار ...... 40

ئابدۇئەھەد قادىرى ...... ئوتلۇق سادالار ...... 41

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن ...... شېئىرلار ...... 43

ئىلغارجان سادىق ...... تىنچلىقتا مۇڭدەر ئورمانلار ...... 45

ياسىن زىلال ...... ئانا (داستان) ...... 80


## بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز


شائىر ئىمىن ئەخمىدى ...... 112

شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچى ماخمۇتجان ئىسلام ...... 114

## قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن


جاڭ گۈيتىڭ .................. ۋەتەنگە مەدھىيە (شېئىر) .................................. 117

ئاتىكەم زەمرى .................. باھار ئىلھامى (شېئىر)................................. 118

تۇرغانباي قىلىچبېك .................. بىر سىقىم تۇپراق (ھېكايە) ........................... 119


## مۇھاكىمە ۋە تەقرىز


يوي پياۋ .................. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى توغرىسىدى-
كى بەس - مۇنازىرە .................................. 128

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن...... خەلقنى ئوبرازلىق تەپەككۇر قىلىش — ئۇيغۇر ئەدەبى-
ياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى.......................... 142


## مەشھۇر يازغۇچىلارنىڭ ئىش ئىزلىرىدىن


تولىستوي ۋە جۇڭگو .................................................................. 149


## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


گلازىيا دېلېددا .................. ئەر ۋە ئايال (ھېكايە) .................................. 153


* * *


بۇ ساننىڭ مۇقاۋىسىنى ئابلىمىت لايىھىلىگەن، رەسىم ۋە ھۆسن خەتلەرنى مۇھەممەت ئايۇپ ئىشلىگەن.

«ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئابلىز ئوسمان

# تالانت، ئادەم، كېلەچەك

(ئەدەبىي ئاخبارات)

## مۇقەددىمە

يېتىلگەن قىران بۈركۈتنىڭ بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇرۇپ كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس. ۋەھالەنكى، ئەمدىلا ئۈچۈم بولۇش ئالدىدا تۇرغان كىچىككىنە قۇش بالىسىنىڭ يۇمران پەر-قاناتلىرىنى ئەركىن قاققىنىچە قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرغان زەڭگەر بوشلۇقتا لەرزان ئۇچالىشى ئاسان ئىش ئەمەس. شۇنداق، ئادەملەر ئارىسىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئىشلار ناگان-ناگاندا كۆزگە چېلىقىپ قالىدۇ. گەرچە ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۆزلىيەلەيدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئاڭلىق مەخلۇقلار بولسىمۇ، ياشاش مۇددىئاسى ۋە ئاڭ قۇرۇلمىسىدىكى ئوخشاشماسلىقلار تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ئادەملىك سۈپىتىدىمۇ پەرقلەر بولىدۇ. بەزىلەر ئۆمۈرۋايەت ئۆزىنىڭ ئادەملىك قەدىر-قىممىتىنى بىلەلمەي ئىز-دېرەكسىز غايىب بولىدۇ، يەنە بەزىلەر بولسا ئۆز ئىقتىدارىنى ئەقلىي تەرەققىياتنىڭ قەدەم-باسقۇچلىرىغا ماس ھالدا يېتىلدۈرىدۇ. لېكىن شۇنداقمۇ ئادەملەر ئۇچرايدۇكى، ئۇلار ئۆز يېشىدىن نەچچە ھەسسە ھالقىپ كەتكەن پەۋقۇلئاددە تالانتى بىلەن كىچىك چېغىدىلا ئادەمنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان ئاجايىپ ئۇتۇقلارنى قازىنىپ، ئۆز قىممىتىنى نامايان قىلىدۇ.

مانا بۇ قىزنىڭ ئىسمى گۈلزار، بۇ يىل ئارانلا توققۇز ياشقا كىرگەن، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا سەھنە ۋە ئېكرانلاردا كۆزگە چېلىقىشقا باشلاپ، بۇ يىلنىڭ بېشىدا مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىدە 1-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىپ، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ «پەۋقۇلئاددە ئۆسمۈر چولپان» دەپ باھالىشىغا سازاۋەر بولغان. ئادەمنىڭ مەسلىكىنى كەلتۈرىدىغان بۇ كىچىك تالانت ئىگىسى كوماراجىۋادەك دۇنياغا مەشھۇر ئالىملارنى ئۆز قوينىدا چوڭ قىلغان؛ ئىنسانىيەت پەيدا بولغاندىن بۇيانقى بەش مەدەنىيەت قاتلىمىنىڭ بىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۇسەن مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان؛ جاھان مەدەنىيەت خەزىنىسىدە پەخىرلىنەرلىك ئورۇنغا ئىگە بولغان قىزىل مىڭئۆي جاۋاھىرلىرىدىن قۇمتۇرا، سىم-سىم، قىزىل،

قاغا مىڭمۈيلىرىنى ئۆز باغرىدا ساقلاپ كېلىۋاتقان سۆيۈملۈك يۇرت ـ كوچا دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن.

**«مەنمۇ يۇلتۇز بولىمەن»**

ئادەمنىڭ ھاياتىدا ئۆمۈر بويى ئەستىن چىقمايدىغان ئاجايىپ قىممەتلىك مىنۇتلار بولىدۇ. ئۇ ھاياتىڭىزنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىدىمۇ ساقلا ھاياجان، خۇشاللىق بەخش ئېتىدۇ. 1989 ـ يىلى 30 ـ دېكابىر ئەخمەت تۆمۈر ئائىلىسى ئۈچۈن خاتىرىلەشكە ئەرزىيدىغان خۇشاللىق كۈن بولۇپ قالدى. تېخى يېقىندىلا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدىن مەدەنىيەت يۇرتىغا يۆتكىلىپ چىققان ئەخمەت ئاكا تۇيۇقسىزلا بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى. خەتنى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىدىكى خۇاڭ دېجۇڭ خانىم ئەۋەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭدا گۈلزارنىڭ مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئۆسمۈرلەرنىڭ ناخشا مۇسابىقىسىدە 1 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى يېزىلغانىدى. قىزى ھەققىدىكى بۇ خۇش خەۋەر ئەخمەت ئاكىنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئۆز ئەجرى بىلەن ئۆستۈرگەن كۆچەتنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى تېتىغان باغۋەننىڭ خۇشاللىقى چاقناپ تۇراتتى. ئۇ نەرسە ـ كېرەكلەرنى ئالمان ـ تالمان يىغىشتۇردى ـ دە، ئۆيىگە قاراپ چاپتى. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە گۈلزار پۈتۈن دىققىتى بىلەن «365 كېچە» دېگەن كىتابىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزى ئوقۇۋاتقان ھېكايىنىڭ ئىچىگە قوشۇلۇپ كەتكەندەك، دادىسىنىڭ كىرگىنىنىمۇ تۇيماي قالدى. ئەخمەت ئاكا ھاياجان ياشلىرى لىغىرلاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن قىزىغا بىر پەس قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، خۇشاللىقىنى بىراقلا ئېيتىۋەتكۈسى كەلمىگەندەك:

— قىزىم، بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، سۆيۈنچىگە نېمە بېرىسىز؟ — دېدى.

گۈلزار بېشىنى كۆتۈرۈپ پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ:

— خۇش خەۋەرمىش، ئاخشام مەن دېگەن تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپقانسىز، شۇ؟ — دېدى ئەركىلىگىنىچە بېشىنى قىيسايتىپ.

— ياق، قىزىم، — دېدى ئەخمەت ئاكا ئەستايىدىللىق بىلەن، — ئاۋۋال سۆيۈنچىنى بېرىڭ، ئاندىن دەپ بېرەي.

گۈلزار لىككىدە ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، مەڭزىگە قانغىچە سۆيدى:

— ئەمدىغۇ دەپ بېرەرسىز؟

دەل شۇ چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئىشتىن چۈشكەن دىلەيسەم ئاچا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى بۇ ئالەمچە خۇشاللىقتىن قىنىغا سىغماي قالدى. قەلبى مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ قىيامى بىلەن تولغان بۇ گەۋدىلەر مەھكەم قۇچاقلاشتى، ياشلىرى بىر ـ بىرى بىلەن قوشۇلۇپ كەتتى.

ئەخمەت ئاكا خىيالغا چۆككەنىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن قىزى مۇسابىقىگە قاتنىشىشتىن ئىلگىرىكى كۆڭۈللۈك ھەم جاپالىق مۇساپىلەر بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە ئىدى. شۇنداق، تاغقا چىقىش ماھىرلىرىمۇ كۆزلىگەن ئاخىرقى چوققىغا غەلىبىلىك چىققاندا ئۆزلىرى بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللارغا ئەنە شۇ نەزەر بىلەن قارايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*                    *

1989 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى. بۇ دەل باھار بايرىمىنىڭ ھارپىسى بولۇپ، ھاۋا تولىمۇ سوغۇق ئىدى. غۇر - غۇر سوقۇپ تۇرغان فېۋرال شامىلى يۈزلەرگە نەشتەردەك سانجىلاتتى. دەل شۇ كۈنى ئەخمەت تۆمۈر ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇقتۇرۇشتا 1989 - يىلى بېيجىڭدا مەملىكەت بويىچە ئۆسمۈرلەرنىڭ سىنئالغۇلۇق سەنئەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنىڭ گۈلزارنى ئېلىپ تېزدىن ئۈرۈمچىگە كېلىشى كېرەكلىكى ئۇقتۇرۇلغانىدى. ئەخمەت ئاكا ئۇقتۇرۇشنى تۇتقىنىچە بىر پەس تۇرۇپ قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىنى خۇشاللىق بىلەن ئەندىشە ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ بىر تۇيغۇ چۇلغىۋالغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ شۇنچە يىراق بىر ناھىيىدىكى كىچىككىنە بىر قىزنى ئۇنتۇپ قالماي، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەمدىلا توققۇز ياشقا كىرگەن قىزنىڭ كۈتكەن ئۈمىدىگە چۈشلۈق نەتىجىگە ئېرىشەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. دېمىسىمۇ بۇ ئادەتتىكى مۇسابىقىلەرگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭغا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە. شەھەرلەردىن يىغىلغان كۈچلۈك رىقابەتچىلەر قاتنىشاتتى. ئۇ قىزىنى سىناپ باقماقچى بولدى.

— قىزىم، بۇنداق چوڭ مۇسابىقىگە قاتنىشىشتىن قورقمامسىز؟

— سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا، ھەرگىز قورقمايمەن، دادا!

8 - فېۋرال. ئاقسۇ - ئۈرۈمچى . تاشيولىدا ئاپتوبۇس گويا يەر ئانا تەۋرەتكەن بۆشۈككە ئوخشاش يەڭگىل تەۋرەنگىنىچە مەنزىلگە قاراپ چاپماقتا. سەپەر ھاردۇقى يەتكەن يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى مۈگدەشكە، بەزىلىرى خىيال سۈرۈشكە باشلىغان ئىدى. ئاندا - ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاپتوبۇس ئىچىنى زېرىكىشلىك كەيپىيات قاپلىغانىدى. ئوتتۇرا رەتتىكى ئىككى كىشىلىك ئورۇندۇقتا ئەخمەت ئاكا قۇچىقىدىكى قىزىنىڭ يۇمران چېچىنى يۈزىگە تەگكۈزگىنىچە جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ چىرايىدا بىر خىل جىددىيلىك ۋە تەقە ززالىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

توساتتىن يۈرەكنى تىترىتىدىغان يېقىملىق ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاپتوبۇس ئىچىنى بىردىنلا ئىمتاسلىق قاپلىدى، يولۇچىلارنىڭ دىققىتى ناخشىغا مەركەزلەشكەنىدى. ئۇلار بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ، ناخشا چىقىۋاتقان تەرەپكە قاراشتى. بىراق گۈلزارنىڭ كىچىككىنە گەۋدىسىنى ئورۇندۇقلار توسۇۋالغانىدى. ناخشا تۈگەش بىلەن ئاپتوبۇس ئىچىنى قىزغىن ئالقىشساداسى قاپلىدى. يولۇچىلار ئۆزلىرىنىڭ زېرىكىشى ۋە ھاردۇقىنى بىر ناخشا بىلەنلا تۈگەتتۈەتكەن بۇ قىزغا تەشەككۈرى ۋە رازىمەنلىكىنى ئىپادىلەشتى. گۈلزار ئارقا - ئارقىدىن بىرقانچە ناخشا ئېيتتى، ئۇ خەنزۇچە ناخشا ئېيتقاندا، ئاپتوبۇستىكى خەنزۇ يولۇچىلار ھەيرانلىق ۋە زوقمەنلىك بىلەن قاراپ قېلىشتى. يولۇچىلار بۇ زېرىكىشلىك ئۇزۇن يولنى خۇددى ئويۇن زالىدا ئولتۇرغاندەك كۆڭۈللۈك ئاخىرلاشتۇردى،

مەنزىلگە يېتىپ بارغاندا ئۇلار ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان هالدا ئۇنىڭغا ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزهار قىلىشىپ خوشلاشتى. شۇ تاپتا گۈلزار سەپەرداشلىرىنىڭ مۇهەببەتلىك قەلبىدىن قانچىلىك ئورۇن ئالغانلىقىنى سەزدىمىكىن؟!

18 - فېۋرال، ئۈرۈمچى.

ئۇلارنىڭ ئۈرۈمچىگە يېتىپ كەلگىنىگە ئون كۈن بولۇپ قالدى. بۇ ئون كۈن جىددىي تەييارلىق ۋە جاپالىق مەشقلەر بىلەن ئون مىنۇتتەكلا تېز ئۆتۈپ كەتتى. 13 - چېسلا ناخشا تەقسىماتى ئېلان قىلىنىپ، شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسىنىڭ مۇزىكا تەھرىرى خەيرىنىسانىڭ گۈلزارنىڭ مۇزىكا يېتەكچىسى بولىدىغانلىقى بەلگىلەندى. ئۇزۇن مۇددەت سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ ئايال گۈلزارنى كۆرۈپلا سەل ئەنسىرەپ قالدى: بالا بەكلا كىچىك تۇرىدۇ، تەييارلىق مۇسابىقىسىگە پەقەت بەش كۈنلا ۋاقىت قالدى، بۇنداق قىسقا ۋاقىتتا ئۆگەتكەنلىرىمنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تەلەپكە لايىق ئورۇندىيالارمۇ؟ خەيرىنىسا ئاچىنىڭ ئەندىشىسى ئورۇنسىز ئەمەس ئىدى. گۈلزار ناخشىنى هەرقانچە ياخشى ئېيتقان بىلەن مۇسابىقىدە ئورۇندايدىغىنى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي يات بولغان يېڭى ناخشىلار ئىدى. ئەقىللىق گۈلزار بىر قاراپلا خەيرىنىسا ئاچىنىڭ ئۆزىگە گۇمان بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سېزىۋالدى.

— خەيرىنىسا ئاچا، ئالدى بىلەن ناخشىلارنىڭ تېكىستىنى ئېيتىپ بەرسىلە، يېزىۋالاي، — دېدى ئۇ دادىللىق بىلەن تەلەپ قىلىپ.

شۇنىڭ بىلەن مەشق باشلاندى. ئەمەلىيەت خەيرىنىسا ئاچىنىڭ ئەندىشىسىنى بىراقلا يوققا چىقىرىۋەتتى. گۈلزار ئۆزىنىڭ سەنئەتتىكى تالانتى ۋە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن ئۇنى قايىل قىلىۋەتكەنىدى. خەيرىنىسا ئاچا ئادەمنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرىدىغان بۇ ئەقىللىق، ئوماق قىزنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرۈپ قالدى. بەش كۈن هەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كەتتى. بۇ جەرياندا ئۇلارنىڭ قانچىلىك ئەجىر ۋە ماڭلاي تەرلىرىنى سەرپ قىلغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئۆزى ئىسپاتلىسۇن!

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئاپتونوم رايونلۇق ئوپېرا ئۆمىكىنىڭ رېپېتىس زالى سۈرلۈك تۈسكە كىرگەنىدى. بۇ يەرگە ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، رادىئو - تېلېۋىزىيە نازارىتى، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتى، باللار خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى ۋە ئۈرۈمچى شەهەرلىك ئۆسمۈرلەر سارىيىدىن ئىبارەت بەش ئورۇننىڭ رەهبەرلىرى هەم مۇتەخەسسىسلەر يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار بۇ قېتىم شىنجاڭدىن مەملىكەتلىك كۆرەككە قاتنىشىدىغان ئۆسمۈر سەنئەتچىلەرنى كۆزدىن كۆچۈرۈش هەم تاللاپ بېكىتىش ئۈچۈن كەلگەنىدى. بۇ، مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىش ياكى قاتناشالماسلىقنى بەلگىلەيدىغان هەل قىلغۇچ پەيت بولۇپ، ئۇسسۇل، مۇزىكا، ناخشىدىن ئىبارەت ئۈچ تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلاتتى.

مۇسابىقە باشلاندى. قانچىلىگەن تەقەززالىق كۆزلەر سەهنىگە تىكىلگەنىدى. ئۇسسۇل، مۇزىكا تۈرلىرى تۈگىگەندىن كېيىن، ناخشا گۇرۇپپىسى بويىچە نۆۋەت ئالدى بىلەن گۈلزارغا كەلدى. ئۇ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ناخشا ئېيتىدىغان بەش ئۆسمۈر ئىچىدە

www.uyghurkitap.com



يېشى ئەڭ كىچىك ناخشىچى ئىدى. سەھنىنى يەنە بىر قېتىم جىمجىتلىق قاپلىدى. ھاياجانلانغان، تەقەززا بولغان ئەخمەت ئاكا قىزىنىڭ كىيىمىنى تۇتقىنىچە سەھنىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. شۇ تاپتا ئۇ قىلنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقاندەك، بىر پەستىن كېيىن ھايات ـ ماماتلىق تەقدىرى بەلگىلىنىدىغاندەك جىددىي كەيپىياتتا ئىدى.

پەردە ئېچىلدى، سەھنىدە گۈلزار پەيدا بولدى، ئۇ ئالا ـ يېشىل چىراغلارنىڭ نۇرىدا ئولتۇرغانلارنىڭ كۆزىگە خۇددى چىمەنلىكتە چاقناپ تۇرغان كىچىككىنە قىزىل گۈل غۇنچىسىدەك كۆرۈنەتتى. دەل شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەن پېشكەللىك يۈز بەردى: توكتىن چاتاق چىقىپ، تەڭكەش قىلغۇچىنىڭ مۇزىكا ئاۋازى سەھنىگە ئاڭلانماي قالدى. بىراق گۈلزار ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان تەمكىنلىك ۋە دادىللىق بىلەن مىكروفوننىڭ تۇتقۇچىنى سۇغۇرۇپ ئالدى. ئۇنىڭ يېقىملىق، ھېسسىياتقا باي شوخ ناخشىسى سەھنىدە ياڭراشقا باشلىدى:

ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ
سانلىرىنىڭ چېكى يوق.
ئاداش بولاي دېسەممەن،
كۆز قىسىدۇ، گېپى يوق.

ئېيتىڭلارچۇ يۇلتۇزلار
مەن دوستلۇققا يارامدىم.
ھەممىڭلارنىڭ قېشىغا
مېھمان بولۇپ بارامدىم.

سەھنىدە ھېسسىيات بىلەن ھەرىكەتنى بىرلەشتۈرۈپ ئوبراز يارىتىش ھەممىلا ناخشىچىنىڭ قولىدىن كېلىۋېرىدىغان ئاسان ئىش ئەمەس. ئاۋازى خېلى ياخشى ناخشىچىلارمۇ دەل مۇشۇ نۇقتىدىن كەتكۈزۈپ قويۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشەلمەي قالىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ. بىراق توققۇز ياشلىق گۈلزار بۇ تەلەپنى شۇنداق ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىدىكى، ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى ۋە چىرايىدىكى ئىپادىسى ئېيتىۋاتقان ناخشىنىڭ تېكىستى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتتى. باھالىغۇچىلار سەھنىدە گويا ئاسماندىكى سانسىزلىغان يۇلتۇزلارنى قىزىقىش ۋە ھەۋەس بىلەن ساناۋاتقان ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن ئۆز تىلىدا نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىشىۋاتقان خىيالچان بىر سەبىي بالىنىڭ يارقىن ئوبرازىنى كۆردى. ئۇ بەشىنچى ناخشىنى ئېيتىپ بولار ـ بولماي، زال ئىچىنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى. دەل شۇ چاغدا ھاياجىنىنى باسالماي قالغان ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت سارىيىنىڭ باشلىقى سەھنىگە چىقىپ، گۈلزارنى دەس كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ پېشانىسىگە مېھرى بىلەن سۆيدى ھەم «كىچىك پاشا، كۇچا بۇلبۇلى» دەپ ئۇنى ماختاپ كەتتى. سەھنىنى يەنە بىر قېتىم قىزغىن ئالقىش ساداسى قاپلىدى. تاللاش مۇسابىقىسى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، مەيداننىڭ ئۆزىدىلا ئۇنىڭغا مەملىكەتلىك كۆرەكتە ئىككى ناخشا ئېيتىش تاپشۇرۇلدى. ئەسلىدە بەلگىلىمە بويىچە بىر ناخشا ئېيتىسىمۇ بولاتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، سىز گۈلزارنىڭ ئېيتىشىمۇ زور ماھارەت ۋە رىقابەت روھىنى تەلەپ قىلىدىغان مەملىكەتلىك مۇسابىقىدە قانداق نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتىڭىز. بۇ جەرياندىكى ھالال تەر، كۆز يېشى ۋە ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەرنى تەسەۋۋۇر كۆزىڭىزگە قالدۇردۇق. ئىشىنىمەنكى، توققۇز يىللىق مۇساپىنىڭ بىرىنچى قەدىمى سىزنى چوقۇم قىزىقتۇرىدۇ.

## سەنئەتكارلار ئائىلىسى

كۆز يېشى — ئىنسان روھىدىكى پاكلىق، ئالىيجانابلىقنىڭ جىلۋىسى، قاشتېشىدەك سۈزۈك قەلبلەردىن مۇھەببەتلىك تۇيغۇلار ھارارىتىدە چاقنىغان شەبنەم، ھەربىر تامچە ياشقا خۇشاللىق بىلەن ئازاب يوشۇرۇنغان. مەن ئۇنىڭ كۆزىدىن ئەنە شۇنداق مەنىلەر ئۇچقۇنى چاقناپ تۇرغان ياش تامچىلىرىنى كۆردۈم.

ئەخمەت ئاكىنىڭ دادىسى 40 - يىللاردا ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىنىنى پۈتتۈرۈپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلىغان پېشقەدەم مۇئاررىپچى ئىدى. بۇ مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئۆز پەرزەنتلىرىنى قانداق تەربىيىلەش مەسىلىسىگە ئەزەلدىن سەل قارىغان ئەمەس ئىدى. بىراق 60 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا كۆتۈرۈلگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت تەتۈر قويۇن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان جۇڭگو زىيالىيلىرىغا ئوخشاش ئۇنىڭ بېشىغىمۇ ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدى.

1969 - يىلى ئۇنىڭ دادىسى دەھشەتلىك زەربىلەر ۋە زىيانكەشلىك تۈپەيلىدىن ئېچىنىشلىق ھالدا ئۆلۈپ كەتتى.

ئەخمەت تۆمۈر ئەگرى - توقاي ھايات يولىدا ھارماي ماڭدى، بۇ يول ئۇنى سەھنىگە چىقاردى.

1979 - يىلى ئۇ خەلق سازەندىسى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ماھىر راۋابچىنىڭ قىزى دىلەيسەم بىلەن توي قىلدى. سەنئەت ئۇچۇن سوقۇپ تۇرغان بۇ بىر جۈپ يۈرەكنىڭ قوشۇلۇشى يېڭى ھايات مۇساپىسىدىن، يېڭى ئۈمىدتىن دېرەك بېرەتتى. كېيىنكى يىلى ئۇلارنىڭ تۇنجى پەرزەنتى گۈلزار دۇنياغا كەلدى. ياخشى كۈنلەرنىڭ كېلىشىگە ئەگىشىپ قىزنىڭ دۇنياغا كېلىشى بۇ ياش ئاتا - ئانىنى چەكسىز خۇشال قىلدى. گۈلزار دۇنياغا كۆز ئېچىپلا ئاپىسىنىڭ يېقىملىق ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلىدى. ئۇ مەيلى ئۆيدە ياكى ئۆمەكنىڭ رېپېتىس زالىدا بولسۇن، خىلمۇخىل ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى ۋە سەنئەت توغرىسىدىكى تۈگىمەس مۇنازىرىلەر ئارىسىدا چوڭ بولدى. بۇ خىل مۇھىت ئۇنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىلىرىگىچە سىڭىپ، يۇمران قەلبىدە سەنئەتكە بولغان ئوتلۇق تۇيغۇلارنى يېتىلدۈردى، ئۇنىڭ ئەمدىلا چىقىشقا باشلىغان چۈچۈك تىللىرى بەئەينى مېغىز تۇتۇپ ئالا - سېرىق بولۇشقا باشلىغان كوچا كىشمىش ئۆرۈكنىڭ تاتلىقلىقىنى ئەسلەتسە، ئېيتىۋاتقان ناخشىغا قاراپ ئارانلا دەم - دەم تۇرۇپ قوللىرىنى ئۇسسۇلغا كەلتۈرۈشى كىشىنىڭ ئاجايىپ مەستلىكىنى كەلتۈرەتتى. ئۇنىڭ بالىلىقىدىكى ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى شۇ ئىدىكى، ئۇ ئاسانلىقچە يىغلىمايتتى. يات كىشىلەرنى كۆرگەندە ئۇنچىۋالا يېتىرقاپ كەتمەيتتى، تولىمۇ شوخ ھەم كۈلگۈنچەك ئىدى. ئۇ ئۈچ ياشقا كىرىپلا ناخشا ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا ھەربىر ناخشىنى ئۆگەتكەندە بۇ ئەقىللىق قىز بىرنەچچە قېتىمدىلا ناخشىنى تولۇق تۇتۇۋالاتتى.

1983 - يىلى ئەخمەت ئاكا ۋە ئايالى دىلەيسەم تەڭرى تاغ كىنو ستۇدىيىسى تەرىپىدىن سۈرەتكە ئېلىنىۋاتقان «يۇرتقا مۇھەببەت» ناملىق كىنودا قوشۇمچە رول ئېلىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋاتاتتى، قارايدىغان باشقا ئادەم بولمىغانلىقتىن، ئۇلار ئۈچ ياشلىق قىزى گۈلزارنى بىللە ئېلىۋالغانىدى. گۈلزار رول ئېلىۋاتقان ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەرىكىتىنى دوراپ، ئۆگىنىۋالغان ناخشىلارنى ئېيتىپ ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئوماق ھەرىكەتلىرى، شوخ، يېقىملىق ناخشا ئاۋازى رېژىسسورنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ تۇنجى قېتىم كىنو ئېكرانىغا چىقىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان دېھقان قىزى گۈلنارنىڭ ئوبرازىنى جانلىق، تەسىرلىك يارىتىپ، رېژىسسورنىڭ ماختىشىغا ئېرىشتى. ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن بۇ ئۇيغۇر قىزىنىڭ ئېكراندىكى قىياپىتى — ئۇنىڭ ئاچلىقتىن نالە قىلىشلىرى، ئاخىر دادىسىنىڭ قۇچىقىدا دوختۇرخانىغا كېتىۋېتىپ جان ئۈزۈشى كىنو كۆرۈۋاتقان ھەربىر تاماشىبىنىغا «تۆت كىشلىك گۇرۇھ» نىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىكلىرىنى ئەسلىتىپ، كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. بۇ ھەقتە «ئاقسۇ گېزىتى»، «تىيانشان ئېكرانى» ئارقا - ئارقىدىن ماقالە ئېلان قىلىپ گۈلزارنى تونۇشتۇردى.

1984 - يىلى كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى ئىلى، قاراماي قاتارلىق شەھەر، ۋىلايەتلەرنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئويۇن قويدى. تۆت ياشلىق گۈلزار ئاشۇ قېتىم تۆت پەردە، ئىككى كۆرۈنۈشلۈك دراما «ئاقۋەت»تە خارلانغان يېزا ئائىلى زۆرەمنىڭ قىزى زۇلپىيە رولىنى ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتى، ھەربىر ناخشىسى، ھەربىر سۆزى تاماشىبىنلارنىڭ قەلبىدە زىلزىلە پەيدا قىلدى:

| | |
|---|---|
| ئاھ ئاپا، جېنىم ئاپا، | مەن يىغلايمەن ئاھ ئۇرۇپ، |
| كىم سېنى قىلدى خاپا. | دادامدىن كەلمىگەچ ۋاپا... |

ئۇنىڭ كىشى قەلبىنى تىترىتىدىغان بۇ تەسىرلىك ناخشىسى سانسىز كىشىلەرگە: ئىھ، ئاتا - ئانىلار، سىلەر ھاياتلا بولساڭلار بالىلىرىڭلارنى ماڭا ئوخشاش يېتىم قىلماڭلار، ئۇلارمۇ چوڭ بولۇپ، ۋەتەننىڭ ئىگىسىگە ئايلانسۇن، ئاتا - ئانىلىق مېھرىگە قانسۇن، دېگەن يۈرەك سۆزىنى خىتاب قىلدى.

1985 - يىلى 9 - ئايدا ئاپتونوم رايون قۇرۇلغانلىقىنىڭ 30 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇرۇمچىدە سەنئەت كۆرىكى ئۆتكۈزۈلدى. ئەمدىلا بەش ياشقا كىرگەن گۈلزار ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ بېكىتىشى بىلەن بۇ كۆرەككە قاتناشتى ھەمدە بىرلا ۋاقىتتا توققۇز ناخشا ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ئۇ شۇ قېتىم باھالىغۇچىلار تەرىپىدىن «ئالاھىدە مۇكاپات» قا ئېرىشتى.

1986 - يىلى كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يەنە جەنۇبىي شىنجاڭدا سەييارە ئويۇن قويۇش سەپىرىنى باشلىدى. بۇ قېتىممۇ گۈلزار ئۆمەككە قوشۇلۇپ، ئاقسۇ، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا 34 مەيدان ئويۇن قويۇشقا قاتنىشىپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ قەشقەر شەھەرلىك «ماي تىياتىرى»دا ئويۇن قويغاندا، كەيپىيات تېخىمۇ تەسىرلىك بولدى. تاماشىبىنلار كۆلۈپقا پاتماي قالغانىدى. گۈلزارنىڭ ناخشىسى تۈگەش بىلەن تەڭ تۆركىيەدىن ساياھەتكە كەلگەن ئالتە نەپەر دوست سەھنىگە چىقىپ گۈلزارغا بىر دەستە ئەتىر گۈل سوۋغا قىلدى. كۆلۈپتا ئۆزۈنى سوزۇلغان قى-

قاس-چۇقانلار ۋە ئالقىش ساداسى ياڭرىدى. ئۆمەكتىكى بارلىق ئارتىسلارمۇ تاماشىبىنلار قاتارىدا تەنتەنە قىلىشتى.

## دوستلۇق ئەلچىسى

ھەر بىر گۈل-گىياھدىن، ئۇچار قۇشلىرىدىن سەنئەت پۇراپ تۇرىدىغان كۇچا دىيارىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن گۈلزارنىڭ قويۇق مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە نەپىس ئۇسسۇلى ۋە يېقىملىق ناخشىسى بىلەن قانچىلىغان چەت ئەللىك دوستلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلارنى قالدۇرغانلىقىنى خېلى كۆپ كىشىلەر بىلمىسە كېرەك.

1987-يىلى 6-ئايدا كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى يۇقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن چەت ئەللىك مېھمانلارغا ئويۇن قويۇپ بەردى. گۈلزارمۇ بۇ پائالىيەتكە قاتنىشىپ، چەت ئەللىك دوستلارنى ھەيران قالدۇردى. ئىتالىيىدىن كەلگەن سەنئەت مۇتەخەسسىسلىرى گۈلزارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن «بۇ قىزدا تالانت بار، يېتەرلىك تەربىيىلەنسە سەنئەتتىكى ئىستىقبالىدىن ئۈمىد چوڭ» دەپ باھا بەردى ھەمدە ئۆزلىرى ئاڭلاش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن بىتخوۋىنىنىڭ يۈرۈشلەشكەن مۇزىكا لېنتىلىرىنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. ياپونىيىنىڭ نارا شەھىرىدىن كەلگەن ئايال يازغۇچى شى لۇمۇ چيەنفېزى خانىم ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان قەلىمىنى ئۇنىڭغا يادىكار قىلدى.

1988-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنى ياپونىيىلىك ساياھەتچى بېيسۇن يېڭزى خانىم يەتتە ياشلاردىكى قىزى بىلەن كۇچاغا كەلدى. شۇ كۈنى كەچتە ئۇلار 30 غا يېقىن چەت ئەللىك دوست بىلەن بىر قاتاردا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆردى. بۇ سورۇندىمۇ گۈلزار شوخ ئۇسسۇلى ۋە يېقىملىق ناخشىسى بىلەن چەت ئەللىك دوستلارنى قاتتىق ھاياجانغا سالدى. ئويۇن ئوتتۇرىسىدا ئۇ سورۇننىڭ كەيپىياتىغا ماس ھالدا ھېلىقى ياپونىيىلىك قىزچاقنى ئەدەبلىك ئۇسسۇل ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇسسۇلغا تارتتى ھەمدە پائالىيەتنىڭ ئاخىرىدا بوينىدىكى مارجاننى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى.

شۇ يىلى 5-ئايدا يەنە ياپونىيىدىن كەلگەن مېيىپلار ساياھەت ئۆمىكى كۇچا ناھىيىسىنىڭ ياقا يېزىسىدىكى دالىغا چېدىر تىكىپ قىسقا مۇددەت دەم ئېلىۋاتاتتى. ناھىيىلىك پارتكوم ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنى ھال سوراش مۇناسىۋىتى بىلەن بۇ يېزىغا ئويۇن قويۇشقا ئەۋەتتى. بۇ چاغدا كىچىككىنە گۈلزارمۇ ئۆمەككە قوشۇلۇپ، ئۇلارغا ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچە ناخشىلارنى ئېيتىپ بەردى ھەمدە كۇچانىڭ يەرلىك ئۇسسۇلى بولغان كۇچا سەنىمىنى كۆركەم، نەپىس ھەرىكەتلىرى بىلەن ئورۇنداپ ئۇلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

كىم ئويلىغان دەيسىز؟ سەنئەت ۋە دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن گۈلزار يۈرەكلەرگە دوستلۇق ئۇرۇقىنى چاچقۇچى سۆيۈملۈك ئوبراز سۈپىتىدە چوڭقۇر ئورۇن ئالغانىدى.

1988-يىلى 8-ئايدا كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى ھەمدە ياپونىيە يىپەك يولى جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ياپونىيەنىڭ نارا شەھىرىگە ئۆيۈن قويۇش ئۈچۈن باردى. 6 - كۈنى ئۇلار ئىككىنچى قېتىملىق ئۆيۈننى ئاخىرلاشتۇرۇپ تۇرۇشىغا بىر جۈپ ئەر-ئايال بىر قىزچاقنى يېتىلىگىنىچە سەھنىگە چىقىپ كەلدى. بۇ دەل شۇ يىلى 4 - ئايدا كۇچاغا ساياھەتكە كەلگەن بىيىسۇن يىگىزى خانىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىدى. ئۇلار گۈلزارنىڭ ئاپىسى دىلەيىمەم بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، گۈلزارنىڭ كەلمىگەنلىكىدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى ھەمدە گۈلزارغا يازغان بىر پارچە خەت بىلەن ئۇنىڭغا ئاتاپ تىكىلگەن ياپونچە بىر قۇر كىيىم - كېچەكنى گۈلزارغا ئالغاچ كېتىشنى ئۆتۈندى. خەتتە مۇنۇلار يېزىلغان:

«قىزىم گۈلزار، ياخشى تۇردىڭىزمۇ؟ سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتكەنىدۇق، ياپون خەلقى سىزنىڭ كېلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلغانىدى. ئەپسۇسكى، كېلەلمەپسىز. سىز قىزىمغا سوۋغا قىلغان ھېلىقى مارجان ئائىلىمىزنىڭ قىممەتلىك تەۋەررۈكى بولۇپ قالدى. كەلگۈسىدە ئىمكانىيەت يار بەرسە توكيوغا چوقۇم كېلىڭ. مەن سىزنى قىزىمدەك كۆرۈپ، بۇ كىيىم - كېچەكلەرنى ئۆزقولۇم بىلەن تىكىپ ئەۋەتتىم، قوبۇل قىلغايسىز.»

ياپونىيىلىك بۇ ئاقكۆڭۈل ئانا يولدىشى ۋە قىزىنى ئېلىپ توكيودىن 800 كىلومېتىر يول بېسىپ نارا غا كەلگەنىدى.

شۇ مەزگىللەردە يەنە شەھەرلىك كۆرگەزمىخانىنىڭ كۇچا بۆلۈمىدە قەدىمكى كۇسەن مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە قىزىققان يازغۇچى شى لۇمۇ چيەنفېزى خانىم بارلىق ئارتىسلارغا خاتىرە بۇيۇمى تەقدىم قىلدى. گۈلزارغىمۇ يىپەك رەختتىن تىكىلگەن ياپونچە ئېسىل كىيىم - كېچەك، سومكا، ئەينەك قاتارلىقلارنى تەقدىم قىلدى ھەمدە كۇچا ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە يېزىلغان بىر پارچە خەتنى تاپشۇردى. خەتكە تۇتاشتۇرۇلغان ئىككى يۈرەكنىڭ رەسىمى سىزىلغان بولۇپ، بىرسىگە نارا، يەنە بىرسىگە كۇچا دەپ يېزىلغانىدى. خەتتە: «سىلەرنىڭ گۈلزاردەك كىچىك تالانت ئىگىسىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكىڭلارغا چىن قەلبىمىزدىن ئاپىرىن ئوقۇيمىز. كىچىك ناخشىچى گۈلزار نارا بىلەن كۇچانىڭ دوستلۇق قەلبىنى تۇتاشتۇرغۇچى ئەلچى بولۇپ قالدى...» دېيىلگەن.

ئۆمەك ئۆيۈننى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتقان چاغدا، نۇرغۇنلىغان ياپونىيىلىك دوستلار يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي، كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆككەن ھالدا ئۇلارنى ئۇزاتقىلى چىقتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۇچاغا ساياھەتكە كەلگەن ھېلىقى مېيىپ دوستلارمۇ بار ئىدى.

## سەمىمي قەلب، ئوتلۇق تىلەكلەر

گۈلمۇ يوپۇرماقلىرى بىلەن گۈزەل. دۇنيادا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ يەككە - يېگانە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان ھېچقانداق شەيئى يوق. مەيلى ئالىم، ئەدىب، سەنئەتكارلار بولسۇن، ئۇلار پەقەت ئۆز خەلقى بىلەن شان - شەرەپكە ۋە ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە بولالىغان. مەن گۈلزارنىڭ ئائىلىسى ۋە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش ئارقىلىق بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىم. تۆۋەندىكى خاتىرىلەر

سۆھبەت جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەھۋاللارنىڭ بىر قىسمى.

1 - خاتىرە. 1984 - يىلى كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى شىمالىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە، غۇلجىنىڭ سۆيدۈك ناھىيىسىگە چۈشۈپ، قىسقا مۇددەت ئويۇن قويدى ھەممە بۇ يەردىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. بۇ جەريانىدىكى گۈلزارغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇنداق بىر ئىشتىن ئۇلارنىڭ ئوتلۇق تىلەكلەر بىلەن تولغان سەمىمىي قەلبىنى كۆرۈۋالماق تەس ئەمەس.

ئەتىسى چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولۇپلا ياتاققا قايتىپ كىرگەن گۈلزار ۋە ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى ياستۇق ئۈستىدە تۇرغان بىر پارچە خەت بىلەن چىرايلىق قاتلاپ قويۇلغان كۆڭلەكنى كۆردى. ئەسلىدە بۇ نەرسىلەرنى ئالدىنقى كۈنى گۈلزارنىڭ سەھنىدىكى ماھارىتىنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەن بىر ئايال قالدۇرۇپ كەتكەنىدى. خەتكە مۇنۇلار يېزىلغانىدى:

«سۆيۈملۈك قىزىم گۈلزار، سىزنىڭ ۋە ئانىڭىزنىڭ درامىدىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشىڭلار مېنىڭ ئېسىمدىنمۇ ئۆتكەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، كېچىدىن بېرى يىغلاپ چىقتىم ھەممە ئاددىي بولسىمۇ بۇ كۆڭلەكنى سىزگە ئاتاپ تىكتىم. سىزنىڭ مۇشۇ كۆڭلەكنى كىيىپ مېنىڭ، جۈملىدىن سۆيدۈك خەلقىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۈگۈن ئاخشامقى ئويۇندا بىرنەچچە ناخشا ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.»

شۇ كۈنى كەچ رەسمىي ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن گۈلزار ھېلىقى ئايال سوۋغا قىلغان كۆڭلەكنى كىيىپ، بار ئىشتىياقى بىلەن ناخشا ئېيتىپ بەردى. تۇساتتىن گۈلزارنىڭ ئاۋازى توختاپ قالدى. پەستە بولسا قىقاس، سۈرەنلەر ئەۋجىگە چىقتى. ئەسلىدە ھېلىقى ئايال بىر قولىدا ئۆزىنىڭ قىزىنى كۆتەرگىنىچە سەھنىگە چىقىپ يەنە بىر قولىغا گۈلزارنىمۇ ئېلىۋالغانىكەن. ئۇ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياش تۆككەن ھالدا تاماشىبىنلارغا قاراپ مۇنداق دېدى: كۆرۈڭلار، مانا بۇ ئۇيغۇر قىزى بىزنىڭ ھازىرقى، شۇنداقلا كەلگۈسىدىكى ناخشىچىمىز.

تاماشىبىنلار ئالقىش ياڭراتتى، گۈلزارغا بەس-بەس بىلەن قوللىرىنى سوزۇشتى. ئەتىسىدىن باشلاپ گۈلزارنىڭ ناخشىسى ئاشخانا ۋە دۇكانلاردىكى ئۈنئالغۇلاردىن ياڭراشقا باشلىدى. ئەخمەت ئاكا ۋە دىلەيسەم ئاچا ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ كوچا ئايلانغاندا، كىشىلەر ئۇلارنى ئورىۋېلىپ ئەھۋال سورىدى، ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى ھەممە ياخشى تىلەكلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.

2 - خاتىرە. 1989 - يىلى، فېۋرالنىڭ ئاخىرلىرى. بۇ گۈلزارنىڭ ئۈرۈمچىدە مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە تەييارلىق قىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئۇنىڭ كۈنلىرى ناخشا ئېيتىشنى مەشق قىلىش ھەم قېپ قالغان دەرسلىرىنى تەكرارلاش بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى. دەل شۇ كۈنلەردە كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى قاراماي خەلقىدىن ھال سوراش يۈزىسىدىن ئويۇن قويۇشقا مېڭىپ، ئۈرۈمچىدە گۈلزار بىلەن ئۇچراشتى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى لى توگدىنىڭ تەكلىپى، مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن گۈلزار دادىسىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئۆمەككە قوشۇلۇپ قارامايغا يۈرۈپ كەتتى. بىرىنچى مەيداندىكى ئو-

www.uyghurkitap.com

يۈزىدىلا گۈلزار بىرلاۋاقىتتا ئالتە ناخشا ئېيتىپ قاراماي خەلقىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. ھەر خىل تەلەپلەر، تەشەككۈر بىلەن تولغان باغاقچىلار سەھنىگە قاردەك يېغىشقا باشلىدى.

ئويۇن ئارىلىقىدا گۈلزار بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئەھۋالىلىشىش ئارزۇسى بىلەن دەم ئېلىش ئۆيىگە كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. تەكتۈشلىرى ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان ھەر خىل بۇيۇملارنى سوۋغا قىلسا، چوڭلار ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ، ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى. ئويۇن ئاخىرىدا قاراماي شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ھاياجانلانغان قاراماي خەلقىنىڭ كۆڭلىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن گۈلزارنى مىڭ يۈەن پۇل بىلەن مۇكاپاتلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خەۋەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، نېفىت مىنىستىرلىكىدىكى بىر رەھبىرىي يولداشنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ بۇ ئىشقا قىزىقىپ، كېيىنكى مەزگىلدە جەنۇبىي شىنجاڭغا قىلغان سەپىرىدە كۇچاغا چۈشۈپ، گۈلزارنى يوقلىدى ھەمدە ئۇنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەندىن كېيىن، رازىمەنلىكىنى ۋە ياخشى تىلەكلىرىنى بىلدۈرۈپ خوشلاشتى.

3 ـ خاتىرە. گۈلزارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي يولداشلارنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ھەم قوللىشىدىن ئايرىلغان ئەمەس. مەملىكەتلىك مۇسابىقىگە قاتنىشىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى مەھەممەت زۇنۇن گۈلزارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ تۇردى ھەمدە ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن ياخشى شارائىت يارىتىپ بېرىش ھەققىدە يوليورۇق بەردى. مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىكى مۇتەخەسسىسلەردىن خۇاڭ دېجۇڭ خانىم ۋە خەيرىنىسا ئاچىلارمۇ گۈلزارنىڭ بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە ئورۇندايدىغان ناخشىلارنى ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشىغا ئاز بولمىغان ئەجىر سىڭدۈردى.

1988 ـ يىلى گۈلزار ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان 16 شەھەر ئۆسمۈرلىرىنىڭ سەنئەت مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن تاللاندى. بىراق ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ياپونىيىگە زىيارەتكە چىقىشنىڭ جىددىي تەييارلىقىدا بولغاچقا، قىزىغا قاراشقا ۋاقتى يەتمەيتتى. بۇ چاغدا ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسىنىڭ باشلىقى يولداش لى جۈەن بۇ ئىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، بالىنىڭ بىخەتەرلىكى، سالامەتلىكى ۋە تۇرمۇشىغا ئۆزى بىۋاسىتە مەسئۇل بولدى ھەمدە ئۇچ ئايغىچە ئۇنىڭغا قارايدىغان ۋە كەسپىي جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىدىغان مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ گۈلزارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى خاتىرجەم قىلدى. شۇ قېتىمقى كۆرەكتە ئۇ ئاپتونوم رايون بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك ئورۇنىدىغۇچى مۇكاپاتىغا ئېرىشتى ھەمدە 120 دۆلەتنىڭ ئەلچىخانا خادىملىرىغا ئويۇن قويۇشقا تاللىنىپ، ئۇلارنىڭمۇ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

كۇچا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكى گۈلزارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان بىر ئالتۇن بۆشۈك. مەن بۇ ئورۇندىكى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن بۇ ھەقتە سۆھبەتلىشىشكە مۇۋەپپەق بولدۇم. ئۆمەك باشلىقى ئەخمەت ئابدۇللا گۈلزار ھەققىدىكى تەسىراتلىرى ئۈستىدە توختىلىپ مۇلۇلارلى سۆزلەپ بەردى: گۈلزارنى ئۇچ يېشىدىن باشلاپلا ئۆمىكىمىزنىڭ ئىشتىن سىرتقى ئارتىسى بولۇپ قالدى، دېسەك لاپ ئۇرغانلىق

بولمايدۇ. 1984-يىلى ئۇ «ئاقىۋەت» دېگەن درامىدا رول ئالغاندىن تارتىپ، ھازىرغىچىلىك بولغان ھەر قېتىملىق سەييارە ئويۇن قويۇشقا تولۇق قاتناشتى. بۇ كىچىككىنە قىزنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇ مۇزىكا ۋە ئۇدار سېزىمى جەھەتتە پەۋقۇلئاددە تالانتقا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، نەپەس ۋە ئاۋاز پەردىسىنى ئىشلىتىپ ھېسسىياتنى ئىپادىلەشتىمۇ ئۆزگىچە ماھارەتكە ئىگە. ئەڭ مۇھىمى ئۇنىڭدا رىقابەت تۇيغۇسى تولىمۇ كۈچلۈك. ئۆزىدىن چوڭ ناخشىچىلار بىلەن بەسلىشىشكە جۈرئەت قىلالايدۇ. بۇ خاراكتېر بەلكىم ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنالىشىغا تۈرتكە بولغان ئىچكى ئامىل بولسا كېرەك.

توغرا، بىزنىڭ ئەنە شۇنداق سەنئەتخۇمار خەلقىمىز ھەم سەنئەتكە كۆڭۈل بۆلىدىغان سۆيۈملۈك رەھبەرلىرىمىز بولغاچقىلا، بىزنىڭ سەنئەتكارلىرىمىز ۋە سەنئەت ئىشلىرىمىز پارلاق ئىستىقبالغا ئىگە بولالىغان.

## كۆڭۈلدىكى پاراڭلار

گۈلزارنىڭ دادىسى ئەخمەت ئاكا 30 ياشلاردىن ھالقىغان خۇش چاقچاق ئادەم. ئۇ 80-يىللاردىن ھازىرغىچىلىك 50 پارچىدىن ئارتۇق ھەرخىل لەپەر، ناخشا تېكىستى، ئالتە پارچە سەھنە ئەسىرى يېزىپ، ۋىلايەت دائىرىسىدە كۆپ قېتىم ئىجادىيەت مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. بۇ ئادەم يېقىنقى مەزگىلدىن بۇيان تولىمۇ خىيالچان بولۇپ قاپتۇ. بولۇپمۇ ياپونىيىگە چىقىپ كىرگەندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئويلايدىغان، مەسىلىلەرگە باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قاپتۇ. سۆھبەت ۋە پاراڭلار جەريانىدا ئۇنىڭ ئائىلە، پەرزەنت ۋە سەنئەت ھەققىدىكى بەزى قاراشلىرىنىڭ خېلىلا قىممىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. بۇ جەھەتتە ئۇ ئۆز تەسىراتىنى سۆزلەپ مۇنداق دېدى: ئادەم ئۈچۈن يۇرت كېزىش، دۇنيانى چۈشىنىش تولىمۇ مۇھىم ئىكەن، گەرچە ياپونىيىدە تۇرغان ۋاقتىمىز ناھايىتى قىسقا بولغان بولسىمۇ، سەنئەت ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە نۇرغۇن يېڭى ئۇچۇرلارغا ۋە يېڭى قاراشلارغا ئىگە بولدۇق. خۇسۇسەن مېنى ئۆزىگە ئەڭ جەلپ قىلغىنى ياپونىيىنىڭ تەرەققىي قىلغان پەن-تېخنىكىسى ۋە مەدەنىيىتى بولماستىن، بەلكى مۇشۇ خىل ھالەتنىڭ شەكىللىنىشىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەش مەسىلىسى بولدى. ياپونىيىدىكى ھەربىر ئاتا-ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ ئىستىقبالىنى پۈتۈن مىللەت ۋە ۋەتەننىڭ تەقدىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىغان، شۇڭا ئۇلاردا ئۆز ۋەتىنىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى جېنىدىن ئەزىز كۆرىدىغان قىممەتلىك روھىي ھالەت شەكىللەنگەن. مېنىڭچە بۇ بىزنىڭ چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىشىمىزغا ۋە ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ھۆججەيرىسى ھېسابلىنىدىغان ئائىلىنىڭ پەرزەنتلەرگە كۆرسىتىدىغان ھەل قىلغۇچ تەسىرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۆزىگە بۇ جەھەتتە قانداق تەلەپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ئىككى بالىسىنى قانداق قىلىپ كەلگۈسىدە جەمئىيەتكە تۆھپە قوشالايدىغان ياراملىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ بۇ ئىشقا تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت ئاجرىتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ كەسپىي جەھەتتىكى ئىستىقبالىدىن بەزى قۇربانلارنى بېرىپتۇ. قىزىغا بېرىلگەن مىڭ يۈەن مۇكاپات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پۇلنى بانكىغا بەش يىللىق ئامانەتكە قويۇپ، گۈلىزارنىڭ كېيىنكى تەربىيىلىنىشىگە سەرپ قىلماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ يەنە ياپونىيىدە كۆرگەن بەزى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: 1980 - يىلى ياپونىيە يىپەك يولى جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىرى كۇچاغا كېلىپ، ئاتاقلىق خەلق سەنئەتچىسى نىساخان ئاچا، تۇردى ئاكا قاتارلىقلارنىڭ ئويۇنىنى كۆرگەنىكەن. ئارىدىن توققۇز يىل ئۆتۈپ ياپونىيىگە بارغان چېغىمىزدا، شۇ قېتىمقى پائالىيەتنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى سىنىئالغۇدىن كۆردۇق. مەن بۇنىڭدىن تولىمۇ خىجىللىق ھېس قىلدىم. شۇنچە يىراق مەملىكەتتىكى يات بىر مىللەت بىزنىڭ سەنئىتىمىزگە شۇنداق كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان يەردە، ئۆزىمىز قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلالمىغانلىقىمىزدىن ئەپسۇسلاندىم. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ سەنئەتكارلىرىمىز ئاللىقاچان ئارىمىزدىن كېتىپ قالدى. بىراق ئۇلار قالدۇرغان سەنئەت مىراسلىرىنى توپلاش ھەم تەتقىق قىلىش يەنىلا كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتىدۇ. ئىمكانىيەت بولسا ئۇلارغا قەبرە تېشى ئورنىتىپ، مۇۋاپىق پەيتلەردە خاتىرىلەش پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ خەلق، سەنئەتكارلىرىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى نامايان قىلساق نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە؟

## خاتىمە

زىيارىتىم ئاخىرلىشىپ قالغانىدى. قەلبىم ئۈمىد بىلەن ھاياجان، تىت - تىتلىق بىلەن تەقەززالىق ئارىلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ تۇيغۇلار ئەۋجىدە دولقۇنلايتتى. كۆز ئالدىمدىن پۈتۈن ھاياتىنى مىللەتنىڭ سەنئەت ئىشلىرىغا بېغىشلاشقا بەل باغلىغان ھەم بۇ يولدا تەر تۆكۈۋاتقان بىر ئائىلە كىشىلىرى كەتمەيتتى. ئۇلار 19 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان تار ھەم كونا ئۆيدە ياشىماقتا!

مەن شەرت - شارائىتى ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ياخشى بولغان نۇرغۇن ئائىلىلەرنى كۆرگەنىدىم. بۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ياشاشتىكى مۇددىئاسى ۋە باشقا كۆپ جەھەتلىرى پۈتۈنلەي باشقىچە ئىدى. مەن شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنىڭ نېمىگە تىت - تىت بولغانلىقىمنى بىلىۋالدىم. مەن ئۆز - ئۆزۈمگە شۇنداق سوئال قويدۇم: ئەگەر ھازىردىن باشلاپ ھەربىر ئاتا - ئانا ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ تەقدىرىگە ئەنە شۇنداق كۆڭۈل بۆلسە، ئون - يىگىرمە يىلدىن كېيىن جەمئىيەتتىكى ئادەملەرنىڭ سۈپىتىدە قانچىلىك زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلەر ئىدى - ھە؟

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

«ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى» غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

ئەنۋەر غوپۇر

# ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى

(ھېكايە)

ئەنۋەر غوپۇر 1970 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇۋاتىدۇ. «ئايالىمنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى» ناملىق بۇ ھېكايە ئۇنىڭ تۇنجى ئىجادىيەت مېۋىسى.

بىز ئۇنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ ئۆگىنىپ، مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تەھرىردىن

1

مەن يېگانە قالدىم. مېنىڭ نە ئانام، نە ئايالىم، نە پەرزەنتىم... بىرەرمۇ سۆيۈملۈك ئادىمىم قالمىدى. يالغۇز ياشاۋاتقىنىمغا مانا بۈگۈن توپتوغرا 15 كۈن بولدى. مەن بۇ كۈنلەرنى چۈش بىلەن رېئاللىق ئارىسىدا خىيالىي تۇيغۇلار ئىچىدە تەنھا ئۆتكۈزدۈم. مېنىڭ مۇشۇ كۈنلەر ئىچىدە چەككەن ئازابلىرىمغا پۈتكۈل ھاياتىمدا تارتقان دەردلىرىمۇ تەڭ كېلەلمەيدۇ!

خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكىمنى بىلمەيمەن. لېكىن خۇدا مېنى جازالىدى. جازالىغاندىمۇ قاتتىق جازالىدى. كۆيۈمچان ئانامنى، سۆيۈملۈك ئايالىمنى، ئوماق پەرزەنتىمنىمۇ ئارقا - ئارقىدىن ئېلىپ كەتتى!

خوتۇنۇم سەرۋەدەك قامەتلىك، بولۇتتەك يېيىلىپ تۇرىدىغان ساغۇچ چاچلىق، قويۇق ئۇزۇن كىرپىكلىك، شەھلا كۆزلۈك ئايال ئىدى. ئۇنىڭ جىلۋىلىك تەبەسسۇملىرىنىڭ، نازلىق ئەركىلەشلىرىنىڭ مەن ئۈچۈن نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئەمدىلا ھېس قىلىۋاتىمەن.

ئۇ بۈگۈندىن 15 كۈن ئىلگىرى يورۇق ئالەم بىلەن خوشلاشتى. ئۇ گۈزەل، ئەخلاقلىق ۋە تولىمۇ مېھرىبان ئايال ئىدى. ئەمما ئۇ كىچىكىدىلا يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغانىكەن. رەھمەتلىك ئانام ئۆلۈپ كېتىپ ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتۈپلا بۇ لەنىتى كېسەل ئايالىمنىمۇ مەندىن مەڭگۈلۈك ئايرىدى!

مەن ئانام بىلەن خوتۇنۇم لالەنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتىم، سۆيەتتىم. ئانام كېلىنى لالەنى بەكمۇ ياقتۇراتتى. ئۇ دائىملا لالە ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇنىڭ ئىشچانلىقى ۋە پاكىزلىقىنى ماختايتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ھەرگىز ئازار بەرمەسلىكىمنى تاپىلايتتى، مەنمۇ ئۇنى رەنجىتىشنى خالىمايتتىم. ئەپسۇسكى، ئايالىم ئۆلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سەكرات ئالدىدىكى چىرايى ھېلىمۇ ئېنىق ئېسىمدە.

ئۇ كۈنى دوختۇر مېنىڭ كېسەلخانا كارىدورىدا ساقلاپ تۇرۇشۇمنى ئېيتقانىدى. مەن كارىدوردىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردۇم. ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشساممۇ، ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئۇ هايات قالدۇ، دەپ ئويلايتتىم. مەن ئورۇندۇقتا قانچىلىك ئۇزۇن ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن. «قۇتقۇزۇشقا ئامال بولمىدى، كىرىپ ئاياللىڭىز بىلەن دىدارلىشىۋېلىڭ» دېگەن سۆز قۇلىقىمغا كىرىشى بىلەنلا گويا بىردىنلا بىنا ئۆرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. ئالدىمدا ئۇنىڭ قولىنى مۈرەمگە قويغان هالدا كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئالغان دوختۇر يەرگە قاراپ تۇراتتى. مەن دوختۇرنىڭ قولىنى قوپاللىق بىلەن سىلكىۋەتتىم - دە، كېسەلخانىغا بوراندەك ئېتىلىپ كىردىم. لالە كارىۋىتىدا ئاپئاق يوتقانغا پۈركىنىپ ياتاتتى. كۆزلىرى قورقۇنچلۇق ئالايغان بولۇپ، چىرايى خەسىدەك تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ سول قولى يۈرىكىنى كۈچسىز مۇجۇيتتى، تىنىقى يېتىشمەي، ئېچىنىشلىق ئىڭرايتتى. ئۇنىڭ كېسەللى ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا كېلىپ قالغانىدى.

مېنىڭ دوختۇرغا غەزىپىم كەلدى. بىرىنچىلا ئۇنىڭ ياقىسىنى سىقىماقچى بولدۇم. ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى بىرەر مىنۇت بۇرۇنراق كىرگۈزمەيدۇ؟ ئايالىمنىڭ چىرايىنى ئۇزۇنراق كۆرۈۋېلىشىمغا، كۆپرەك سۆزلەۋېلىشىمغا، تەسەللى بېرىشىمگە يول قويمايدۇ؟! ئەمما هازىر ئۇنداق قىلىشقا بولمايتتى. بىر دەقىقە ۋاقىتمۇ قىممەتلىك ئىدى. لالە بەكمۇ ئازابلىنىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىغا چىداپ تۇرالىمىدىم. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ كۆكسىنى مۇجۇۋاتقان ماغدۇرسىز قولىنى تۇتتۇم. تۇتتۇم - يۇ، چۆچۈپ كەتتىم. ئۇنىڭ قوللىرى گويا مۈردىنىڭ قوللىرىدەك سوغۇق ئىدى. شۇ مىنۇتتا تىلىمغا بىر ئېغىزمۇ سۆز كەلمىدى. قەلبىمدە ئاچچىق بىر يىغا ئىسيان كۆتۈرەتتى.

لالە ئۇنىڭ قولىنى كۆتۈرمەكچى بولغانىدى، لېكىن كۆتۈرەلمىدى. مەن ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم - دە، ئۇنىڭغا ياردەملەشتىم. ئۇ تولىمۇ قىينىلىپ مەڭزىمدىكى ياشلارنى سۈرتۈۋەتتى.

— ئەزىزىم...مېنى...مېنى كەچۈرگىن،— دېدى ئۇ ناهايىتى تەستە، — بۇنى ئون بەش كۈندىن كېيىن...ئوقۇپ...چىققىن. شۇندىلا...ھەممىنى...ھەممىنى چۈشىنىسەن.

ئۇ كۆكسىنى مۇجۇۋاتقان قولىنى مېنىڭ ياردىمىم بىلەن كۆتۈردى - دە، ياستۇقى ئاستىدىن بىر خاتىرە دەپتەرنى ئېلىپ ماڭا سۇندى. سۇندى - يۇ، چىدىغۇسىز ئازاب بىلەن ئىڭرىدى. مەن خاتىرىنى تونۇدۇم، بۇ ئۇنىڭ دائىملا مەندىن يوشۇرىدىغان كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرى ئىدى.

— مەن ... — دېدى ئۇ نۇرى ئۆچۈشكە باشلىغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ، — سېنى سۆيىمەن.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى شۇنچىلىك بوش ئېيتىلدىكى، بەلكىم ئۆزىمۇ ئاڭلىيالمىغان، ئاڭلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئاھ خۇدا! ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدىلا جان ئۈزگەنىدى!...

مېنىڭ كۆزلىرىم تامدىكى ئەينەككە تىكىلدى. ئەينەك يۈزىدە ئۈنسىز يىغلاۋات-

قان بىسر كىشى قاراپ تۇراتتى. ئۇ مەن ئىدىم. ھەيرانمەن، مېنىڭ ساقاللىرىم ئۆسۈپ، چىرايلىرىم جۇدەپ كەتكەندى. خۇددى ھاياتىدا كۆپ ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن كەچۈرگەن تەمبەل، لېكىن قېرى ئادەمگە ئوخشاپ قالغانىدىم. ئورۇقلاپ كەتكەنلىكىمدىن قاڭشىرىم تېخىمۇ ئېگىزلەپ، كۆزلىرىم ئارقىسىغا تارتىشىپ كەتكەندى. بۇ ئالامەتلەر مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن دەرد-ھەسرەتلەرنىڭ يالدامىسى ئىدى.

مېنىڭ خاتىرىلىرىم ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى. ئايالىم ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى 15 كۈن ئۆتۈپ كېتىپتۇ، ئەسلىدە ماڭا 15 يىل ئۆتكەندەك بىلىنگەنىدى. 15 كۈن نېمىدېگەن ئۇزۇن ۋاقىت-ھە!

توختا، ئۇ ماڭا بىر نەرسە بەرگەندەك، بىر نەرسە دېگەندەك قىلىۋىدىغۇ؟ ھىم، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى، خاتىرە دەپتەر، ھېلىقى كۈندىلىك خاتىرە دەپتەر.

مەن كىتاب ئىشكاپىمنى ئاختۇرۇپ ھېلىقى كۈندىلىك خاتىرە دەپتەرنى تاپتىم. نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنى قولۇمغا ئېلىشىم بىلەنلا يەنە قانداقتۇر بىر بەختسىزلىك يۈز بېرىدىغاندەك، يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ، پۈتۈن بەدىنىم تىترەپ كەتتى.

مەن كرېسلوغا ئولتۇردۇم-دە، تىترەپ تۇرغان بارماقلىرىم بىلەن دەپتەرنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدىم.

2

20-مارت، سەيشەنبە.

سۆيۈملۈكۈم زاھىر، سەن ئۇرۇمچىگە ئۈچ ئايلىق ئوقۇشقا كەتكەندىن كېيىن مېنىڭ كېسىلىم يەنە قوزغالدى. ئىدارىدىكى خىزمەتداشلىرىم مېنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. ئىككى كۈندىن كېيىن ھوشۇمغا كېلىپتىمەن. ھازىر دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقىنىمغا قانچە كۈن بولغانلىقىنى ئېنىق ئېسىمگە ئالالمايمەن. بىراق بۈگۈن خېلىلا ماغدۇرۇمغا كېلىپ قالغاندەك بولدۇم. مەن دوختۇرنىڭ بالنىستىن چىقىپ كېتىشىمگە رۇخسەت قىلىشىنى كۈتۈۋاتاتتىم. ئەتىگەن سائەت سەككىز بولغانىدى. دوختۇر كىرىپ كەلدى. ئۇ چاچلىرى ئاقارغان، كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك، مېھرىبانلىق ئالامەتلىرى چىقىپ تۇرىدىغان، كۆز ئەينىكىنى دائىملا ئېگىز بۇرنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرۈپ قويۇشقا ئادەتلەنگەن 50 ياشلار ئەتراپىدىكى سالاپەتلىك كىشى ئىدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ، كۆز ئەينىكىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ، قول ياغلىقىدا سۈرتۈۋېتىپ، — ئۆزىڭىزنى يەڭگىل سېزىۋاتامسىز؟

— ھەئە، ساقىيىپ كەتكەندەك تۇرىمەن، — دېدىم مەن، — چىقىپ كەتسەم بولامدۇ؟

دوختۇر ئاستا كېلىپ يېنىمدىكى كرېسلوغا ئولتۇردى. ئاندىن ماڭا بىر ھازا قاراپ كەتتى. چىرايى ئاۋۋالقىدەك سۈرلۈك، غەمكىنىدى. مېھرىبانلىق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ماڭا ئېيتىدىغان ئاللىقانداق مۇھىم گېپى باردەك، ئەمما دېيەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. كۆڭلۈمگە ئەندىشىلىك بىر خىل سېزىم سايە تاشلاپ ئۆتكەندەك بولدى.

— قاراڭ، — دېدى ئۇ غەلىتە بىر خىل ئاھاڭدا، — سىز ھايات قېلىشىنى خالامسىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەن ھەيران قالدىم، ئۇنىڭ گېپىنى
پەقەتلا ئاڭقىرالمىدىم.
— نېمە دېدىڭىز؟ — دېدىم مەن
قاتتىق چۆچۈپ، — كېسىلىم خەتەرلىكمۇ؟
ئۇچۇقراق ئېيتىڭا، نېمە ئىش بولدى؟
— مۇنداق ئىش، — دېدى ئۇ خىجىل
بولغاندەك ئېگىز بۇرنىنىڭ ئۇچىنى چىمدىپ
قويۇپ، — سىزنىڭ تۇغۇتىڭىزغا ئازلا ۋاقىت
قاپتۇ، — نېمە ئۈچۈنكى ئۇ بۇ قېتىم تولى-
مۇ ئەزمىلىك بىلەن سۆزلەۋاتاتتى، مەن
جىددىيلىشىپ كېتىۋاتاتتىم. بىراق ئۇ بۇنى
سەزمىگەندەك، گويا ھەربىر ئېغىز سۆزنى
ئېغىزىدا بىر ھازا چايناپ ئاندىن چىقىرى-
ۋاتقاندەك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىدى، —
ناۋادا دەل شۇ پەيتتە كېسىلىڭىز قوزغىلىپ
قالسا، ھاياتىڭىزنى قۇتقۇزۇپ قېلىش مۇم-
كىن بولماي قالىدۇ. شۇڭا، — ئۇ سۆزىنىڭ
ئاخىرىنى ئېيتماستىن كۆزلىرىمگە يەنە بىر
قېتىم تىكىلدى، ئېھتىمال ئۇ سۆزلىرىنىڭ
ماڭا كۆرسەتكەن تەسىرىنى بىلمەكچى
بولسا كېرەك، بىردەم جىم تۇرۇۋېلىپ يەنە
سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — شۇڭا سىز بالى-
ڭىزنى سۇنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋەتمىسىڭىز
بولمايدۇ.
— ياق! ياق! چىقىپ كېتىڭ، — مەن تەل-
ۋىلەرچە ۋارقىرىدىم، — كۆزۈمدىن يوقى-
لىڭ! بۇ مېنىڭ تۇنجى پەرزەنتىم، مەن بالامنى
كۆرۈشنى خالايمەن! — مەن ئەسەبىيلىشىپ،
چاچلىرىمنى يۇلۇپ ۋارقىراپ كەتتىم.
زاھىر، مۇبادا سەن مېنىڭ شۇ چاغ-
دىكى قىياپىتىمنى كۆرگەن بولساڭ، كېسەل-
خانىدىن قېچىپ چىقىپ كەتكەن بولارى-
دىڭ.
دوختۇر مېنىڭ كېسىلىمنىڭ قايتا
قوزغىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەن بولسا
كېرەك، مېنى كارۋاتقا چىڭ بېسىۋېلىپ،
سىرتقا قاراپ ۋارقىرىدى:
— سانىيە! ھاي سانىيە!
مەن ياق، ياق دېگىنىمچە بېشىمنى
توختىماستىن چايقايتتىم. كېسەلخانىغا بىر
سېستىرا قىز كىرىپ كەلدى.
— تېز بولۇڭ! — دېدى دوختۇر، —
تىنچلاندۇرۇش ئوكۇلى ئۇرۇڭ، بۇ ئوبدان-
راق ئارام ئالمىسا بولمايدۇ!
— ھەرگىز چۈشۈرۈۋەتمەيمەن، —
دەيتتىم مەن بوش ئاۋازدا، — بۇ زاھىرنىڭ
بالىسى، مېنىڭ بالام، ئۇ چوقۇم ئوغۇل
تۇغۇلىدۇ. مەن ئۇنى چۈشۈرۈۋەتمەيمەن...
مەن توختىماستىن سۆزلەيتتىم، ئەمما
سۆزلىرىمنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىيالمايتتىم. قاپاق-
لىرىم قوغۇشۇن قۇيغاندەك ئېغىر ئىدى.
كۆزۈمنى قانچە قىلىپمۇ ئاچالمىدىم، كېيىن
ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىۋاتقانلىقىمنى سەزدىم.
مەن كۆزۈمنى ئاچقىنىمدا كەچ سائەت
ئون بولغانىدى. كارىۋىتىمنىڭ لېۋىدە سېس-
تىرا قىز ماڭا قاراپ ئولتۇراتتى. بىر قا-
راشتىلا ئۇنىڭ ساددا، ئاقكۆڭۈللىكىنى
بىلىۋالغىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ماڭا تىكىلگەن
كۆزلىرىدىن ھېسسىداشلىق، سەمىمىيلىك
چىقىپ تۇراتتى.
— تاماق يەمسىز؟
مەن شۇندىلا قورسىقىمنىڭ ئاچقانلىقى-
نى سەزدىم.
— ئازراق بىر نەرسە يەي.
سانىيە سىرتقا چىقىپ كېتىپ بىر
ئازدىن كېيىن تاماق ئېلىپ كىردى.
— سىز ئېيتىپ بېقىڭا، — دېدىم مەن
تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن سانىيەگە
يېلىنغاندەك، — بالامنى چۈشۈرۈۋەتمىسەم زا-

دى بولماسمۇ؟

— مېنىڭ سىزگە بەكمۇ ئىچىم ئاغرىدۇ، — دېدى ئۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ، — دوختۇرلار سىزنىڭ كېسىلىڭىز ئۈستىدە ئىككى سائەت يىغىن ئېچىپ مۇزاكىرىلەشتى. كېسىلىڭىز يەنە بىر قېتىم قوزغالسا هاياتىڭىزغا خەۋپ يېتىدىكەن. ئۇلار تۇغۇتىڭىزدا كېسىلىڭىزنىڭ يەنە قوزغىلىشى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۇردى، شۇڭا بالىڭىزنى سۇنئىي ئۇسۇلدا چۈشۈرۈۋېتىپ، هاياتىڭىزنى ساقلاپ قېلىشىڭىز كېرەك ئىكەن.

— ئۆمۈر بويى پەرزەنتسىز ئۆتۈپ كېتەمدىم؟

مەن ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم.

— نېمە ئامال دەيسىز، — دېدى ئۇ قول ياغلىقىنى ماڭا سۇنۇپ تۇرۇپ، — بىرەر بالا بېقىۋالارسىز.

ئۇ ماڭا بىردەم تەسەللى بەرگەندىن كېيىن چىقىپ كەتتى.

كېسەلخانىدا يالغۇز قالدىم. تۆت ئەتراپىمدىكى ئاپئاق تاملارغا قارىغىنىمچە خىيالغا چۆمدۈم. ئاھ خۇدا! شۇنداق قىلىپ بالامنى ئالغۇزۇۋېتەمدىم؟ قانداق ئانا ئۆزىنىڭ هاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇماق پەرزەنتىنى هالاك قىلىدۇ؟ ياق! هېچ بىر ئانا ئۇنداق قىلمايدۇ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بالىسى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ ئانا! ئانىنىڭ قەلبى ئاسماندەك كەڭ، ئوپئوقتەك چەكسىز، ئۇنىڭ قەلبىگە ئانىلىق مېهرى، — مۇهەببەت بەئەينى قۇياش نۇرىدەك سىڭىپ كەتكەن. شۇنداق ئىكەن، مەنمۇ بالام ئۈچۈن قۇربان بېرەلمەمدىم؟ پەرزەنتىمنى بارلىقىم بىلەن قوغداپ قالالمامدىم؟

زاهىر، مېنىڭ شۇ چاغدا نېمىلەرنى ئويلىغىنىمنى بىلەمسەن؟ ئەلۋەتتە بىلمەيسەن! مەن تۇنجى پەرزەنتىمنىڭ چىرايىنى كۆرۈشنى، ئۇنى باغرىمغا بېسىشنى شۇنچىلىك خالىسامۇ، ئەمما هايات ياشاشنى تېخىمۇ ئارزۇ قىلاتتىم. قانداقتۇر بىر خىل ئىستەك مېنى ياشاشقا ئۈندەيتتى. سېنىڭ كۈچلۈك مۇهەببىتىڭ مېنى هاياتقا باغلاپ تۇراتتى، مەن ياشىشىم كېرەك.

زاهىر، ئىككىنچى قېتىم ئانامنى، سېنى ئويلىدىم. ئانام مېهرىبان، ئاقكۆڭۈل ئايال، ئۇ ماڭا ۋۇجۇدىدىكى بارلىق ئانىلىق مېهرى - مۇهەببىتىنى بېغىشلىدى. مېنى ئۆزىدەك ئۇلۇغ هىماتقا ئىگە قىلدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن پەرزەنتلىك بولۇش ئورۇندىماستىن ئۆلۈپ كەتسەم - هە! ناۋادا مەن ئۆلۈپ كەتسەم، بىر يىلدىن بېرى پالەچ بولۇپ يېتىپ قالغان ئاشۇ سۆيۈملۈك ئانامغا كىم قارايدۇ؟ ئۇنىڭ هالىدىن كىم خەۋەر ئالىدۇ؟ بەلكىم سەن باشقا ئايالغا ئۆيلىنەرسەن، ئەمما سەن ياخشى كۆرمەيدىغان ئۇ ئايال ئانامغا قانچىلىك كۆيۈنەر؟ ئۇنى رەنجىتمەسمۇ؟ خارلىماسمۇ؟ ياق! ياق! مەن هايات ياشىشىم كېرەك. ئۆزۈم ئۈچۈن، كېسەلچان ئانام ئۈچۈن بولسىمۇ ياشىشىم كېرەك. مېهرى - مۇهەببەتكە تولغان ئىللىق ئائىلىمىزدە بەختلىك ياشىشىم كېرەك. مەن ئۆلۈشنى خالىمايمەن. هەرگىز خالىمايمەن.

كېچىچە ئۇخلىماستىن ئەنە شۇنداق خىياللار ئىچىدە تاڭنى ئاتقۇزدۇم.

3

21 - مارت، چارشەنبە.

ئەتىگەن سائەت 8 دە دوختۇر كىرىپ كەلدى.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى ئۇ ئاۋاز-

قىدەكلا، — پىكرىمىزگە قوشۇلامسىز؟
مەن قوشۇلىمەن، دېگەن مەنىدە بېشىمنى لىڭشىتتىم.

— ھەم ئۇنداقتا مۇنۇ جەدۋەلگە ئىمزا قويۇۋېتىڭ.

مەن ئىمزا قويدۇم، دوختۇر چىقىپ كېتىپ بىر ئازدىن كېيىن ئىككى سېسترانى باشلاپ كىردى. سېستىرالاردىن بىرى ماڭا ئوكۇل ئۇردى.

— يېرىم سائەتتىن كېيىن ئوپېراتسىيىنى باشلايمىز، — دېدى دوختۇر سېستىرالارغا قاراپ، — ئوپېراتسىيە بۆلۈمىگە ئېلىپ كىرىڭلار.

كۆپ ئۆتمەستىن پۈتۈن بەدىنىمنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدىم. مېڭەمدىكى بارلىق چىگىش خىياللار بىردىنلا يوقالدى، پەقەت بالام توغرۇلۇقلا ئويلايتتىم بىچارە بالام، كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرۇپتۇ. سەن ئوغۇل تۇغۇلاتتىڭ، سەن داداڭدەك كېلىشكەن يىگىت بولاتتىڭ، مەن ساڭا ئۈۋال قىلدىم.

مەن ئويلىرىمنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدىم، بىر قانچە ئادەمنىڭ مېنى نەلەرگىدۇر ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى تولىمۇ قىيىندا ھېس قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارنى پەقەتلا بىلەلمىدىم.

قەدىرلىكىم زاھىر.

مەن ئېسىمگە كەلگىنىمدە، ئاپئاق كېسەلخانا ئىچىدىكى ئىلگىرىكى كارىۋىتىمدا ياتقانلىقىمنى كۆردۈم. پۈتۈن بەدىنىم زىرىلداپ ئاغرىيتتى. يۈزۈمنىڭ بەكمۇ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىمنى بىلدىم. ئىختىيارسىز مۇنۇ سۆزلەرنى ئاستا پىچىرلىدىم:

— ئېسىت، مېنىڭ يورۇق دۇنياغا كۆز ئېچىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالمىغان پاقلىنىم!

4

10 - ماي، پەيشەنبە.

زاھىر، بۈگۈن مەن دوختۇرخانىدىن قايتىپ چىقتىم. راستىنى ئېيتسام، ئانامدىن بەك ئەنسىرىگەنىدىم، بەختكە يارىشا، ئانامغا قوشنىمىزنىڭ قىزى قاراۋېتىپتۇ. مەن ئانام بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن، قوشنىمىزنىڭ قىزىنى ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتتىم. ئاناممۇ مەندىن بەك ئەنسىرىگەنىكەن، بىز بىر ھازانغىچە مۇڭداشتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ تاماققا تۇتۇش قىلدىم.

چۈشلۈك تاماقنى تەييارلاپ ئەمدىلا ئاشخانىدىن چىقىشىمغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. مەن ئىشىكنى ئاچتىم - دە،خۇشاللىقىمدىن قىن - قىنىمغا پاتماي كەتتىم، ئالدىمدا سەن سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا تۇراتتىڭ. مەن قولۇڭدىن سومكىنى ئالدىم.

— لالە، ئۆچەڭلارنى بەكمۇ سېغىندىم — سەن ئىشىكتىن كىرىپلا شۇنداق دېدىڭ - دە، مېنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ يەنە قويۇپ قويدۇڭ. مەن سېنىڭ قايسى ئۈچىمىزنى دەۋاتقانلىقىڭنى بىلەلمىگەنىدىم، — ئانام سالامەتمۇ؟ تىنچ تۇردۇڭلارمۇ؟

سەن ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ بولغۇچە مەن تاماقلارنى شىرەگە تىزىپ تەييارلىدىم.

— ئاۋۋال تامىقىڭنى يەۋالغىن، بالام، ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەنسەن، — دېدى ئانام ساڭا، — قورساقىڭمۇ تازا ئاچقاندۇر. ئىككى بىچارە دەردلىرىمىزنى كېيىن سۆزلەپ بېرىمىز. ئايالىڭنى زېرىكتۇرۇپ ئۈچ ئاي يالغۇز تاشلاپ قويغىنىڭ قاملاشمىدى، — ئانام ماڭا قاراپ مەنىلىك كۈلۈمسىرەپ قويدى. مەن خىجىل بولغىنىمدىن يەرگە قارىۋالدىم.

تاماق يېيىلىپ بولغاندىن كېيىن
سەن سومكىدىن ئانامغا ۋە ماڭا ئەكەلگەن
سوۋغىلارنى ئېلىپ بەردىڭ. ئاندىن تولىمۇ
چىرايلىق بىرنەچچە قۇر بوۋاقلارنىڭ كى-
يىمىنى، ئايروپىلان، پويىز قاتارلىق ئويۇن-
چۇقلارنى ئېلىپ ماڭا تەڭلىدىڭ.

— ئال لالە، بۇلارنى تۇغۇلۇش ئال-
دىدىكى ئوغلىمىزغا ئەكەلدىم.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي، سې-
نىڭ كۆزلىرىڭگە تىكىلگىنىمچە قېتىپلا قال-
دىم. سېنىڭ قاپقارا كۆزلىرىڭدىن ئاجا-
يىپ بىر ئاتىلىق مېھرى-مۇھەببەت، خۇ-
شاللىق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. چى-
رايىڭدا بەختىيارلىق كۈلكىسى جىلۋە قىل-
لاتتى. مەن كۆزلىرىڭگە بىر هازا تىكىلىپ
تۇرۇپ قالدىم-دە، بىردىنلا بۇقۇلداپ
يىغلىۋەتتىم. سەن نېمە بولغانلىقىنى بىلەل-
مەستىن بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتتىڭ. مۈ-
رەمدىن تۇتۇپ ئۆزۈڭگە قاراتتىڭ. ئەندى-
شە بىلەن ماڭا تىكىلدىڭ، مەن ساڭا قارى-
يالماستىن، يەرگە قاردىۋالدىم.

— لالە، ساڭا نېمە بولدى؟ خۇشال
بولماي يىغلىغىنىڭ نېمىسى؟!

— مېنى كەچۈرگىن، زاھىر، — دې-
دىم مەن يىغلاپ تۇرۇپ، كۆزلىرىمنى پۇ-
تۇمنىڭ ئۇچىدىن ئۈزەلمەي، — مەن بالىنى
ئالغۇزۇۋەتتىم.

— نېمە؟ بالىنى ئالغۇزۇۋەتتىم؟ — سې-
نىڭ ئويچان كۆزلىرىڭنىڭ قىزىرىپ قانغا
تولغانلىقىنى تۇنجى قېتىم كۆردۈم. سەن
توك سوقۇۋەتكەندەك ئورنىڭدىن تۇرۇپ
كەتتىڭ.

— ئىپلاس!

يۈزۈمگە چاڭ قىلىپ تەگكەن بىر
تەستەك كۆزلىرىمدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى.
بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تى-
قىلدى. سەن كۈچلۈك قوللىرىڭ بىلەن
ياقامدىن كاپ قىلىپ سىقتىڭ-دە، مېنى
قورچاقنى كۆتۈرگەندەك كۆتۈرۈپ ئۆينىڭ
ئوتتۇرىسىغا ئاتتىڭ. شىرەگە ئۈسسۈۋالغان
بولسام كېرەك، بېشىم پىچاق تىققاندەك
زىڭىلداپ ئاغرىپ كەتتى. ئىسسىق قان
بويۇنلىرىمنى بويلاپ مۈرەمگە ئېقىشقا
باشلىدى.

— يوقال! كۆزۈمدىن يوقال! ماڭا
سەندەك خوتۇننىڭ كېرىكى يوق! — سەن قول-
لىرىڭنى ماڭا شىلتىپ، ئەسەبىيلەرچە ۋار-
قىراپ كەتتىڭ. مەن شەپقەت تىلىگەندەك
كۆزلىرىڭگە قارىدىم. بىراق كۆزلىرىڭدە شەپ-
قەت ئەمەس، بەلكى چەكسىز غەزەب-نەپ-
رەت ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى، — ھۇ نو-
مۇسسىز، تاش يۈرەك! ھازىرلا خېتىڭنى
ئال!

ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈڭ دەھشەتلىك
چېقىلغان چاقماقتەك مېڭەمنى زىڭىلدىتى-
ۋەتتى. مەن ئالدىڭغا يىقىلىپ، پۇتلىرىڭنى
قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ ساڭا يېلىندىم.

— ئانداق دېمە، ئاۋۋال مېنىڭ سۆ-
زۈمنى ئاڭلا، زاھىر...

— ياق، ئاڭلىمايمەن! سېنىمۇ، چى-
رايىڭنىمۇ كۆرگۈم يوق! تېز ئۆيدىن چى-
قىپ كەت، بولمىسا ئۆزۈم چىقىپ كېتىمەن!

— زاھىر، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىن
ئوغلۇم! مەن سېنىڭدىن خۇش بولۇپ كې-
تەي، ئايالىڭنى ئۇرغۇچى بولما، ئۇنىڭغا
ئۇۋال قىلما بالام، پۇشايمان قىلىسەن! —
كاردىۋات ئۈستىدە زار-زار يىغلاۋاتقان ئا-
نام توختىماي ۋارقىرايتتى، — ئۇنى ئۆيدىن
چىقىرىۋېتىدىغان بولساڭ مەن بۇ دۇنيادا
ياشىمايمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەن ئانامنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، تەلۋىلەرچە ۋارقىراپ، ئىشىكنى چالاقلىتىپ يېپىپ چىقىپ كەتتىڭ.

زاھىر، خېتىڭنى ئال، ئۆيىدىن چىقىپ كەت، دېگەن سۆزلىرىڭ گويا ئۆتكۈر شەمشەردەك يۈرىكىمگە سانجىلىپ، مېنى يەرگە تېخىمۇ بەك چاپلاشتۇرۇۋەتتى. ئانام ماڭا نېمىلەرنىدۇر دەپ تەسەللى بېرەتتى. ئەمما ئۇنىڭ بىر ئېغىز سۆزىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. كۆز ياشلىرىم مەڭزىمنى بويلاپ ئېقىپ چۈشتى. مەن خۇددى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئۇزاققىچە جىمجىت ئولتۇرۇپ قالدىم. ئېسىمنى يىغىپ قارىسام، ئانام كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە ئۈنسىز يىغلاپ يېتىپتۇ. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئانامغا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ھۇجرامغا چىقىپ كەتتىم. ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلاپ يەنە يىغلىۋەتتىم. زاھىر، مەن نېمە ئۈچۈن ساڭا ئاۋۋال دوختۇرنىڭ سۆزلىرىنى ئېيتمىغاندىمەن؟ بالىنى چۈشۈرۈۋېتىش ئالدىدا نېمىشقا ساڭا تېلېفون بېرىپ مەسلىھەت سورىمىغاندىمەن؟ راستىنى ئېيتسام، مەن سېنىڭ بۇنچىلىك غەزەبلىنىپ كېتىدىغانلىقىڭنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەن، پەقەت زاھىر مېنى چىن قەلبىدىن سۆيىدۇ، مەندىن ئايرىلىپ كېتىشنى خالىمايدۇ، پەرزەنتىمنى نابۇت قىلىپ، ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىقىمنى ئاڭلىسا مېنى ئەپۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدىم. ئەسلىدە سەن مېنى ئەمەس بالاڭنى سۆيىدىكەنسەن - دە! ئىلگىرى سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ، مەن ھامىلدار بولغاندىن كېيىن بالىنى ياخشى كۆرۈپسەن - دە! ئەلۋەتتە يۈرەك تولىمۇ كىچىك نەرسە، ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئىككى ئادەمنى سۆيەلمەيدۇ. بىرلا ۋاقىتتا ئىككى مۇھەببەتنى ئۆزىگە سىغدۇرالمايدۇ!

زاھىر! سېنىڭ «كۆزۈمدىن يوقال!» دېگەن سۆزلىرىڭ گويا مېڭەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ چىققىلى ئۇنىمايۋاتقاندەك، قۇلاق تۈۋىمدە توختىماي جاراڭلاۋاتىدۇ. سەن بۇ سۆزلىرىڭنىڭ ماڭا نەقەدەر ئېغىر كېلىدىغانلىقىنى بىلمەسەنغۇ؟ سەن بۇنداق دېگۈچە مېنى توختىماي ئۇرساڭ، تەپسەڭ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپ قويساڭ بولماسمىدى؟ مەن سېنىڭ بىر تەستەك سىلىپلا توختاپ قېلىشىڭنى ئەمەس، بەلكى توختىماستىن ئۇرۇشۇڭنى خالايتتىمكى، ھەرگىزمۇ بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشىڭنى خالىمايتتىم. سېنىڭ بۇ سۆزلىرىڭ ماڭا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىۋەتتى.

سۆيۈملۈكۈم زاھىر، سەن راستىنلا مەندىن ئاجرىشىپ كېتەمسەن؟ سەن مېنىڭ ئەپۇ قىلىنىشقا موھتاج ئىكەنلىكىمنى، سەندىن ئايرىلالمايدىغانلىقىمنى، پەقەت سەن بىلەنلا بەختلىك بولىدىغانلىقىمنى بىلمەسەنغۇ!؟ مېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھەمراھىم داداممۇ ئۆلۈپ كېتىپ ئىگە - چاقىسىز قالغىنىمدا بىزنىڭ ئوقۇتقۇچىمىز — سېنىڭ ئاناڭ، مېنىڭ ئۇستازىم مېنى سېنىڭ ئۆيۈڭگە ئېلىپ كەلگىنى ئېسىڭدىغۇ؟! ئۇ چاغدا مەن ئون ياشتا ئىدىم. سەن مەندىن پەقەت بىر ياشلا چوڭ ئىدىڭ. يېڭى كەلگەندە سەندىن تارتىنىدىم، سەندىن قورقاتتۇم، سېنىڭ قاچانلا بولمىسۇن بىر چاغدا مېنى يېتىم ئوغلاق، دەپ تىللىشىڭدىن، ئۇرۇشۇڭدىن ئەنسىرەيتتىم. كېيىن سېنىڭ يامان بالا ئەمەسلىكىڭنى، مېنى تىللىمايدىغانلىقىڭنى، ئۇرمايدىغانلىقىڭنى، قورقۇشۇم ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىز تېزلا چىقىشىپ كەتتۇق. سەن مېنى ھەرگىزمۇ

خاپا قىلمايتتىڭ، سەن مېنى سىڭلىم دەيتتىڭ، مەن سېنى ئاكا دەيتتىم. بىز مېھرى - مۇھەببەتكە تولغان بىر ئائىلىدە ئۆسۈپ چوڭ بولۇشقا باشلىدۇق. بىللە ئوينىدۇق. بىر سىنىپتا، بىر پارتىدا ئولتۇرۇپ ئوقۇدۇق، ئاستا - ئاستا بىر - بىرىمىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدۇق. ئەڭ ئاۋۋال مەن سېنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى بىلىۋالدىم - دە، ئۆزۈمچە مەغرۇرلىنىپ يۈردۈم. سېنىڭ ئالدىڭدا ئۆزۈمنى چوڭ سۈپەت تۇتۇۋالدىم. كېيىن سەنمۇ مېنىڭ سېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىۋالدىڭ - دە، پەرۋاسىز، قوپال مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇۋالدىڭ. قوپاللىقىڭدىن ئاغرىنسام، سەن دەرھاللا مەندىن ئەپۇ سورايتتىڭ. شۇنداق چاغلاردا كۆزلىرىڭ ھەممىنى ئاشكارىلاپ قوياتتى. گەرچە سەن ماڭا قانچىلىك قوپاللىق قىلساڭ مەن شۇ قوپاللىقىڭدىن مېنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭنى، چىن قەلبىڭدىن سۆيىدىغانلىقىڭنى بىلىۋالاتتىم. شۇنىڭ ئۈچۈنلا خۇشال بولاتتىم...شۇنداق قىلىپ بالىلىق دەۋرىمىزدە بىللە ياشىدۇق. سەبىي مۇھەببىتىمىز گۆدەك قەلبىمىزدە مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى. بىز بىرقانچە يىلنى شۇ ھالەتتە بىر ئۆيدە ئۆتكۈزدۇق. پەقەت ئالىي مەكتەپكە بېرىپلا ئىككىمىز تەڭلا بىر - بىرىمىزنى سەۋدايىلارچە ياخشى كۆرۈپ قېلىشقانلىقىمىزنى ئىقرار قىلىشتۇق. ھاكاۋۇرلۇقىمىزنى ئەيىبلەشتۇق. شۇنداق قىلىپ، ياشلىق دەۋرىمىزنىمۇ بىللە بولدۇق، بىر - بىرىمىزنى بەك ياخشى كۆرگىنىمىز ئۈچۈن سۆيگۈمىزگە ئېتىقاد قىلدۇق، بىر - بىرىمىزنى ھۆرمەتلەپ كەلدۇق...

ئەجىبا، توي قىلىپ بىر يىل ئۆتمەيلا ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىسەنغۇ؟ مەن پۈتكۈل ھاياتىمدىن سەن بىلەن بىللە بولغان ھايات مۇساپىمەنى چىقىرىۋەتسەم، قەلبىم - قۇپقۇرۇق، زېرىكىشلىك روھىي چۆللۈككە ئايلىنىپ قالماسمىدى؟!

سۆيۈملۈكۈم، مەن كىچىكىمدىلا سېنى جېنىمدەك ياخشى كۆرگەن، سۆيگۈمىزنى مۇقەددەس بىلىپ، ساڭا ئەڭ سۆيۈملۈك ئادىمىم سۈپىتىدە ئېتىقاد قىلغان ئەمەسمىدىم؟ سەن مېنىڭ ئېرىم، شەپقەتچىم، يۆلەنچۈكۈم ئىدىڭغۇ؟ مانا ئەمدى مېنى ئىككىمىز گۈۋالىندۇرگەن جەننەتتىن — بەختلىك ئائىلىمىزدىن قوغلاپ چىقارماقچى بولۇۋاتىسەن. ئېيتقىنا، مەن كېسەلچان ئانامنى، ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىمنى تاشلاپ نەگىمۇ كېتەلەيمەن؟

زاھىر، مەن راستىنلا بەختسىز ئىكەنمەن. مېنىڭ 6 ياشقا كىرگەن چېغىمدىكى بىر ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ. مەن شۇ ۋاقىتلاردا ھەر كۈنى قويلىرىمىزنى ئۆيىمىزنىڭ يېنىدىكى تاغ باغرىغا ئاپىرىپ باقاتتىم. ئۇ كۈنى ھاۋا شۇنداق ئوچۇق ئىدى. مەن دوستۇم ئاسىيە بىلەن قويلارنى تاغ باغرىغا ھەيدەپ باردىم. تاغ ئېتەكلىرى شۇنداق چىرايلىق ئىدى. قارىغات چېچەكلىرى ۋە ياۋا ئىت ئۈزۈملىرىنىڭ قىزىل ۋە تىلرا مېۋىلىرى كۈن نۇرىدا مەرۋايىتتەك پارقىرايتتى، سەلكىن شامال مەززىلىك ئادىراسمان پۇراقلىرىنى ھەر تەرەپكە ئۇچۇرۇپ يۈرەتتى. ئاسىيە بىلەن مەن قويلىرىمىزنى ئۇزۇنغا سوزۇلغان قۇم دۆۋىسىنىڭ باغرىدىكى يۇلغۇنلۇققا قويۇۋېتىپ ئويناشقا باشلىدۇق. ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋېرىپتۇ، بىز كۈن پاتقىنىنىمۇ سەزمەستىن ئويناۋېرىپتۇق. كەچ كىرىپ

قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئازلا قاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا قولىقىمىزغا بىر نەرسىنىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. چۆچۈپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ ئەتراپىمىزغا قاراشقا باشلىدۇق. بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئېگىز قۇم دۆۋىسىنىڭ ئۈستىدە بىر بۆرە ئۆتكۈر چىشلىرىنى چىقىرىپ، ئېغىزىدىن شۆلگەيلىرىنى ئاققۇزۇپ ئىككىمىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كەڭ ئېچىلغان ئېغىزىدىكى قىپقىزىل ئۇزۇن تىلى ئالدىغا سوزۇلغان بولۇپ، كۆزلىرىدىن سوغۇق نۇر يالتىراپ تۇراتتى. ئاسىيە بۆرىنى كۆرۈپلا چىرقىراپ، كەينىگە قاراپ قاچتى، مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي، خۇددى پۇتلىرىم قۇمغا چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم. ئارقامدا ئوتلاۋاتقان 30 — 40 چە قوي بۆرىنى كۆرۈپلا تاغ باغرىدىكى ئېقىنغا قاراپ قېچىشقا باشلىدى. بۆرە ماڭا قاراپ ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل تۇراتتى، ئۇ قۇم دۆۋىسى ئۈستىدە، مەن ئاستىدا ئىدىم. ئارىلىقىمىزنى پەقەت سەللا ئېگىز قۇم دۆۋىسى ئايرىپ تۇراتتى. قورققىنىمدىن كۆزلىرىم چانىقىدىن چىقىپ كېتىشكە ئازلا قالدى. قېچىپ كېتىشكە ئامالسىز ئىدىم، پۇتلىرىمنى يۆتكەشكە پېتىنالمايتتىم، كۆزلىرىمنى مۆلدۈرلىتىپ بۆرىگە تىكىلگىنىمچە تۇردۇم. قويلارنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بۆرە ۋەھىمىلىك ئاۋازدا ھوۋلىۋەتتى-دە، قۇم دۆۋىسى ئۈستىدىن ماڭا قاراپ ئوقتەك ئېتىلدى. كۆزلىرىمگە قۇملار تىقىلغۇچە بولغان ئارىلىقتا بۆرىنىڭ بېشىم ئۈستىدىنلا سەكرەپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈشكە ئۈلگۈردۈم. مەن بىرلا ۋارقىراپ ھوشۇمدىن كەتتىم...

ئاسىيە كەينىتىن رەھمەتلىك دادامنى باشلاپ ئەكىلىپتۇ. دادام مېنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا ئاپىرىپتۇ. مەن شۇ ۋاقىتتا يۈرەك مۇسكۇل تىقىلمىسى كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئىكەنمەن.

نېمە ئۈچۈن شۇ چاغدىلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىيدىم؟! بىراق ھازىر ئۆلسەممۇ كېچىكمەيمەنغۇ؟ بىردىنلا قورقۇنچلۇق بىر خىيال مېڭەمدىن كەچتى. مەن ھازىر ئۆلۈۋالسامچۇ؟ ھاياتىمدىكى بارلىق بەختسىزلىكلىرىمگە، ئازابلىرىمغا خاتىمە بەرسەمچۇ؟ مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمنى ئويلىدىم، ئۆلۈم مەن ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۆلۈم دېگەن سۆز ئېسىمگە كېلىش بىلەنلا كۆز ئالدىمدا قاپقاراڭغۇ بىر گۆر پەيدا بولدى. مەن شۇ گۆر ئىچىگە كۆمۈلەتتىم!

زاھىر! مەن شۇ ھالەتتە ئۇزاققىچە ياتتىم. سەن تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتىڭ، تام سائىتى توختىماستىن چىكىلدايتتى. مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇم ئاستا-ئاستا رېئاللىققا ئايلاندى. مەن ئەمدى راستىنلا سەن كېلىشتىن بۇرۇنراق ئۆلۈۋالماقچى بولدۇم. ئورنۇمدىن تۇرۇشۇم بىلەنلا پۈتكۈل بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى. يۈرىكىم بىردىنلا شىددەت بىلەن ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئادەم ئۆلۈمنى ئۆزى خالىسا ئۆلۈم ھەرگىزمۇ قورقۇنچلۇق بىلىنمەيدۇ، قورقۇنچسىز ئۆلۈم مەن ئۈچۈن سۆيۈملۈك ئانامنىڭ قۇچىقىدىكى ئۇيقۇدەك شېرىن ۋە لەززەتلىك تۇيۇلدۇ. مەن ئۆزۈمگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرىپ تۇراتتىم. ئۆزۈمنى تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشاتتىم. ئىشكاپتىن بىر قۇتا دورىنى ئىزدەپ تېپىپ ئىستاكانغا سالدىم-دە، شىرە ئۈستىدىكى چايداندىن سۈت چاي قۇيدۇم. ئىستاكاننى قولۇمغا

ئېلىپ لېۋىمگە تەگكۈزدۈم. مەن ئۇنى ئىچىۋەتسەملا بۇ دۇنيانىڭ بارلىق ئازابلىرىدىن بىر يولىلا قۇتۇلاتتىم. بىردىنلا بىر ئىشنى چالا قىلىپ قويغانلىقىمنى يادىمغا ئېلىپ ھودۇقۇپ كەتتىم، مەن ئانامغا ھەر كۈنى ئەتىگەندە ۋە كەچتە بىر ئىستاكان سۈت چاي بېرەتتىم ئەمەسمۇ؟ مەن تاش يۈرەك چۈشتىن بېرى ئۇنى ئاچ قورساق تاشلاپ قويۇپتىمەن. ئۇ مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان تۇرسا، ئۇنى ئاچ قورساق قالدۇرۇپ ئۆلۈۋالماقچى بولغىنىمنى قارا!

مەن ئانامنىڭ ئالدىدىكى بالىلىق بۇرچۇمنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئادا قىلىۋېتىش ئۈچۈن يەنە بىر ئىستاكانغا سۈت چاي قۇيدۇم، ئىستاكاننى ئەمدىلا كۆتۈرۈپ مېڭىشىمغا ئىشىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى.

— ئاپلا، زاھىر كېلىپ قالدى، — دېدىم مەن، — نېمە ئۈچۈن ئۇ كېلىشتىن بۇرۇنراق دورىنى ئىچىپ ئۆلۈۋالمىغاندىمەن. ھېلىغىچە ئۇ مېنىڭ جەسىتىم يېنىدا زار-زار يىغلىغان، قىلمىشىغا پۇشايمان يېگەن بولاتتى ئەمەسمۇ؟ ئەمدى مەن كېچىكتىممۇ، ياق، ئۆلۈم ۋاقتىم پەقەت بىرنەچچە مىنۇت، بىرنەچچە سائەت ئارقىغا سۈرۈلۈشى مۇمكىن، خالاس.

مەن ئانامغا ئېلىپ ماڭغان سۈت چاينى شىرەگە قويۇپ، ئىشىكنى ئاچتىم. ئىشىك ئالدىدا يۈزلىرىنى قويۇق ساقال باسقان، 50 ياشلاردىكى يوچۇن بىر كىشى قاراپ تۇراتتى.

— قىزىم، كامىلبايىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىزكىن؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى.

مەن گاڭگىراپ ھېچنەرسىنى ئاڭقىرالمىدىم. مېڭەم گويا پارتلاپ كېتىدىغاندەك ۋاڭىلداپ ئاغرىۋاتاتتى. شۇ ھالەتتە قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئېسىمگە كەلسەم، ئىشىككە يۆلەنگىنىمچە تۇرۇپتىمەن، ناتونۇش كىشى ئاللىبۇرۇن كېتىپ قاپتۇ. مەن چەكسىز ئۇپۇققا نەزەر تاشلىدىم، بارلىق مەۋجۇداتلار كۆكۈم پەردىسى ئىچىدە خىرە-شىرە كۆرۈنەتتى. كۆپكۆك ئاسماندا ئاي ۋە سانسىز يۇلتۇزلار زەردەك جۇلالاپ تۇراتتى. ئەمما تەبىئەتنىڭ بۇنداق گۈزەللىكى مېنىڭ قەلبىمگە تەسەللى بېرەلمەيتتى، يۈرىكىم يەنىلا بىر خىل ئىسكەنجە ئىچىدە تىپىرلايتتى، مەن تەبىئەتكە ئاداققى قېتىم نەزەر سالدىم. يىراق ئۇپۇق سىزىقىدا كۈمۈش رەڭ سامانيولى نۇرلىنىپ تۇراتتى، مەن ئىختىيارسىز ھالدا:

— كۆردۈڭمۇ زاھىر، مەن ئەنە شۇ يولنى بويلاپ جەننەتكە بارالايمەن، — دەپ پىچىرلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئارقامغا قايتىپ، ئىستاكاندىكى سۈت چاينى ئالدىم-دە، ئانامنىڭ يېنىغا كىردىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ ماڭا بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا قېرىپ، يۈزلىرىدىكى قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك كۆرۈندى.

— ئانا، سۈتىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ.

ئانام كېسەل ئازابىدىن بارغانسېرى نۇرلىرى ئۆچۈپ كېتىۋاتقان كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— دەردلىرىڭنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن قىزىم، — دېدى ئۇ ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولۇپ، — چىرايىڭ تاتىرىپ كېتىپتۇ، خاپا بولما، ھەممە ئىش ئۆتۈپ كېتىدۇ.

مەن يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۆزۈمنى زورىغا بېسىپ ئۈنچىقمىدىم.

— سۈتىڭىزنى تېزرەك ئىچىۋېلىڭ...

مەن ئۆزۈمنى قانچە تەمكىن تۇتۇشقا

تىرىشساممۇ، يۈرىكىم ئۆلۈم ۋەھىمىسىدە شىددەت بىلەن سوقۇپ، ئۈنسىز پەرياد كۆتۈرەتتى. بەدەنلىرىم ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتى. مەن ئىستاكاندىكى سۈتنى ئانامغا ئىچكۈزۈپ قويدۇم-دە، ئۇنى ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇزاققىچە تىكىلدىم. ئاپئاق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، يول-يول قورۇق باسقان كەڭ پېشانىسىگە بالىلىق مېھرىم بىلەن سۆيدۈم. بىر تامچە يېشىم ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئېقىپ چۈشتى.

مەن ھۇجرامغا قايتىپ كىردىم. دېڭەمدە يەنىلا ئۆلۈم ۋەھىمىسى كېزىپ يۈرەتتى. مەن شىرە ئۈستىدىكى بىر ئىستاكان سۈت چاينى قولۇمغا ئېلىپ، ئاستا پىچىرلىدىم: خەير، ئانا، مەن ھازىر سىزدىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمەن. سىز مېنى ئون يېشىمدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلدىڭىز. ماڭا ھېچكىم بېرەلمىگەن ئانىلىق مېھرى-مۇھەببەتنى بەردىڭىز. كۆپ جەبىرى-جاپالىرىمنى تارتتىڭىز. سىزگە كۆپ رەھمەت. خەير، زاھىر. مەن سېنىڭ ھۆكۈمىڭنى ئىجرا قىلىۋاتىمەن. سېنىڭ ئېيتقىنىڭدەك ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتىمەن. ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيمەن.

مەن ئىستاكاندىكى چاينى بىرلا كۆتۈرۈپ، تامچىمۇ قالدۇرماي ئىچىۋەتتىم. بالىلىق دەۋرىمدىن تارتىپ ماڭا مېھرى-مۇھەببەت ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلاپ كەلگەن ئۆيىمىزگە ئاخىرقى قېتىم نەزەر تاشلىدىم-دە، كارىۋىتىمغا چىقىپ، يوتقانغا پۈركىنىپ ياتتىم.

مەن ئۇخلاپلا قالسام مەڭگۈ ئويغانمايدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. لېكىن ئۇيقۇم كەلمەيۋاتاتتى. ئۆلۈمنى كۈتە-كۈتە ئاخىرى پەرىشان بولۇشقا باشلىدىم. تام سائىتىنىڭ بىر خىل چىكىلداپ مېڭىشىغا قۇلاق سېلىپ يېتىپ، خىياللىرىمنىڭ خىرەلىشىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. ئەمدى راستىنلا ئۇيقۇم كەلگەنىدى، كۆزۈمنى ئاچماقچى بولۇپمۇ ئاچالمىدىم، ئەمدى ئۆزۈمنى ئۆلۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. خىيالىمدا ئىككىلا ئىسىم يادلىنىپ تۇراتتى: ئانا، زاھىر... ئانا، زاھىر... بىراق ئېغىزىمدىن ئاۋاز چىقمايتتى، مەن ئۆلۈكتەك ئۇيقۇغا كەتتىم!...

## 5

11. ماي، جۈمە.

زاھىر، مەن يەنە ئويغاندىم. كۆزلىرىمنى ئېچىپ ھاڭ-تاڭ قالدىم. مەن ئۆلمىگەنىدىم. سەزگۈلىرىم نورمال ئىدى. ئۆيگە دېرىزىدىن كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرۇپتۇ، قەيەردىدۇر كاككۇك سايراۋېتىپتۇ. سۆيۈملۈكۈم زاھىر، بىلەمسەن، مەن ئۆلمەپتىمەن. مېنىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىقىمنى ئەسلا تەسۋىر قىلالمايسەن. مەن تولىمۇ خۇشال بولدۇم. سەن بىلەن ئانامنى يەنە كۆرەلەيدىغانلىقىمنى، قۇشلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرىنى ئاڭلىيالايدىغانلىقىمنى، يەنە ياشىيالايدىغانلىقىمنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە قەلبىمنى چەكسىز ھاياجان ۋە شادلىق ئىگىلىدى.

مەن يۈگۈرگىنىمچە ئانامنىڭ ھۇجرىسىغا چىقتىم. ۋۇي، بۇ نېمە ئىش؟ ئانام تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىۋالغانىدى. ئانام كېچىدىلا ساقىيىپ كەتتىمۇ نېمە؟ ئۇ بەدىنىنى مىدىرلىتالمايتتى ئەمەسمۇ؟ ئانامنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، يۈزىگە قارىدىم، قارىدىم-يۇ، سەۋدايىلارچە ۋارقىراپ كەتتىم. چۈنكى ئانام جان ئۈزگەن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەن بولۇپ، كۆزلىرى ئالايغان

هالدا قېتىپ قالغانىدى.

ۋاي ئەقىلسىزلىكىم... ئەسلىدە يوچۇن كىشى ئىشىك قوڭغۇرىقىنى بېسىپ كامىلبايىنىڭ ئۆيىنى سورىغان چاغدا مەن جىددىيلىشىپ كېتىپ، دورا سېلىنغان سۈت چاينى ئالماشتۇرۇپ قويغان ئىكەنمەن!

مەن يولغا چىقىپ يۈگۈردۈم. جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم. كۆزلىرىمگە ھېچنەرسە كۆرۈنمەيتتى. خىيالىمدا ئۆزۈمنى مەلۇم قىلىش ئۈچۈن ساقچى ئىدارىسىگە قاراپ يۈگۈرەيتتىم... ئاھ خۇدا! ئانامغا مۇنچىلىك رەھىمسىزلىك قىلغۇچە، مېنىلا جازالىساڭچۇ؟ مېنى نېمىشقا ئاياپ قويغانسەن؟ مەن يۈگۈرۈۋېرىپ ھېرىپ ھالىمدىن كەتتىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ يىقىلىپ چۈشتۈم. ئورنۇمدىن تۇرۇپ يەنە يۈگۈردۈم. پەقەت ھەيۋەتلىك بىر بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندىلا يۈگۈرۈشتىن توختىدىم. ھەيرانمەن، مەن ساقچى ئىدارىسىگە ئەمەس، بەلكى سېنىڭ ئىدارەڭگە كەلگەنىدىم. مەن بىناغا قاراپ مىدىر-سىدىر قىلالماي تۇرۇپ قالدىم. ھېرىپ كەتكەنلىكىمدىن پۈتۈمنى بىر قەدەممۇ يۆتكىيەلمەيۋاتاتتىم. پېشانەمدىن يامغۇردەك تەر قۇيۇلاتتى.

مەن ئالقىنىم بىلەن تەرلىرىمنى سۈرتۈۋەتتىم-دە، بارلىق كۈچۈمنى يىغىپ، بىنانىڭ پەلەمپەيلىرىدىن سېنىڭ ئىشخاناڭغا قاراپ چىقىشقا باشلىدىم. بەشىنچى قەۋەتكە چىقىپ بولغۇچە گويا بەش يىل ئۆتۈپ كەتكەندەك بىلىنىپ كەتتى.

قەدىرلىكىم زاھىر، مەن بۇيەرگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ سېنىڭ ئىشخاناڭغا كىردىم. سەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بىر نەرسە يېزىۋاتقان ئىكەنسەن. شىرە ئۈستىدىكى قەغەزلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بېشىڭ ئارانلا كۆرۈنەتتى. سەن ئاياغ تاۋۇشۇمنى ئاڭلاپ بېشىڭنى كۆتۈردۈڭ، مېنىڭ بىنورمال قىياپىتىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتىڭ.

— لالە، نېمە بولدى؟

— زاھىر، ئانام... ئانام... — دېدىم مەن قورقۇپ ۋە تىترەپ تۇرۇپ، — تېز ئۆيگە... ئانام... — مەن سۆزلىيەلمەي قالدىم. يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇپ تۇراتتى. تىنىقىم يېتىشمەي ھاسىراپ كېتىۋاتاتتىم. مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي ھۆركىرەپ يىغلىغىنىمچە ئىشخاناڭدىن چىقىپ كەتتىم. يولغا چىقىپلا يەنە يۈگۈردۈم. ئاخىرى ئۆيگە كەلدىم. سەن ئانامنى قۇچاقلاپ زار-زار يىغلاۋېتىپسەن.

— ئانام زەھەر ئىچىۋالغاندا سەن يوقمىدىڭ؟ — دېدىڭ سەن يىغلاپ تۇرۇپ، — ھەممىگە ئۆزۈم ئەيىبلىك. ئانام مەندىن ئاغرىنىپ زەھەر ئىچىۋاپتۇ...

زاھىر، سېنىڭ شۇ سۆزلىرىڭنى ئاڭلاپ ئورنۇمدا قېتىپلا قالدىم. جىسمىمنى بېسىپ تۇرغان ئېغىر يۈك چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى. مەن سېنىڭ مۇنداق دەيدىغانلىقىڭنى ئەسلا خىيالىمغا كەلتۈرمىگەنىدىم. مەن تېخى سېنى مېنىڭ زەھەرنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىمنى بىلىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

ئەزىزىم زاھىر، سېنىڭ شۇ بىر جۈملە سۆزۈڭنى — مېنىڭ «گۇناھسىز»لىقىمغا ئىشەنگەنلىكىڭنى ئاڭلاپ ئۆزۈمنى پەسكەشلەرچە قاتتىق تۇتۇۋالدىم. شۇ مىنۇتتا ئانامنى مەن ئۆلتۈرۈۋەتتىم، مەن قاتىل، دەۋەتمەستىن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالىغىنىمغا تېخىمۇ ھەيران قالدىم.

— بار ئىدىم، — دېدىم مەن تەمتىرەمەي، ھەتتاقىلچە دۇدۇقلىماستىن، — كەچتە

ئۇيغۇر كىتابلىرى ئارخىپى www.uyghurkitap.com

ئانامغا سۈت چاي ئەكىرىپ بەرگەنىدىم. ئۇ سوۋىغاندا ئىچىمەن، دەپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. كېيىن، مەن ھۇجرامغا...

— ئاھ خۇدا! قارا بىزنىڭ ئەخمەقلىقىمىزنى! نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ياستۇقى ئاستىنى ئاقتۇرۇپ باقمىغان بولغىيدۇق، — دېدىڭ سەن چەكسىز ئازاب ئىچىدە. شۇنداق قىلىپ، ئانامنى ئۇزىتىپ قويدۇق. مەن بولسام ئۆز ئانىسىنى ئۆلتۈرگەن ئەڭ پەسكەش، ئەڭ نومۇسسىز قاتىللىغا ئايلاندىم. ئەمما، ئەسلى ماھىيىتىمنى ئاشكارىلىماسلىق، گۇناھىم توغرۇلۇق ھېچقانداق ئىنسانغا تىنماسلىق قارارىغا كېلىپ، بۇ سىرنى قەلبىمنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىغا بەند قىلىۋەتتىم.

6

10 - ئىيۇل، دۈشەنبە.

قەدىرلىكىم زاھىر، ئانامنىڭ ۋاپاتىغا ئىككى يىل بولدى. ئىككى يىلدىن بېرى يەنىلا سەن بىلەن بىر ئۆيدە ياشاپ كەلدىم. سەن مېنى ياخشى كۆرەتتىڭ، جېنىڭدىنمۇ ئەزىز كۆرەتتىڭ. سەن مېنىڭ ئاپاڭنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىمنى بىلمەستىن مېنى قۇچاقلىدىڭ، سۆيدۈڭ. ماڭا بەخت، خۇشاللىق ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەت بەردىڭ. مەن نومۇسسىزلارچە، ۋىجدانسىزلارچە ساقلاپ قالغان ھاياتىمنى سېنىڭ شەپقىتىڭ بىلەن گۈللەندۈردۈم. مەن ئەنە شۇنداق پەسكەش تۇرۇپمۇ ئۆزۈمنى ئالىيجاناب، ساڭا كۆيۈنۈۋاتقان قىياپەتتە كۆرسىتىپ، سېنىڭ ئاقكۆڭۈل قەلبىڭدىن يەنىلا ئورۇن ئالدىم.

مانا ئەمدى كېسىلىم يەنە قوزغالدى. ئاۋۋالقىدەكلا ئاپئاق كېسەلخانىدىكى كارىۋاتتا يېتىۋاتىمەن. ئىلگىرىنىمۇ سېنىڭ بالاڭ بىلەن ئاناڭنى ئۆزۈمنىڭ ئورنىغا ئەزرائىلغا قۇربانلىققا بېرىۋېتىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالغانىدىم، ئەمدى ماڭا نۆۋەت كەلدى. پات ئارىدا ئەزرائىل مېنىڭ بۇ ئىپلاس جېنىمنىمۇ ئېلىپ كېتىدۇ.

قەدىرلىكىم زاھىر، مېنى كەچۈرگىن! مەن نېمىشقىمۇ بالىنى ئالغۇزۇۋەتمەيلا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىيدىم؟! بىلەمسەن، ئانامنى ئۆلتۈرىۋەتكىنىمدىن بېرى ھەر كۈنى بىر قېتىم ئۆلدۈم! كېچىلەردە كۆزۈمنى يۇمۇشۇم بىلەنلا ئاپئاق كېپەنىنى ئارتىۋالغان ئانام پۈتۈن بەدىنىدىن قان تامچىلاپ تۇرغان بىر بوۋاقنى كۆتۈرگەن ھالدا ئالدىمغا كېلىدۇ.

— بۇنى ساڭا ئالغاچ كەلدىم قىزىم، — دەيدۇ ئانام كېپەن ئىچىدىن بىر ئارغامچىنى ئېلىپ ماڭا تەڭلەپ، — ئالغىن بالام، بۇ ۋىجدان سىرتمىقى، سەن بۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالغىن. بالاڭ ئىككىمىزنىڭ سېنى كۈتۈۋاتقىنىمىزغا ئۇزۇن بولدى، مە، بالام، بۇنى قولۇڭغا ئال، ئەمدى ئۆز ئورنۇڭنى تاپ...

ئانام سىرتماقنى كۆتۈرۈپ ماڭا بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن كۆچلۈك خەزەپ-نەپرەت ئوتىنى كۆرىمەن. مەن بۇ چۈشنى ھەر كۈنى كېچىدە كۆرۈپ تۇرىمەن. ھەرقانداق چاغدا كۆزۈمنى يۇمساملا ئانام يەنە شۇ قىياپىتى بىلەن ئالدىمغا كېلىدۇ. ۋارقىرىغىنىمچە ئويغىنىپ كېتىمەن، جۆيلۈيمەن. ساراڭ بولۇپ قېلىشقا ئازلا قالدىم.

شۇنداق زاھىر، مەن ھەركېچىسى بىر قېتىم ئۆلىمەن! ئىككى يىلدىن بېرى تالاي قېتىم ئۆلۈپ بولدۇم. مانا ئەمدى خۇدا راستىنلا جېنىمنى ئالماقچى بولۇۋاتى-

دۇ. ئەزىزىم زاھىر، ئانام ئۆلۈپ كەتكەندىن بېرى چىرايىڭنى غەم بۇلۇتلىرى قاپلىدى. قەلبىڭنى پۈتمەس - تۈگىمەس ئازاب ئىگىلىدى. مەن سېنىڭ يۈرىكىڭدە يىغلاۋاتقانلىقىڭنى، توختىماستىن ئېسەدەۋاتقانلىقىڭنى سېزىپ تۇردۇم. مەن سەندىنمۇ زىيادە ئازابلاندىم، بىراق مەن بۇ ئازابلارنى ئارتىشقا ھەقلىق ئىدىم. ئەمما سەن ناھەق ئازابلىنىۋاتاتتىڭ. ئېسىڭدىمۇ؟ بىر كۈنى سېنىڭ ئالدىڭغا تىزىلغان تاماقلارنىمۇ يېمەستىن، تاماكا چەككىنىڭچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغىنىڭنى كۆرۈپ يىغلىۋەتتىم.

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، — دېگەن ئىدىڭ سەن بارماقلىرىڭدا چاچلىرىمنى تاراپ تۇرۇپ، — ئانام بۇنداق قىلمىسا بولاتتى، ئەمدى ئۇ ئىشنى ئېسىمىزدىن چىقىرىۋېتەيلى. ئۆتمۈشنى ئەسلىمەيلى. ئەمدى ئۆزۈڭنىڭ سالامەتلىكىڭنى ئاسرا، قارا، ئىچ ئاغرىقىدا بەكمۇ جۇدەپ كېتىپسەن!

مەن سۆزۈڭنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ ئۆكسۈپ يىغلىۋەتكەنىدىم. سەن نېمىدېگەن ئاقكۆڭۈل؟ سەن ئۆزۈڭگە ئەمەس، يەنە ماڭا تەسەللىي بېرىۋاتىسەنغۇ؟ مەن سېنىڭ ئاشۇ تەسەللىيلىرىڭگە لايىقمىدىم؟

سەن ئىچ ئاغرىقىدا — ھىجران ئازابىدا ئازابلىنىۋاتاتتىڭ. مەنچۇ؟ مەن ۋىجدانىمنىڭ جازا لاگېرىدا ئازابلىنىۋاتاتتىم شۇ كۈنى مەن ساڭا ھەممە ئىشنى دەۋەتكىلى ئازلا قالغان ئىدىم.

سۆيۈملۈكۈم زاھىر، مەن پات ئارىدا ئۆلۈپ كېتىمەن. مەن ئەسلىدە بۇ سىرلىرىمنى ئۆزۈم بىلەن بىللە گۆرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولغانىدىم. بىراق نومۇسسىز قىلمىشلىرىمنى يوشۇرۇپ قالالمىدىم، بۇلارنى ۋىجدانىمنىڭ بۇيرۇقى بىلەن يېزىپ چىقتىم. بۇنى ئوقۇپ، سېنىڭ قانچىلىك ئازابلىنىدىغانلىقىڭنى بىلمەيمەن. لېكىن ئازابلانماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلمەن.

جىنايەتكار ئايالىڭ لالە.

7

مەن قاچاندىن بېرى يىغلاۋاتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. ئەمما لالەنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىنى زور سەۋر - تاقەت بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتىم. ئاستا - ئاستا بېشىم قېيىپ، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى. ئۆي ئىچىنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغاندەك ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەي قالدىم. ئېچىقلىق تۇرغان خاتىرە دەپتەرنى يېپىشقىمۇ قۇربىم يەتمىدى. پۈتۈن بەدىنىم بوشاپ، ئاستا - ئاستا ئولتۇرۇپ قالدىم.

ئاھ خۇدا، بۇ تەقدىرنىڭ ئويۇنىمۇ نېمە؟ چىن يۈرىكىمدىن سۆيۈپ كېلىۋاتقان ئايالىم لالەنىڭ خاتىرە دەپتىرىدە مۇنداق خەتلەرنىڭ بارلىقىنى، ھاياتنىڭ مېنى مۇنداق رەھىمسىزلەرچە ئەخمەق قىلىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن.

مەن شۇ ھالەتتە قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. كۆز يېشىم بىلەن نەملەنگەن خاتىرە دەپتەر قولۇمدىن سىيرىلىپ چۈشكەندە ئاللىقاچان ئەس - ھوشۇمنى يوقاتقانىدىم.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

مەھەممەتجان راشىدىن

# ئادەملەرگە سۆيگۈ قەرزىم بار

## كۈنلەر ئالبومى

گاھ كۈلۈپ كەلدىم مەن تېلىقىپ-تېلىپ،
گاھ يىغلاپ ئۇنتۇدۇم كۈلگۈنۈمنىمۇ.
سۆزلەيدۇ شۇلارنى كۈنلەر ئالبومى،
داغ يەرگە قانداقچە كۆنگىنىمنىمۇ.

تالاشتا قالغاننى چەك تارتىپ ئالدىم،
بىلمىدىم شۇمىكىن «تەلەي» دېگىنى.
ئالەمنىڭ بىر كۈنى توي بوپ تۇيۇلدى،
بىر كۈنى تەگرىنىڭ ئۆگەيلىگىنى.

چىنپۈتمەي «ياق، ئالەم-ئاق نان»دېگەنلەر
نە ئۈچۈن زاغرىنى قويدۇق شىرەگە؟
ھاياتنى مەرىكە دەپ ماختىساڭ تامام،
ئېيتقىنا، ھازىنى قويسەن نەگە؟

ئىشكىم ئالدىدا بىر تۈپ چوڭ سېدە،
قۇشقاچلار غەۋغاسى بېسىلماس ھەر كۈن.
كۈنلەر گاھ بىزگىمۇ تۇيۇلار شۇنداق،
قوينىدا يا يانغىن، يا قىيان-كەلكۈن.

قىينالدىم كۈنلەرگە سىزالماي سۈرەت،
يادىمغا يەتمەپتۇ تاغلار ئاسمىنى.
بەزىدە كۈن چىقسا جانان ھۆسنىدەك،
بەزىدە قامچىلار شىۋىرغان سېنى.

قايسى بىر كۈنلەرگە كاتاڭلار مىسال،
چايقىلىپ بارىدۇ ھايات ھارۋىسى.
بىرىگە كۆز ياشلار ئۆزى خاتىرە،
بىرىدە قاينايدۇ بەخت ھالۋىسى.

سۈبھىدە ئويغىنىپ ئات ئىگەرلەيسەن،
ھەر كۈنى گۈگۈمنى قارارگاھىم، دەپ.
كىمگىدۇر ئالىيىپ ئۆتكىنىڭ راستۇر،
كىمگىدۇر سالاملار بېرىپ شاھىم، دەپ.

تىلەيدۇ ئادەملەر ئاسايىشلىقنى،
تىلەكلەر تىلەكچە قالدى ئۇھ، تارتىپ.
ھەركۈندىن سورىساق ۋەجىنى ئۇنىڭ
شۇلارنىڭ ئۆزىگە قويۇشتى ئارتىپ.

قارىدىم ئادەملەر توپىغا شۇئان،
ئاختۇردۇم شۇلارنىڭ گۇناھكارىنى.
بىرلىرى مېنىڭدىن تىلەيدۇ ئېھسان،
بىرلىرى دالىدا سۆيەر يارىنى.

دېمەككى، ھەر كۈندە مىڭ سەۋدا، ھېكمەت...
گەپ-سۆزۈم كۈنلەرگە يۆتكەلدى يەنە.
قولۇمدىن بىر خىزىر تۇتتى باشقىدىن،
يېتىلەپ كۈنلەرگە ئېپ كەلدى يەنە.

سۈرەتكە تولۇپتۇ كۈنلەر ئالبومى،
ئاختۇرساڭ، بەرى بار ياخشى-يامانىڭ.

ئاقىدۇ بەزىدە شارقىراپ دەريا،
گاھ سۇلار يولىدۇر ئاستى سامانىنىڭ.

ئاپەتلەر شۇلارنىڭ ۋەجىدىن بولدى،
جاڭجاللار ھەتتاكى بەزى كۆنلەرنىڭ.
ئاز دەمسەن دۇنيادا شەيتاننىڭ پۇشتى،
—ئىشى،— دەپ سورىساڭ زادى كىملەرنىڭ؟

قىسمەتسىز تارىخنى كۆرمىدۇق تېخى،
كۆنلەرگە قىسمەتلەر ئۆزى ئەنئەنە.
بىرلىرى قەلبىدە چاقنايدۇ نۇرلار،
قىلىدۇ بىرىدە تۆھمەت تەنتەنە.

تىرىكلىك ئۆتىنى يېيقېپتۇ تەڭرىم
زاماننىڭ ھەر قىسمەت ئوچاقلىرىغا.
ھەيرانمەن كۆنلەرنىڭ ھېكمەتلىرىگە،
سەپسالسام يىللارنىڭ قۇچاقلىرىغا.

* *

تۆمەنلەپ كۆنلەردىن تولدى ئالبوملار،
ۋاراقلاپ تۇرسەمەن كۆندە بىر توختاپ.
ياشلىقتا شۇ بوپتۇ سەھۋەنلىكلىرىم:
كۆنلەرنىڭ بەرىنى كەپتەمەن ماختاپ.

## ۋاي، ئېسىت

ۋاي، ئېسىت، ئەجەبمۇ قىلغان ئىكەنمەن،
شۇ يىللار بىر قايتىپ كەلسىچۇ ئەمدى!
سەن يىغلاپ تۇرسەن ئەپسۇس ئىلكىدە،
پېقىرمۇ ئەقلىگە كەلگەنتى ئەمدى.

تاغ ئەمەس ئىدۇقمۇ شۇنچە غادايغان،
يۇققانتى قەيەردىن شۇ كېسەل بىزگە؟
قولۇمنى سۇنمسام بوپتىكەن، ئېسىت،
مۇھەببەت بېغىدا سەندىن ئېگىزگە.

مەن-مەنلىك قىلىشتۇق، كەتتۇق شۇ پېتى،
ياكى سەن، ياكى مەن باقماي قايرىلىپ.
كۆرۈنمەس بىر رىشتە تۇرسىمۇ بىزدە
ۋە لېكىن كىمبىردە كەتتۇق ئايرىلىپ.

شۇ ئىللەت سۆيگۈنىڭ چىقتى بېشىغا،
ئىگىلگەن بولساڭچۇ سەنمۇ نە كاشكى!
قالمايتتۇق جۇدالىق زۇلمىغا مۇنچە،
ئىگىلگەن بولسامچۇ مەنمۇ يا كاشكى.

بەختىمىز كاجىمكىن ئەزەلدىن شۇنداق،
چۈشمىدى ئارىغا بىرەر ئىنسانمۇ.
مەن ئەمدى ئۇ دەردنى كۆرەتتىم كىمدىن،
ئۆزۈم مەن ئۆزۈمنى بەرباد قىلغانمۇ.

پۇشايمان كەلمەكتە مېنى كاچاتلاپ،
قىيداشلار چىقتى ئاھ، ئويۇندىن چىڭغا.
كۆتسەممۇ كەلمىدىڭ يالۋۇرۇپ بىر رەت،
بارمىدىم يېلىنىپ مەنمۇ قېشىڭغا.

ھە، بوگۈن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالدۇق،
ئۆچكەن ئوت قايتىدىن ياندى لاپ ئېتىپ.
بىلەمسەن، ئون يىلدىن ئىككىسى كەتتى،
مەن سېنى ھەر جايدا يۈردۈم ياد ئېتىپ.

تۈنلەرنى تاڭلارغا ئۇلىدىم تەستە،
ئۆكۈنۈپ سېنىڭسىز ئۆتكەن ئۆمۈرگە.
سەن نە دەپ يىغلىدىڭ بىلمەيمەن، گۈلۈم،
مەن ئارتتىم گۇناھنى تامام كىمبىرگە.

كېيىمىز تۇگىمەي تۇرىمىز مانا،
سەن كەبى ئۆزۈمنى مىڭ جۇنۇپ مەنمۇ.
ياشلىقمۇ كېتىپتۇ كىمبىر كەتكەندە،
شۇ سەۋەب ۋاي، ئېسىت! دەپ قالدىڭ سەنمۇ.

كەتكەنمىز نە قەدەر يۇمشاپ ھە ئەمدى،
مېنىڭدە پۇشايمان، سېنىڭدە ھەسرەت!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆيلىسام، ئۆتكەندەك سەن ئۇچۇن يىغلاپ،
ئۆمرۈمنىڭ قالغىنى بۇندىنمۇ تەسرەك.

تېرىلماي قالغان يەر مىڭ ياخشى بىزدىن،
قەلبىمىز ئوخشايدۇ خۇددى كەچكۈزگە.
مىسالدۇر سۇ ئاقماي تىنغان ئېرىقلار،
يامغۇردا ئۆرۈلگەن ئۆيلەرمۇ بىزگە.

كېچىككەن بولساقمۇ كۆرۈشۈپتىمىز،
ئالەمدىن كەتكىچە ھېلىمۇ تىرىك.
سۆزلىۋال بىچارەم، تىڭشايمەن تولۇق،
بولسىمۇ گەپ - سۆزۈڭ قانچىلىك يىرىك.

*   *

ۋاي ئېست، ئەجەبمۇ قىپتىكەنمىزغۇ،
شۇ ياشلىق بىر قايتىپ كەلسىچۇ ئەمدى!
باشقىدىن ئۇچراشساق، بىزگە تەبىئەت
شۇنداق بىر پۇرسەتنى بەرسىچۇ ئەمدى!

**ياشلىقتا بىز ئېيتقان ناخشىلار**

ياشنىغانمىدۇقكىن شۇنىڭ ئۇچۇنلا،
تۇغۇلغانمىدۇقكىن شۇنى دەپ ياكى.
ئۆگەتكەنمىدىكىن ئاتىلار بىزگە
ناخشىلار ھاياتنىڭ يولى، دەپ ياكى.

بىز قېقىپ ياشلىقنىڭ ئىشىكلىرىنى،
قول ئەمەس، چۈنكى شۇ ناخشىدا ئاچتۇق.
خۇشالنى باشلىدۇق شاھلىق ھۇزۇرغا،
كۆز ياشلار كەينىدىن تەسەللى چاچتۇق.

قېنى شۇ بىز ئېيتقان ناخشىلار ئەمدى،
ئىزدەيمىز ئۇلارنى قايسى يىللاردىن؟
بىرلىرى جانانلار يادىدا دەيدۇ،
سورايمىز قاي چوكان، قايسى قىزلاردىن؟

ئۆلگىنى نېمىسى، بىز ئۆلمەي تۇرۇپ،
ئۆلمىسە بولامدۇ بىرەر دېرىكى؟
بالىلار سورايدۇ: بەس دادا، ئەمدى
ناخشىنىڭ سىلەرگە نېمە كېرىكى؟

تىڭشىماي كەينىمگە قايرىلدىم يەنە،
بىلمەيمەن، كىمدىندۇر سورىغۇم كېلىپ.
ناخشامنى ئاڭلىغان قىزىلگۈل قېنى،
باھاردا باردىمەن پۇرىغۇم كېلىپ.

— ئەجەبمۇ ئېيتاتتىڭ! — دېدى مومايلار،
يادىدا بار ئىكەن قانداق ئېيتقىنىم.
شۇ ئىكەن ئۆيلىسام، ئالتۇن ئورنىغا
ياشلىقتا بايلىق، دەپ مېنىڭ يىغقىنىم.

دەرەخلەر تەلمۈرەر ئاغزىمغا ئەنە،
مېنىڭدىن ناخشىلار تىڭشاش ئەس - يادى.
ناخشامدىن قۇشلارمۇ كۆتەر پاراغەت،
ناخشامدا باغلارنىڭ مەقسەت - مۇرادى.

سۇلارغا قارايمەن شارقىراپ ئاققان،
ئېقىتىپ كەتكەندەك ناخشامنى شۇلار.
بىلمەيمەن تاغلاردا قالدىمۇ ياكى
قارىغايلار بويىنغا بولۇپ تىل تۇمار.

ياشلىقتا بىز ئېيتقان ناخشىلار چۈنكى
تۈنلەرنى ئويغاتقان، تاڭلارنى سۆيگەن.
لاپ ئەمەس قانچىلاپ گۈزەللەر بىزگە
شۇ ئوتلۇق ناخشىلار ۋەجىدىن كۆيگەن.

بېشىدىن كىرەتتۇق مەھەللىمىزنىڭ،
ناخشىدا چىقاتتۇق ئايىغىدىنمۇ.
ئەنگىزلىك قىلغانلار بىر مەھەل بىلمەي،
كەچكەنتى كېيىنچە تايىقىدىنمۇ.

بوۋايلار داناكەن توختاتتى مېنى،
كۆنلەرنىڭ كەينىدىن كەتتى ناخشاڭ! دەپ.
ئات چېپىپ بولغايمۇ قوغلاپ ئارقىدىن،
قول چىشلەپ قاپتىمىز ئەمدى ئەتتەڭ! دەپ.

ياشلىقتىن ئايرىلدىڭ، پۈتتى ناخشىلار،
قالغانچە قېپقالدى ئېيتىلمىغىنى.
شۇ بولدى باغلاردىن ئۆرۈك قاقىنىڭ،
شاخلاردا قېپقالدى قېقىلمىغىنى.

خوش! ئېيتىڭ ياشلىقتا، پۈتتى ناخشىلار،
دەۋەرگەن: شۇ يەردە توختىدى هايات.
ئۈمۈرنىڭ قىزىقى دەل شۇ يەرگىچە،
توختىدى قەدەملەر، توختىدى پارات.

### تومەنگە پارچىلىسام بىر ئۆزۈمنى

ئانا يەر مەندىن سۆيگۈ سورار هەر كۈن،
ئەڭ ئاۋۋال كىمنى سۆيەي، ئۇنى سۆيىمەي؟!
شۇندىنىدۇر تەلمۈرگىنى ئاسمانىنگمۇ،
مەن ئاۋۋال كىمگە كۆيەي، ئاڭا كۆيمەي؟!

ئاستىدا كۆك گۈمبەزنىڭ تومەن كۆزلەر،
دەريادۇر تەشنالىقى مۇهەببەتكە.
ئەمدىلا بىرى بىلەن پىچىرلاشسام،
هۇشقىتار باغلار گەپنى قوشماي گەپكە.

ياق، دېسەم ئاڭا ئاسىي بولمامدىمەن،
جىمىدىن باغۇ-بوستان گۈزەل تۇرسا.
گۈللەرنى سۆيمەي قانداق يۈرەلەيمەن،
قەلبىمدە شۇلار بەرگەن غەزەل تۇرسا.

ئويغانسام، دېرىزەمدىن باقار قۇياش،
—هېجراندا،—دەيدۇ ئۇمۇ، — ئۇلەي دېدىم!
—سۆيەمسەن،سۆيمەمسەن؟—دەپقىلارسوراق
هەر كەچكى شەپەقلەرمۇ، — بىلەي دېدىم.

قۇشلارنى سۆيۈپ چىقسام باهاردىكى،
خۇيلاندى ئۇلار قونغان دەرەخلەرمۇ.
چىللايدۇ ئۆز يېنىغا كېۋەز تۈگۈل
هەتتاكى ئاخشام چۈشكەن خەمەكلەرمۇ.

يىراقتا تاغلار تۇرار قۇچاقلا! دەپ،
بەلكىم ئۇ قۇچاقلىسام قويۇپ بەرمەس.
تەبىئەت، مەن ئۇنچىلا شاش ئەمەسمەن،
ياخشىلار سۆيەي دېسە، تۇرۇپ بەرمەس.

سۆيگۈدە قەرزدارمەن ئادەملەرگە،
سۆي دەيدۇ بوۋايلاردىن بوۋاقىچە.
جۇگانلار ئىما قىلسا كەل شائىر، دەپ،
نە ئېتەي، قىزىرىمەن قۇلاقىچە.

ئەگمىدۇ كېپىنەكلەر ئەترابىمنى،
سۆيگۈدۇر مەندىن ئۇنىڭ تالاشقىنى.
تۈندىكى يۇلتۇزلارنىڭ بىكار ئەمەس
تاڭغىچە ماڭا تويماي قاراشقىنى.

سۆيگۈگە يارالدىم، دەپ قىلدىم جاكار،
ئاز سۆزگە يىغىنچاقلاپ جىق سۆزۈمنى.
ئەرزىيدۇ شۇلار ئۈچۈن هەر مىنۇتتا
تومەنگە پارچىلىسام بىر ئۆزۈمنى!

ئابدۇللا سۇلايمان

## تەبىئەتكە تۇتاشتۇر قەلبىم

### ئەل-يۇرتتىن، تەبىئەتتىن ئاغرىنمايمەن

يارالدىم، يارالغىنىم بىر مۆجىزە،
ياشىدىم ياراتقاچقا يارانغىلى.
بۇ دۇنيا گۈزەل ئىدى كۆلكەمدەكلا،
تىرماشتىم يىگىنە بىلەن كان قازغىلى.
بولسامۇ بىساتىم يوق بىر گادايمەن،
خىياللار، ئارزۇلارغا ئىدىم باي مەن.

www.uyghurkitap.com

ئېقىنلار يايرىتىپ شوخ دولقۇنىدا،
چاقناتتى تاغلار ئېسىل تاشلىرىنى.
شامالّلار ھۇزۇر بېرىپ ۋۇجۇدۇمغا،
يېگۈزدى باغلار مېۋە ـ ئاشلىرىنى.
نەدە توي بولسا شۇندا ھازىر ـ ساي مەن،
يايرىدىم، ئۇستىبىشىم پۇزۇر ـ شايمەن.

ئات قىلىپ مىنگەن چېۋىق قۇرىغاندا،
بۇزۇلدى قانچە باغلار شورىسىمۇ.
مۇھەببەت نوتىسىنى يىرغان ئىدىم،
تۆكۈلدى بىللە چېچەك ـ غورىسىمۇ.
بولغاچقا تۇتۇق بەرمەس كەپسىز تاي مەن،
بەرمىدىم ئۆز ـ ئۆزۈمگە سوئال، ھاي، مەن.

قەيەردىن چىقىپ نەگە بارارىمنى
كۆرسىتىپ بەرگەن باشتا ئەل ـ يۇرت ـ تەگرى.
ئاچالدا، چىغىرلاردا ئېزىقتىم كۆپ،
بولسىمۇ ماڭىدىغان يولۇم كەگرى.
سۈزۈك سۇ تۇرسا كېزىپ پاتقاق لاي مەن،
قۇرۇق گەپ بىرلە سالدىم ھويلا ـ جاي مەن.

يىغلىتىپ ئېيتقانلارغا چىشىم بىلەپ،
ماختىنىش كەمپىتىنى شورىدىم ئۇزاق.
ھىجىيىپ دولا قاقاقان بولدى دوستۇم،
چامدامدا قۇرسىمۇ كۆپ پىنھان تۇزاق.
بىخۇدلۇق چىنىسىدىن ئىچىپ چاي مەن،
مەستلىكىم يېشىلگەندە دېدىم: ۋاي مەن.

ھاياتلىق دەرياسىغا تاشلاپلا تور،
تۇتۇندۇم شىجائەتتە قۇت سۆزگىلى.
كۆرۈپلا كۆكتە بۈركۈت، ئۇچماق بولدۇم،
زورۇقۇپ بۇلبۇل كۆرسەم كۈي تۈزگىلى.
تۈزۈكرەك ئېيتالماستىن ناي ـ نى ناي مەن،
چاغلىدىم بىر ئۆزۈمنى چولپان، ئاي مەن.

يۈكسەككە ئۆرلىسۇن دەپ شوتا قىلسا،
يارانلار ماڭا يەلكە ـ قامىتىنى؛
ئەقلىمدىن نەپسىم غالىب كېلىپ گاھى
يەۋالدىم كۆپىنىك لوقما ـ ئامىتىنى.
تۆگۈلۈپ بەر دېسىلا بولۇپ ياي مەن،
ساتتىم دەل ئۆپكە، تەگلەپ قۇيرۇق ـ ماي مەن.

كىم مېنى ئۆزۈك ئەمەس بولغىن دەپتۇ؟
كىم مېنى ياشا دەپتۇ روھى زەئىپ؟
كىم مېنى يىقىلغاندا يۆلىمەپتۇ؟
ھەممىسى بىر ئۆزۈمدىن ئۆتكەن ئەيىب.
قالغانغا تەشنائى زار دەشتى ساي مەن،
ئەل ـ يۇرتتىن، تەبىئەتتىن ئاغرىنمايمەن.

## نۇر تەسراتى

لىباس كىيگەن قاردىن ئېگىز تاغلار چوققىسى،
يالتىرايدۇ كۈنگەيلەردە نۇرى قۇياشنىڭ.
بۈركۈت ئۇچۇن بۇ يۈكسەكلىك ئەپلىك بىر ماكان،
قانىتىنى نۇردا چاقلاپ ئۇچۇپ ئوينىشىنىڭ.

ئۇۋىسى بار ئۇندىكى تىك قىيا ئۈستىدە
ئانا بۈركۈت چۈپ، پەرلەردىن ياسىغان مەزمۇت.
ئۇچۇرىدۇ بالىلىرىنى ئۇندىن ھەر قېتىم
ئاتا قىلىپ سەبىي جانغا قەيسەرلىك ھەم قۇت.

بۇ ھالنى ئۇ كۆرۈپ قويدى بۆركۆتكە سوئال
ئەجەبلىنىپ قىيادىن «ئۆي» تۇتقانلىقىغا.
سوئال قويدى قويۇپ ئىچۈن تاغنىڭ باغرىنى
ئېگىزلىككە چىقىپ تۇخۇم تۇغقانلىقىغا.

جاۋاب بەردى بۆركۆت: پەسكە ئۇۋا سالسام گەر
كۆرەلمەيدۇ بالىلىرىم نۇر كۆز ئېچىپ دەرھال.
چوڭ بولغاندا ئۇلار نۇرغا يېقىنلىشالماي،
ئۇدۇممىز تۈگەپ بىزگە يېتىدۇ زاۋال.

ئاڭلاپ بۆركۆت سۆزىنى ئۇ بولدى ئۇققاندەك،
تىك قىياغا ئۇۋا ياساپ تۇغۇش سىرىنى.
نۇر تالاسى ئېقىپ كىرىپ قەلب قەسرىگە،
يۇيۇپ ئۆتتى ۋۇجۇدىدىن دېغى - كىرىنى.

ئانا بۆركۆت پەرۋازىغا ئەگىشىپ تەڭلا،
نۇر قوينىغا پەۋاندەك ئۇ ھەم ئېتىلدى.
نۇر يىپىغا ئۆتكۈزۈلگەن تىزىق مارجىنى
يالتىرىغان چوققىلارغا تەكشى چېچىلدى.

**گۈزەللىك ئىنساننىڭ مەنزىلگاھىدۇر**

تولغان ئاي چىرايلار، نۇرلۇق جۈپ كۆزلەر
ھەر بىرى بىر يۇلتۇز، ھەر بىرى چولپان.
شىجائەت ئۇرغىغان غەيۇر قامەتلەر
تېمەنلىك تەختىدە گوياكى سۇلتان.

ئالبۇملار بېرىدۇ شۇنداق تەسىرات
قاچانكى ئېچىلسا ئۇنىڭ ۋارىقى.
(ئالبومسىز ئۆتمەيدۇ مەدەنىي ھايات،
ئالبوملار ئۆمۈرنىڭ ئىزى - تارىخى.)

سۈرەتلەر بىر - بىرلەپ سالىدۇ ئەسكە
قايغۇلۇق دەملەرنى، شادلىق پەيتىنى.
كىم ياشاپ پاكلىقتا كەلدى شۇ ھالغا،
كىم قايسى تەرزدە چاقتى قەنتىنى.

چىرايلار ئۆمىدلىك، گاھ كۆزدە ھەسرەت
تاتۇقلار يۆگەلگەن چاچتا، پەردازدا.
ئەيىبلەر نىقاپتىن تاپقان گۈزەللىك
سۈرەتتە قاتقان شۇ كەرەشمە - نازدا.

ئالبومنى ۋاراقلاش توختىغان چېغى
ئەسلىمە سەكرىشى تۇغار تەپەككۇر؛
مىڭ پارچە سۈرەتتە بار بىر ئوخشاشلىق،
ھەر دىلدا ئۇزلۇق جاي ئالغان بەك چوڭقۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىرايى ئۆزلىرىمۇ موھتاج ئۆزلۈككە،    گۈزەللىك ئىنساننىڭ مەنزىلگاھىدۇر،
كۆرۈمسىز چىرايلار موھتاجدۇر ئاندىن.    گۈزەللىك ئىنساندىن ئىنسانغا ئۆدۈم.
ئىچى-تېشى سەتلەرمۇ ئۆز بولسام دەيدۇ،    بۇ تەكرار پىكىرنى ئىسپاتلار يەنە
ئۆزلىرىگە قىممەتلىك ھەتتا ئۇ جاندىن.    ھەر قېتىم ئېچىلىپ يېپىلغان ئالبوم.

## تۇيغۇن تۇيغۇلار

قوشكېزەكتۇر تەبىئەت بىلەن ئىنسان ئەزەلدىن،
تەبىئەتنىڭ خۇي-پەيلى ئەندىزىدۇر ئىنسانغا.
ئادەملەرنىڭ تۇيغۇسى، مېھنەتلىرى، ئارزۇسى،
كەلتۈرىدۇ يەر، ئېقىن، گىياھ، تاغنى جەۋلانغا.

1

مۇنبەت زېمىن باغرىغا بىر تال ئۇرۇق چۈشكەندە،
يىلتىزلايدۇ بىخ سۈرۈپ، ئۆتكۈزۈپ ئۇ قانچە تاڭ.
بۇ دەقىقە ئانىنىڭ تۇغۇتىغا ئوخشايدۇ،
گۈلنىڭ نۇرنى سۆيۈشى بالىدىكى تۇيغۇ-ئاڭ.

گۈل پورەكلەپ ئېچىلدى، مىسلى ئوتقاش ھەر غۇنچە،
ئۇنىڭ خۇش ھىد چېچىشى تىمسالىدۇر ياشلىقنىڭ.
مېۋە-دانلار چاناقنى يېرىپ ئەگدى غوللارنى،
تۈگىمىشىدۇر دەل بۇ پەيت ياشلىقتىكى شاشلىقنىڭ.

ھارغىن ياپراق توختىدى كەچكۈز كۈنى چاۋاكتىن،
ئۇنىدىكى ھەر سىزىقلار چىرايلاردا زەپ ئېنىق.
قاداقلاشقان بىر جۈپ قول، يېرىلغان ھەم غول، بەرگ،
ئىنساندىمۇ، گۈلدىمۇ ئاق، قىزىل رەڭ زەپ قېنىق.

قىراۋ چۈشكەن شۇ كېچە گۈل يىقىلدى ئاستىلاپ،
خازانلىقتا بىر يۇلتۇز كۆكتىن ساقىپ ياندى ئاشتى.
ستېرېئولۇق روھ-تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ ئىنساندا،
ئاداققى دەم ئۇھ تارتىپ كۆزلىرىنى چوڭ ئاچتى.

2

تىنىقىنى تۇپراقنىڭ تىڭشاپ ئويغاق ئېقىنلار،
سۈكۈتلۈككە سۈكۈتسىز پەيتنى باشلاپ كېلىدۇ.
ئويغاقلىقى بەھرىدىن داللارنى ياشارتىپ،
ئويناقلىقتىن قىرغاققا پاتماي شاشلاپ كېلىدۇ.

ئويغاق ئېقىن، شاش ئېقىن ئىنساندىكى سەگەكلىك،
شۇ تىنىمسىز مېھنىتى ئويغاقلىقنىڭ پەرۋازى.
ماڭلىيىدىن تۆكۈلگەن ئەجرى تەڭدۇر تامچىغا،
دىل كۈيلىرى ئېقىنىنىڭ شاۋقۇنلىرى ئاۋازى.

كېيىنكى دولقۇن ئىتتەرسە تۈنجىسىنى يولىدا،
ئىنسانلارمۇ شۇ يەڭلىغ ئالار قەدەم - ئىزىنى.
كەڭلىكلەردە ئاقسا جىم، ئېگىزلىكتە گۈركىرەر،
ئىنسان شۇنداق ئۆگەتكەن ھەر بىر ئوغۇل - قىزىنى.

جىم ئاقىنى مۇھەببەت، ئىناقلىققا ئوخشىسا،
قەھرى كۈچلۈك ئوغلاندۇر گۈركىرىشى قايىنامىنىڭ.
چەشمىلەرنىڭ زارىققان دالىلارنى سۆيۈشى
نۇسخىسىدۇر قوشماقلار تۈزگەن مەشرەپ - بايرامىنىڭ.

چۆكۈپ كېتەر چۈشسە گەر مىسقال تۆمۈر ئېقىنغا،
ئىنسان قەلبى شۇ يەڭلىغ كۆتۈرەلمەس ئېغىرنى.
ئېقىن لاتقا - پاخالنى چايقاپ چەتكە تاشلايدۇ
سەسكەنگەندەك ئىنسان ھەم كۆرسە مەينەت، يېغىرنى.

داۋام قىلار بۇ ئۆمۈر بىر ئۇلانما زەنجىردەك،
ئېقىندىمۇ ئۆركەشتىن تەكرارلىنار ئەشۇ ھال.
ئىنسان، ئېقىن قەدىمى ماس سۈرئەتلىك سىزىقتا
بىرى بىرىگە تەقەززا، بىرى بىرىدىن بەركامال.

3

نەيزە باشلىق تىك چوققا تۇرار كېرىپ قەددىنى،
ساقلاپ سېخى قوينىدا كۆز يېشىنى تاغلارنىڭ.
بەستى گويا بۈيۈكلۈك سىماسىغا ئوخشىسا،
كەڭ كۆكسىنىڭ كەڭلىكى ئامىتىدۇر باغلارنىڭ.

سېخىلىقنى ئىنسانغا ئۆگەتكەنمۇ تاغ - چوققا،
بەرگەنمۇ يا تاغلارغا ئىنسان شۇنداق بۈيۈكلۈك؟
قامەتلەردە سېخىلىق، بۈيۈكلۈكتە كەڭلىك بار
تارىخ ئاتلىق مىرزىنىڭ دەپتىرىگە پۈتۈكلۈك.

دەل ئۆزىدۇر سەپەرگە ماڭغان كارۋان سېپىنىڭ
بىر - بىرىگە مىنگەشكەن قات - قات تاغلار ئۆركىشى.

www.uyghurkitap.com

قىيان بولۇپ ئاققىنى جىرالارغا لىق تولۇپ
مەنزىلىگە يەتكەنلەر شادلىقىنىڭ كۆز يېشى.

باھادىرلار قامەتلىك تىك چوققىنىڭ تىمسالى،
يۈلەپ تۇرار ئاسماننى بۇ بىر جۈپ زور سەلتەنەت.
ئىنسانلارنىڭ كەڭ كۆكسى سىغدۇرىدۇ جاھاننى،
شۇ كەڭلىككە شاھىدتۇر تىك چوققىلار تائەبەت.

مۇھەممەت رەھىم

## رەڭمۇرەڭ ھېس - تۇيغۇلار

### كۆز

كۆز دېگەن مەشئەل - چىراغ،
ئۆچىدۇ ئۇ ھەم پىراق.
ئۆچكىچە شۇ مەشئىلىڭ
ئەگرى يولدىن بول يىراق.

كۆز دېگەن ھەر كىمدە بار،
ھەر نە كۆرسە ئىختىيار.
ئىختىيار دەپ، قەدرىنى
بىلمىسەڭ نە ئېتىبار!

كۆز دېگەن بىر جۈپ زۇھەل،
كۆز بىلەن ئادەم گۈزەل.
كۆزدىن ئايرىلغان كۆڭۈل
ھېسسىياتقا كەمبەغەل.

كۆز بىلەن شادلىق قىيان،
كۆز بىلەن نەپرەت ئايان.
كەلمىگەندە گەپكە تىل،
كۆز كۆڭۈلگە تەرجىمان.

كۆز مۇھەببەت ئاملى،
ئەلچىلەرنىڭ بىر خىلى.
كۆز ئېغىزدىن ئىلگىرى
سۆزلىگەن سۆيگۈ تىلى.

ئىككى جۈپ كۆز بىر ھازا
مۇڭدىشىپ ئالدى تازا.
سۆزگە ھاجەت قالمىدى،
تارتمىدى لەۋلەر ئىزا...

يازغىنىم تاشكەنت قىزى،
بۇ ئۇنىڭ شەھلا كۆزى.
بولدى شۇ كۆزدىن ئايان
چىن قېرىنداشلىق سۆزى.

1989 - يىل نويابىر، تاشكەنت

مەنمۇ بىلدىم

(دەم ئېلىشقا چىققان بىر كادىرنىڭ تەسراتى)

شەرەپ دېدى دەم ئېلىشقا چىقىشنى،
چىقتىم شۇڭا تەڭتۇشلاردىن ئىلگىرى.
بەك سۆيۈندۈم ئەركىنلىككە چىقتىم دەپ،
پىراق كۆڭلۈم غۇۋالاشتى كۈنسېرى.

مىسكىن بىر ھال چىرمىۋالدى روھىمنى،
ئايرىلغاندا خاسىيەتلىك ھوقۇقتىن.

يىراقلاشتى سەپداشلىرىم، دوستلىرىم،
چەتنىگەندەك سۇ چىقمىغان قۇدۇقتىن.

قانچە دوستى بارلىقىنى ئەپەندىم
بىلگەنىكەن قازىلىقتىن چۈشكەندە.
مەنمۇ بىلدىم سالام - سائەت، ھۆرمەتنىڭ
راست - يالغىنى نىقابىنى يەشكەندە.

### ئۇرۇنسىز غەم

جېدەللەشتى ئەر - خوتۇنلار كۆندۈزى،
ھەقلىق دەيتتى ھەرقايسىسى ئۆزىنى.
ئەپلەشتۈرۈپ قويدى ئاران قوشنىلار،
قىلىڭلار دەپ بىر بالىنىڭ يۈزىنى.

كەچمۇ كىردى، تۆگىمىدى مايتارتىش،
يەنە جېدەل بولارمۇ تاڭ ئاتقىچە...
بەك ئۇرۇنسىز غەم يەپتىمەن ئۇلاردىن،
توي كۆندەك شاد ئۆتتۈپتۇ بۇ كېچە.

### چوققا ۋە جىلغا

كۆن ئۆزىراپ يەتتى بۆگۈن چېكىگە،
دەم ئالدۇ بىر - ئىككى كۈن چوققىدا.
تۆن قىسقىراپ قالدى جىلغا ئىچىدە،
نۆۋىتىم شۇ، دېدى، ماڭاي ئارقىدا.

كۆنمۇ ئەمدى يورغىلايدۇ تۆۋەنگە،
كۆتەر ئۇنى جىلغىدىكى دېكابىر.
ھە، شۇ چاغدا تۆن چىقىدۇ چوققىغا،
كۆن قىسقىراپ بولۇپ قالار مۇساپىر.

تەبىئەتنىڭ بۇ قىسمىتى بەئەينى
ئادەمدىكى ياشلىق بىلەن قېرىلىق.
بىراق بىزگە نېسىپ بولغان بىر قېتىم
چوققا بىلەن جىلغىدىكى ئارىلىق.

90 - يىل 22 - ئىيۇن

### گىتار

چىقتى بىر ياش گىتار بىلەن سەھنىگە،
ئىجرا قىلدى مۇقاملاردىن ئۆزھالىنى.
ئالقىشلىدىم ھۇزۇرلىنىپ، شادلىنىپ،
مۇزىكىمىز قۇچقان يېڭى ئىقبالىنى.

ياشلارغا خاس، دىسكوغا ماس شۇ گىتار
مۇقام بىلەن بولدى مانا ئاھاڭداش.
گىتار بۆگۈن چىلىلىماقتا ساتارنى
سايرايلى دەپ بولۇپ ھەمدەم، زامانداش.

ئابدۇلئەھەد قادىرى

## ئۈتلۈق سادالار

### ئەسسالام، ئۈرۈمچى!

ئۈرۈمچى، مۇبارەك قوينۇڭنى تاۋاپ
قىلغىلى جابدۇنۇپ كەلدىم يىراقتىن.
شامىلىڭ ئالدىمغا چىقتى ھال سوراپ،
بولدى مەس يۈرۈكۈم خۇشبۇي پۇراقتىن.
ئەسسالام، ئۈرۈمچى جانىجان شەھەر،
ئەسسالام، مېھرى ئوت ئانىجان شەھەر.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇزاقتىن نامىڭنى كېلىمەن يادلاپ،
بولسا دەپ چېھرىڭنى بىر كۆرۈش نېسىپ.
ئاھ! ئارمان يۇلتۇزۇم كۆلدى چاراقلاپ،
سەن مېنى سۆيگەندە باغرىڭغا بېسىپ.
ئەسسالام، ئۈرۈمچى مۇقەددەس شەھەر،
ئەسسالام، نەۋقىران، زەبەردەس شەھەر.

چۈشۈمدە قانچە رەت كۆرگەن كارامەت ـ
مۆجىزە نامايان بولدى ئۆڭۈمدا.
لال قىلدى ئەقلىمنى رەت ـ رەت ئىمارەت،
بۇلۇتنى باغاشلاپ ئوڭ ۋە سولۇمدا.
ئەسسالام، ئۈرۈمچى سۆيۈملۈك شەھەر،
ئەسسالام، باياشات كۆكۈللۈك شەھەر.

باھاردەك چىرايلار، باھاردەك مۇھىت...
ھەر يېقىڭ باھاردىن بېرىدۇ دېرەك.
قۇچۇپتۇ باغرىڭنى ئىقبال ۋە بەخت
ئەسىرلەر ئارمىنى ياشنىتىپ چېچەك.
ئەسسالام، ئۈرۈمچى بەختىيار شەھەر،
ئەسسالام، مەڭگۈلۈك بەختى بار شەھەر.

بىر بۈيۈك ئارزۇغا بولۇپ بەخشەندە
مەن كەلدىم قوينۇڭغا، كەل، دېدىڭ سەنمۇ.
مەرىپەت يۇلتۇزى چاقنايدۇ سەندە،
نە ئارمان زەررە بوپ چاقنىسام مەنمۇ.
ئېخ، گۈزەل ئۈرۈمچى شەھرىم ئەسسالام،
شەۋكىتىم، غۇرۇرۇم، پەخرىم ئەسسالام!

## چىنار قەسىدىسى

— قاراقاش ناھىيىسىنىڭ ئاقساراي يېزىسىدىكى 500 يىللىق چىنار دەرىخى ئۇقتىلىق قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىقلار قاتارىغا كىرگۈزۈلدى.

— گېزىت خەۋىرى —

مۆجىزە ـ ھېكمەتنىڭ ماكانى يۇرتۇم،
ئالدىدا سۇلايمان تەختىمۇ چانار.
سۆزلىسەم تەرىپى بولىدۇ مىڭ تۇم،
مىڭدىن بىر مىسالى ـــ باراقسان چىنار.

بۇ سېخى، مېھرىبان ئانا تەبىئەت
بەشيۈز يىل ئۆمۈرنى بېرىپتۇ ئاڭا.
قونسىمۇ يىللارنىڭ چېڭى ناھايەت،
نەۋ قىران كۆچەتتەك تۇيۇلار ماڭا.

قىلغاندەك نامايىش يۇرت غۇرۇرىنى
تۇرىدۇ ئاجايىپ ھەيۋەت قەد كېرىپ.
قېرىماي كەپتۇ ئۇ، قۇياش نۇرىنى
ئايىماي، تۇرغاچقا زېمىن ئەي قىلىپ.

بىر كۆنلۈك يىراقتىن قارىساڭ ئاڭا،
كۆرۈنەر كۆزۈڭگە يېشىل مۇناردەك.
بارمىكىن مۆجىزە بابىدا يەكتا
يۇرت كۆركى، دەل ـ دەرەخ شاھى چى ـ
ناردەك.

چۈشىدۇ بىر پاتمان يەرگە سايىسى
ھارغان ۋە ئاچقانغا بولۇپ ئارامگاھ.
ئەل ـ يۇرتنىڭ پىغانلىق كۆز ياش ـ نالىسى
ۋە بەخت تويىغا ئۇ شاھىد ـ گۇۋاھ.

ئۆتكەندۇ ئاستىدا سەكىپ كېرىلىپ
ئىشرەتتە دۇنيادىن قانچە بەگ زالىم.
ئۆتكەندۇ مەرىپەت ئۈچۈن ئىزدىنىپ،
ئەخمەتشاھ بوۋامدەك ئۆلىما، ئالىم...

شۇ ھەقتە سوئاللار سوراپ كېتىمەن،
بۇ ئانا زېمىندىن، ئايدىن ـ قۇياشتىن.
كەلمەكتە ياشناپ ئۇ يىگىتتەك تېمەن
نەچچە ئەر ئۆمرىنى ئۆتكۈزۈپ باشتىن.

چۈشكەنمۇ ئاسماندىن، ئۈنگەنمۇ يەردىن؟
ۋە يا بىر دانىشمەن قويغانمۇ تىكىپ؟
ياپرىقى زۇمرەتمۇ، شاخلىرى زەردىن،
كىم ئۇنىڭ غولىغا قويغان گۈل چېكىپ؟!

خىياللار سۈرىمەن چىنارغا قاراپ
ھېسلىرىم دېڭىزدەك چايقىلار ھەريان.
ياپراقلار پىچىرلاپ بەرگەندە جاۋاب،
بولدى ئېنىق، بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت ئايان...

تەڭداشسىز ھېكمىتى، شەپقىتى بىلەن
تۇغدى كۆپ مۆجىزە بۇ ئانا زېمىن.
ئەي، ئىنسان، يىلتىزىڭ بولسىلا تىرەن،
چىناردەك يۈز يىللاپ كۆكلەيمەن دېگىن!

## دوست دېسە

دوست دېسە خۇشلۇقتىن كۈلۈپ كېتىمەن،
دوست ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ كېتىمەن
مۇبادا دوستلارسىز ئالسام بىر نەپەس،
يالغۇزلۇق دەردىدە ئۆلۈپ كېتىمەن.

بىر كۆچەت يېگانە بولالماس ئورمان،
توپلىشىپ ياشايدۇ چېغىدا ھايۋان.
كېرەكتۇر ئوتقا سۇ، ئادەمگە ئادەم،
تۈۋرۈكسىز ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ ئايۋان.

بۇ جاھان دوستلۇقتىن گۈللىسە دەيمەن،
ھەر كۆڭۈل مەيلىگە دوستلۇق تىلەيمەن.
ئامەتنىڭ تەختىگە بولساممۇ سۇلتان،
مەن يەنە دوستلارنىڭ غېمىنى يەيمەن.

تۇققۇزۇم تەل مېنىڭ، ئەمەس يېلىڭ، ئاچ،
بىراقكى، مەن ھامان دوستلۇققا موھتاج.
كۆپەيسە ۋاپادار دوستلىرىم قانچە،
بولۇمەن كىيگەندەك بېشىمغا زەر تاج.

ياشايمەن ھەمىشە دوستلۇقنى سۆزلەپ،
دوستلارنىڭ ئارمىنى، بەختىنى كۆزلەپ.
ياشايمەن گۆرىنى قېزىپ نىزانىڭ،
ئىناقلىق، دوستلۇقنىڭ يولىنى تۈزلەپ.

ئابدۇللا ئەبەيدۇللىن

# شېئىرلار

## ئانا مۇھەببىتى

ئېنىق، ئانا تۇغدۇڭ مېنى، باغرىڭدا كۈلدۈم، يايرىدىم،
پەرۋىشىڭدە يېتىلىپ، قوينىڭدا گۈلدەك ئايىندىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

شەپقىتىڭ سىڭدى تېنىمنىڭ قات-قېتىغا قان بولۇپ،
قۇچىقىڭدا ئىشقىۋاز بۇلبۇل بولۇپ شاد سايرىدىم.

جانىنى تىكتىم ئىشلىرىڭغا ئەڭ ئۇلۇغ بۇرچۇم بىلىپ،
نەدە قويساڭ مەن شۇ يەردە، تەر تۆكۈپ ھېچ ھارمىدىم.

رازى بولدۇم سەن ئۈچۈن چەكسەممۇ مەن قات-قات جاپا،
ئۆزگە جەننەتكە بېرىلىپ كۆز قىرىمنى سالمىدىم.

سالسا تەھدىت سەن ئانامغا مەيلى قانداق جۇت بوران،
شۇ بوران-چاپقۇندا ھەرگىز ئۆز يولۇمدىن تايمىدىم.

كۆرسىتىپ بەردىڭ ئۆزۈڭ پارلاق يولۇمنى ھەرقاچان،
شۇڭا ھەر قانداق سەپەردە مەن نىشاندىن ئازمىدىم.

### ۋەتەنداش

بىز يارالدۇق مايمۇنلاردىن قەدىمى زامان،
ئۆتتۇق كەلدۇق ئۆتكەللەردىن بىرلىكتە ئامان.
سۆزلىسەكمۇ ھەر خىل تىلدا، تەقدىرىمىز بىر،
بىز ياشىدۇق بىر ئانىنىڭ باغرىدا ھامان.

### ئۆملۈك

قۇم-شېغىللار يىغىلغاچقا بوپتۇ تاغ بىنا،
بىرلىششتىن قىپتۇ ئەجداد چۆلدە باغ بىنا،
تامچىلاردىن ھاسىل بوپتۇ دولقۇنلۇق دېڭىز،
بوپتۇ ئۆملۈك-ئىناقلىقتىن خۇشال چاغ بىنا.

### ئىبرەت

ئايرىلغان قوي بۆرىلەرگە كەتكەن يەم بولۇپ،
تارتالماپتۇ ھارۋىنى ئات ھەمراھ كەم بولۇپ.
يالغۇز چالغان چاۋاكتىن ھېچ چىقماپتۇ سادا،
يولدا كارۋان ۋەيران بوپتۇ ماڭماي جەم بولۇپ!

ئابلغارجان سادىق

# تىنچلىقتا مۆگدەر ئورمان

سىلكىپ ئېگىز ئاق تېرەكلەرنى،
يىراقلاردىن كېلىدۇ شامال.
غەيرىي تىۋىش - سادالار سىڭگەن
ناخشىسىغا ئۇنىڭ ئېھتىمال.

دېرىزەمدىن كۆلۈپ باققان ئاي
بىردەمدىلا بولۇپتۇ غايىب.
ئاقۇش نۇرغا ئورالغان ئاشۇ
ئورمانزارلار قاپتۇ قارىيىپ.

يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەس كۆكتە،
نۇرلىرىمۇ ئاقمايدۇ تال - تال.
مەن كۆزنەكتىن قاراپ يىراققا،
خىيال سۈرۈپ تۇرىمەن بۇ ھال.

دەريالاردا ئوينايدۇ يۇلتۇز
بېلىقلارغا بولۇشۇپ ئەرمەك.
دولقۇنلارمۇ تىنچىغان گويا
بولۇپ ئاڭا تىنچلىق بەرمەك.

ئاھ نەقەدەر گۈزەل تىنچ دەم،
جىمجىتلىقتا مۆگدەر ئورمان.
سىر ئېيتىشىپ پىچىرلىشىدۇ
قىز - يىگىتلەر ئىزدىشىپ پىنھان.

دولقۇنلىتىپ دەريا سۈيىنى
يىراقلاردىن كېلىدۇ شامال.
قىز - يىگىتلەر كېتەر يىراققا
يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەس غىل - پال.

مەن كۆزنەكتىن قاراپ ئاسمانغا،
يۇلتۇزلارنى ئىزدەيمەن يەنە.
بۇلۇتلارغا مۆكۈشكەن ئۇلار
سەبىيلىكتىن قىلىپ تەنتەنە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇھەممەت باغراش

# ياۋا ئەتىرگۈل

(پوۋېست)*

## 14 - باب

تونۇشقىنىمىزنىڭ ئۈچىنچى ئېيىغا قەدەم قويۇۋاتىمىز. كۈنلەر ئاۋۋالقىدەك ئۆتمەكتە. بىزنىڭ بىرگە بولىدىغان سائەتلىرىمىزنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ مۇناسىۋىتىمىز بارغانسېرى پىشىپ بارماقتا ئىدى. تەشنائى بىلەن رەنا خوپ ياخشى ئۆتۈۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قايسى دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى بىلمىسەممۇ، تەشنائىنىڭ رەنانى ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىگىچە ئۇزىتىپ قويۇشلىرىدىن ۋە تەشنائىنىڭ روھىي كەيپىياتىدىكى تەمكىنلىك ۋە قانائەتكە ئوخشاپ قالىدىغان خۇش خۇيلۇقتىن، ئۇلارنىڭ خېلىلا «پىشىپ» قالغانلىقىنى پەرەز قىلىمەن. مەنمۇ رەناغا خېلىلا ئېچىلىپ قالغاندەكمەن. گويا بىز ئەزەلدىن تونۇشتەك ۋە قىسقىغىنا ئايرىلىشتىن كېيىن قايتا پىشىپ بىرگە ياشاۋاتقاندەك ۋە دائىم مانا مۇشۇنداق قىزغىنلىق ئىچىدە بىللە ئۆتىدىغاندەك.

لېكىن رەنا ئۇنداق ئويلامدىكىن؟ ئۇ نېمىشقىدۇر بارغانسېرى جىمغۇر ۋە تارتىنچاق بولۇپ ئۆزگىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ مەن بىلەن دەسلەپكى كۆرۈشكەن چاغلىرىدىكى دىدىللىكى، خۇش خۇيلۇقى ئەمدىلىكتە بىر خىل جۈرئەتسىزلىككە، كەمسۆزلۈك ۋە خىيالچانلىققا ئالماشقانىدى. ئۇ ماڭا كەمدىن - كەم مۇراجىئەت قىلاتتى ۋە سۆزلەۋاتقاندا نېمىشقىدۇر كۆزىنى مېنىڭ كۆزۈمدىن ئېلىپ قاچاتتى. مۇبادا كۆزلىرىمىز ئۇچرىشىپ قالسا بىردىنلا قىزىرىپ كېتەتتى ۋە قىلىۋاتقان سۆزىنى توختىتىپ باشقا تەرەپكە قاراۋالاتتى. گاھىدا مەن ئۇ قىزنىڭ ماڭا نېمىشقىدۇر سوغۇق مۇئامىلە قىلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم ۋە ھەيران بولاتتىم. لېكىن ئۇنىڭ بۇنداق ھالىتى ئۇزۇنغا بارمايتتى، ھە دېمەيلا ئاۋۋالقىدەك قىزغىن ۋە جەلىپكارلىقىغا قايتاتتى. يەنە تۇرۇپلا بىرنەچچە كۈنگىچە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ھېچ چۈشىنىكسىز دەككە-دۈككىگە قالغاندەك بولاتتىم ۋە جىمىپ كېتەتتىم. «ئۇنى بىرەر ئىش بىلەن رەنجىتتىم-

*بېشى ئۆتكەنساندا.

ـمۇ؟ ياكى مەندە ئۆزۈم سەزمەيدىغان بىرەر ئىللەتلەر بارمىكىن؟» دەپ ئويلاپ قالاتتىم.
يەنە تۇرۇپلا بۇنى بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق كەچۈرمىشنىڭ ئىنكاسىدۇر دېگەن
خۇلاسىنى چىقىراتتىم. دېمىسىمۇ مۇھەببەت ئۈستىدىكى قىزلاردا مانا مۇشۇنداق مىجەز
بىقارارلىقى دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. رەنامۇ تەشنائى بىلەن قىزىشىپ يۈرگەندىكىن بۇنداق
بولۇشتىن ساقلىنالمايدۇ ـ دە! يەنە كېلىپ مېنىڭ بۇنداق ئىشلارغا ــ رەنانىڭ مىجەزىنىڭ
ئۆزگىرىشلىرىگە بۇنچىلىك دىققەت قىلىپ كېتىشىمگە نېمە ھەققىم؟ مەن ئۇنىڭ كىمى
ئىدىم، دەپ ئويلاپ قالاتتىم ۋە ئۇيۇلۇپ قالاتتىم. ئۆزۈمنى ئەيىبلەيتتىم. دېمىسىمۇ بۇ
يەردە ئاساسلىقى ئۇنىڭ تەشنائى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى. مەن پەقەت ئۇلارنىڭ
قىزىشقا باشلىغان مۇناسىۋىتىنىڭ «ئوت» ئېلىشى ئۈچۈن پۈۋلەپ بەرگۈچىمەن، خالاس.

مەن زىممەمگە ئالغان ۋەزىپىنى ئۇنۇتمىغانىدىم. مۇۋاپىق بىرەر پۇرسەت تېپىپ
رەسمىي ئىشقا ئۆتۈشنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم. لېكىن نېمىشقىدۇر بۇ ئىش سوزۇ-
لۇپ كېتىۋاتاتتى. نېمە ئۈچۈنكىن بۇنىڭغا نېمىدۇر بىر نەرسە توسالغۇ بولۇۋاتقاندەك
ئىدى. بۇ نېمە توسالغۇ؟ پۇرسەت پىشمىدىمۇ؟ يەنە قانداق پۇرسەت؟ قاچانغىچە؟
بۇنى ئۆزۈممۇ ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىش ھەققىدە ئاخىرقى مەسلى-
ھەت ئۈچۈن تەشنائىغا بىرقانچە قېتىم ئېغىز ئېچىشقا تەمشەلگەن بولساممۇ، ئۇ نېمىش-
قىدۇر سىرلىققىنە كۈلۈپ، ئوچۇق بىر نەرسە دېگىلى ئۇنىماي گەپنى ئېلىپ قاچتى.
مېنىڭ سىزىمۇ ئىشنى پۈتتۈرۈۋالغان ئوخشايدۇ بۇ قاقباش، بەلكىم مېنىڭ ئۇرۇنۇشلىرىم
ئەمدى ئارتۇقچىدۇر، دەپ ئويلاپ قالدىم. كېيىنكى كۈنلەردە راست دېگەندەك ئۇلارنىڭ
مۇناسىۋىتى بارغانسېرى بىر خىل سىرلىق ۋە تېخىمۇ قويۇق تۈس ئېلىشقا باشلىدى
بەزى چاغلاردا ئۇلار ھەتتا مېنى چاقىرىشمايلا ئايلىنىپ كېلىدىغان بولۇپمۇ قېلىشقانىدى..

جەنۇبنىڭ تومۇز كۈنلىرى. جاھاننى قۇياش ۋە يېشىللىقنىڭ مولچىلىقى قاپلىغانىدى.
بىز ئەمدى ياتاقتا ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا ۋاقتىمىزنى دەريا بويىدىكى تاللىقتا، مېھمانخا-
نىنىڭ ئارقىسىدىكى قارىغايلىق تۆپىلىكتە، سەھراغا تۇتىشىپ كېتىدىغان جىرادىكى ئوت-
لاقتا ئۆتكۈزىدىغان بولدۇق.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن تەشنائى بىلەن رەنا ياتىقىمغا كەلدى. مەن يازماقچى
بولغان پوۋېستىم توغرىسىدا خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرغانىدىم. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن
مەنمۇ بىر ئېغىر يۈكتىن خالاس بولغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. نېمىشقىدۇر شۇ كۈن-
لەردە ھېلىقى پوۋېستىم توغرىسىدا ئۇنچىلىك ئويلىغىم كەلمەيدىغان، ئويلىساممۇ پىك-
رىمنى بىر يەرگە يىغالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم. قانداقتۇر بىر تەشۋىشلەر مېنى
بىئارام قىلاتتى، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈممۇ ئاڭقىرالمايتتىم. پوۋېستىمدا ھېچقانداق
ئىلگىرىلەش بولمىدى، يازماي دېسەم سىمىنارىيىگە بىر نەرسە تاپشۇرۇش كېرەك. شۇڭا
ئۇلار كەلسە مەن نېمىدىندۇر قۇتۇلغاندەك بولاتتىم. بىز ئاۋۋالقىدەك دالىنى ئايلىنىشقا
كېلىشتۇق. مەن گىتارىمنى ئېلىۋالدىم. ئۆزۈم مۇزىكىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىمەن، دۇ-
تار ـ تەمبۇر، گارمون ـ گىتار دېگەنلەرنى، بەك ئۇستا بولمىساممۇ، ھەر ھالدا «قۇلاقنىڭ
قىچىقىنى باسقۇدەك» چالالايمەن ۋە تەڭكەش قىلىپ ناخشىمۇ توۋلاپ قويىمەن. ئاۋازىمى-
نىڭ ياخشىلىقى، ناخشىنى يېقىملىق ئېيتالايدىغىنىم ئۆزۈمگىمۇ ئېنىق. كىچىكىمدىنلا ناخ-

شا ئېيتىشقا ھېرىسمەن ئىدىم. ئانام دائىم «بىسمىللا دېگىن بالام، تولا ناخشا ئېيتقان تەلەيسىز بولىدۇ» دەيتتى. دېمىسىمۇ بىزدە «ناخشا شۇملۇق تىلەيدۇ» دېگەن غەلىتە گەپمۇ بار، بۇنى ئويلىسام كۆڭلۈم غەش بولىدۇ. مەنمۇ بەختسىز بولۇپ قالمەنمىكىن؟ ئۇزۇن زامانلار بولدى، ناخشا دېگەننى تۇۋلاپ باقمىغىلى. بۇ گىتارنى بىر كۆتكۈچى قىزدىن سورىۋالغانىدىم. لېكىن شۇ كۈنگىچە چېلىپ باقماپتىمەن. بۈگۈن نېمىشقىدۇر پىغانىم تۇتۇپ قاپتۇ. ساز دېگەن پىغانىنى ئالىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا دەررۇ گىتار يادىمغا كەچكەنىدى.

بىز قارىغايلىق تۆپىلىكتىن ھالقىپ تۆپىلىكنىڭ نېرىسىدىكى جىلغىغا چۈشتۇق. جىلغىنىڭ ئىچىدە بۇلاق سۇلىرىدىن يىغىلغان كىچىككىنە ئېقىن ئەگرى-بۈگرى تولغىنىپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېقىننىڭ ئىككى تەرىپى قېلىن چۆپلۈك ئىدى. چۆپلۈكتە تاغ گۈللىرى ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قوڭغۇراق گۈل، قىرمىزى، چوغلۇق، ماماكاپ. ئېقىننىڭ بويىدا ئاندا-ساندا ئەرمۇدۇن، تاغ تېرىكى، قارىياغاچ، قېيىن دەرەخلىرى ئۆسۈپ قالغانىدى. بىز ئېقىننىڭ بويىغا كېلىپ سايە تاشلاپ تۇرغان قارا ياغاچ دەرىخىنىڭ ئاستىدىكى چۆپلۈككە كېلىپ جايلاشتۇق.

تارغىنا جىلغا جىمىرلاپ تۇرغان يېشىللىق ئىچىدە ئۈگدەپ ياتاتتى - جەنۇب قۇياشىنىڭ تاۋلىق، ئېغىر ۋە يۇمشاق نۇرى بۇ يەردىكى ھەر بىر تال گىياھنىڭ بەرگى ياپرىقىدا سىماپتەك لىغىرلايتتى. بۇ تار جىلغىدا لوغۇلداپ تۇرغان بىر يېشىللىق گويا بۇلۇت كۆچكەندەك ئاستا، شاۋقۇنسىز، لېكىن توختىماي ئاقماقتا ئىدى. بۇ يېشىللىق گويا جىلغا ئىچىدىكى جىمى ھەرىكەت ۋە شاۋقۇننى ئۆزىگە سۈمۈرىۋالغاندەك ئىدى. بۇ يەردىكى جىمى بارلىق تىپتىنچ يېتىپ ئاشۇ ئېغىر جىمىلىقنىڭ ھۇزۇرىنى سۈمۈرىۋاتاتتى. ئۈچىمىز باراقسان ئۆسكەن قارىياغاچ دەرىخىنىڭ ئاستىدا جىلغىغا يۈزلىنىپ ئولتۇراتتۇق. ئۈچىلىمىزلا نېمىشقىدۇر خىيالچان ئىدۇق. ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىدە، يۈزلىرىدە ئاشۇ گۈزەل يېشىللىقنىڭ شولىسى ئەكس ئېتەتتى. روھىمىزنى جىلغىدىكى غەنىيمەت جىمىلىق بەخش ئەتكەن خاتىرجەملىك، ئاسايىشلىق ۋە پەرۋىشلىنىش تۇيغۇسى پەيلىدى.

مەن گىتارنىڭ تارلىرىنى بارماقلىرىمنىڭ ئۇچى بىلەن يېنىككىنە چېرتتىم. شۇ ھامان ئەتراپقا كۆكۈش، سىلىق، شوخ، مەيىن ۋە نازۇككىنە شادلىق تىترەپ يېيىلدى. بۇ شادلىق مۇڭ ئارىلاشقان شادلىق ئىدى، چېكىم-چېكىم ئاھاڭ ئۆزەكلىرى خۇددى كۆمۈش ھالقىلاردەك چاقناپ-يالتىراپ ئاستا-ئاستا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئاندىن بۇ ئۆزەكلەر بىر-بىرى بىلەن چىرمىشىپ، مەھكەم كىرىشىپ بىر تۇتاش كۆمۈش زەنجىرگە ئايلاندى. بۇ كۆمۈش زەنجىر ھاۋادا يىلاندەك تولغىنىپ سويلاتتى. ھەر بىر ھالقىسىدا قۇياش نۇرى ۋە كۆكۈش مۇڭ-زار چاراقلايتتى. بۇ كۆمۈش زەنجىر بىردىنلا تۈرلۈك-تۈمەن گۈل-چېچەكتىن دەستىلىنىپ ئۆرۈلگەن غايەت زور گۈل چەمبىرىكى بولۇپ، جەنۇب قۇياشىنىڭ مول ۋە پارلاق نۇرى بىلەن ھاللەندى ۋە خۇددى يېشىل تاۋاردەك تاۋلىنىپ-ياشىرىپ ياتقان يېشىل جىلغىنىڭ يېشىل ھاۋاسىدا، بىزنىڭ باش ئۈستىمىزدە گاھ ھاۋانى يەلپۈپ يۇقىرى-تۆۋەنگە يۈۋارلىسا، گاھ ھاۋانى تۇرتۇپ، دولقۇنلىنىپ ئوڭ ۋە سولغا يۆنىلەتتى. ھەر بىر يۈۋارلىنىشتىن بىر مۇڭ، بىر نالە، بىر پەرياد تۇغۇلسا، ھەر بىر يۆنىلىشتىن ياش يۈرەكلەردە بىر ئەندىكىش ئارىلاشقان خۇشاللىق، تومۇرلاردا بىر

قىزغىن ئوخچۇش، ۋۇجۇدۇمدا خۇددى قىزىتىلغان تۆمەنىمەك يىڭنىنىڭ ئۇچى جىجاپ ئۆتكەندەك بىر كۆيدۈرگۈ سىرقىراش ۋە يەنە ئۇتتەك قىزىپ تۇرغان ئادەم مۇزدەك تاغ سۈيىگە چۆمۈلگەندە پەيدا بولىدىغان بىر تاتلىق جۇغۇلداش تۆرەلمەكتە ئىدى. ئۆزۈمدە بىر يەڭگىللىك، بەھۇشلۇق، ئانا ئەللىيى بىلەن كېلىدىغان بىر شېرىن ئۆگدەك زاھىر بولۇشقا باشلىدى.

كەڭرى كەتكەن كۆك دالا. بۇدرۇق ۋە قويۇق كۆكاتلار شەبنەم تامچىلىرىدىن بېزەلگەن. دالىنىڭ بىر چېتىدىن ياۋاش - ياۋاش ئېقىپ كەلگەن بۇلاق سۈيى ئېپەك ئارقاندەك تولغىنىپ كۆكاتلار ئارىسىغا شىرىلداپ شۇڭغۇيدۇ. كۆكات غوللىرىغا ئۇنىڭ تارام - تارام تامچىلىرى چاچرايدۇ. قىيپاش دۆڭلۈكتە كۆكاتلار بىلەن پۈركىنىپ ياتقان بىر كۆكۈش قورام تاشنىڭ ئارىسىدىن ئۈنۈپ چىققان بىرتال گۈل مەشئەلدەك لاۋىلداپ تۇرىدۇ. ئۇ ئەتىر گۈل، يېڭىلا پورەكلىگەن ياۋا ئەتىر گۈل. ئۇ بىر تال. غولىمۇ، گۈلىمۇ، رەڭگىمۇ بىر تال. ئۇ گۈل مۇشۇ پىنھانىنىڭ، ئانا تەبىئەتنىڭ مۇشۇ سېھىرلىك پارچىسىنىڭ مەلىكىسى، پەرىسى، زېمىنىنىڭ، قۇياشىنىڭ، ھاۋانىڭ گۈزەل ۋە ئامراق قىزى. ئۇ نازۇك، زىبا، ئوماق، قەيسەر ۋە خىيالچان. ئۇنىڭ بەرگى، ياپراقلىرى نۇرلۇق ۋە پاكىزە، ئۇنى كۈندۈزى قۇياش نۇرى ئەركىلىتىپ سىلايدۇ، كېچىلىرى ئاي ۋە يۇلتۇز نۇرى يۇيىدۇ. ئايدىڭ ۋە جىمجىت ئاخشامدا شوخ ۋە لەرزان شامال ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ غوللىرىنى تەشنالىق ۋە قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلاپ، ياپراقلىرىنى سۆيۈپ، ئۇنىڭ نازۇك، يۇمران ۋە نەمخۇش بەرگىلىرىگە قىزغىن پىچىرلايدۇ. ئەتىرگۈل ئۇيۇلىدۇ. قىزىرىپ كۈلىدۇ، كېيىن ئۆزىنى تۇتالماي ۋىلىقلاپ كۈلىدۇ. ئۇنىڭ ئاشۇ كۈلكىسىدىن ھايات، يەر - زېمىن، تاغ - جىرا ياشىرىدۇ. كائىناتتىكى ئادەم ۋە ئالەمنىڭ روھى پاكلىنىدۇ. ئۇ يەنە كۈلىدۇ، ئۆزىنى ئىككى يانغا تاشلاپ نازىغىنىپ - نازىغىنىپ كۈلىدۇ. بۇ كۈلكە بىر ناخشا بولۇپ، بىر گۈزەل كۈي بولۇپ ئالەمگە تارايدۇ. ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ نېپىز ھالرەڭ لەۋلىرى ھاياجاندا تىترەيدۇ. ئۇنىڭ ھالرەڭ مەڭزى خۇشاللىقتىنمۇ، نومۇستىنمۇ، ئىشقىلىپ بىر شېرىن ۋە ئېزگۈ تۇيغۇدىن قىزىرىپ شەپەق رەڭگىگە كىرىدۇ. ھېسسىياتچان، بەڭباش، شوخ، شامال، يىراق - يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن سەرگەردان شامال ئۇنىڭغا نېمىدەپ شىۋىرلىدىكىن؟ ئۇنى بۇ قەدەر خۇشال قىلغۇدەك ئۇنىڭغا نېمىلەرنى ھەدىيە قىلدىكىن شۇنچە؟ گۈزەل ئەپسانىمۇ؟ چىرايلىق چاقچاقمۇ؟ قىزغىن ۋەدىمۇ؟ قۇياش رەڭلىك مۇھەببەتمۇ؟ شاراب - مەيدەك، پاكىزە ساقلىنغان كۈچلۈك مۇسەللەستەك — چۈچۈمەل، ئۆتكۈر ۋە يېڭى ناخشىمۇ؟ شامال ئۇچۇپ كەتتى، گۈلنىڭ لېۋىدە لەۋلىرىنىڭ ئىزىنى، ئۇنىڭ كۆڭۈل يۈزىدە تىنچ ۋە ئەينەكتەك روشەن قەلبىدە ئۆزىنىڭ بويسۇندۇرغۇچى سىماسىنى، يېڭىلىك قۇدرىتىنىڭ سىلكىتىشلىرىنى، ئەبەدىي يادىدىن چىقمىغۇدەك سۆيۈشنىڭ خاتىرىسىنى، دات باسماي پاكىزە تىلەك ۋە قايتماس ۋەدىلىرىنى ئۇنىڭغا قالدۇرۇپ كەتتى. ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ كۆڭۈل تۆشىكىگە، خاتىرە — ئەستىلىك باغچىسىغا بىر گۈزەل چۈشنى — پارلاق ۋە گۈزەل ئەتىنىڭ جەننەت كەبى مۇقەددەس ۋە چىرايلىق كۆرۈنۈشىنى ھەدىيە قىلىپ كەتتى. ياۋا ئەتىرگۈلنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان ئاتەش كۆزلىرىدە سېغىنىش، خۇمار ۋە ئىنتىزارلىقنىڭ چېقىندىلىرىنى چاقنىتىپ كەتتى، ئۇزاقلارغا كەتتى. يەنە

www.uyghurkitap.com


كېلەمدىكىن؟ ياۋا ئەتىرگۈل چەكسىز دالىدا تەنها قالدى، ئۇنىڭغا بىر ئۇلۇغ چۈش ھەمدەم بولۇپ قالدى. بىر تاتلىق سۆيۈش يادىكار بولۇپ قالدى. بىر مۇڭلۇق ناخشا — كۈتۈش ناخشىسى ھەمدەم بولۇپ قالدى.

گىتار تىللىرىدىن تۆكۈلۈۋاتقان زارلىق كۈي، بىر لېۋىنى ئالەمنىڭ بۇ چېتىگە، بىر لېۋىنى ئۇپۇق جىيىكىگە تەگكۈزۈپ ئاققان شاۋقۇنسىز، تىپتىنچ، ئۇلۇغ لېكىن مۇڭايىم ئېقىن بولۇپ يەڭگىل رىتىمدا لەرزان يېيىلىپ ئاقماقتا. نازۇك ۋە ئەركە كۈي جىرانىڭ — ئاشۇ يېشىل جىرانىڭ قىستاڭ بوشلۇقىدا قايتىلىنىپ تېخىمۇ سوزۇلۇپ يۈرىكىمگە، ناخشىغا، روھىي پەرۋىشكە موھتاج چېكى يوق چاڭقاق بوشلۇققا قاراپ رايىشلىق بىلەن ئۈنسىز يېيىلىپ ئاقماقتا. ئەنە مۇڭغا پاتقان كۆك دالا، كۆك دالانىڭ بىر چېتىدە، ئىككى قورام تاشنىڭ قىسىلچىلىقىدا مۇڭلۇنۇپ، ھەسرەتلىك شۈبىرلاۋاتقان بىر تۈپ ياۋا ئەتىرگۈل.

بارماقلىرىم ئاستا-ئاستا چىرتىشتىن توختىدى، ئاداققى چىرتىشتىن ئايرىلىپ چىققان ئاھاڭ يىراققا كېتىشكە قىيماي ئىسەنكىرەپ قالغاندەك لوغۇلدىدى، تىترىدى. ئاخىرىدا بارا-بارا ئاجىزلاپ، يېنىككىنە يەلپۈنۈپ بىرىپ ئەتراپىمىزدىكى كۆكاتلارغا، ئاي نۇرىدەك ئۈنسىز، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان ئېقىن سۈيىگە، يېشىل شايىدەك جىمىرلاپ تۇرغان يېشىل ھاۋاغا، يۈرەكتە كۆيدۈرگۈ، شاش مۇھەببەت، پاك روھ ۋە شېرىن ئارزۇ تۇغۇۋاتقان جىمجىت، نەپىس، يېشىل گۈزەللىككە سىڭىپ كەتتى.

## 15 - باب

مەن چېلىشتىن توختاپ بېشىمنى ئاستا كۆتۈردۈم. قارىسام تەشنائى بېشىنى يەرگە سېلىپ مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. رەنا بولسا يىراققا، بىپايان دالىنى باغرىغا بېسىپ ياتقان كۆپكۆك ئاسمان گۈمبىزىنىڭ زېمىن بىلەن سۆيۈشكەن قىرغىقىغا تىكىلگىنىچە بىھوشلانغاندەك قېتىپ قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى سەل تاتارغانىدى. لەۋلىرى مەھكەم ھىمىرلەگەنىدى. ئۇنىڭ نېمە بىلەندۇ چاڭلانغان شەھلا كۆزلىرىدە بىر قايغۇنىڭ شولىسى قېتىپ قالغانىدى. ئۇ گويا بىر يېرى قاتتىق ئاغرىۋاتقان، لېكىن قەيسەرلىككە ئېلىپ، قاتتىق ئاغرىق ئازابىنى بىلىندۈرمەسلىككە تىرىشىۋاتقان ئادەمگە ئوخشاش، سىلىق ۋە نۇرلۇق پېشانىسىنى كۈچ بىلەن تۇرۇپ نازۇك بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە مەھكەم كىرىشتۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ھەر دائىم گۈلدەك ياشناپ تۇرىدىغان سەبىي ۋە



مەسۇم چىرايىدىن ئاغرىنىش ۋە ئاچچىقلاشقا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر خىل يۇق-قا، تۇتۇق تەرسالىق ئەكسلىنىپ تۇراتتى.

مەن رەنانىڭ بۇنداق ھالىتىنى ھېچقاچان كۆرمىگەنىدىم. نېمىشقىدۇر مېنىڭ كۆڭلۈممۇ غەش بولۇپ قالدى. ئۇچىمىزدىن ھېچقايىسىمىز ئۈنچىقمىدۇق. ئارىمىزدىكى كەيپىيات ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز ئىدى. بىر ئوبدان كەيپىمىزنىڭ مەن چالغان مۇزىكا سەۋەبى بىلەن بۇ قەدەر بۇزۇلغىنىغا ھەيران قالدىم.

مەن ئېغىر ئۇھسىنىپ قولۇمدىكى گىتارنى كۆكاتنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. ئارىمىزدىكى بۇ نامەلۇم كۆڭۈلسىزلىكنىڭ كۆلەڭگىسىنى دەررۇ يوقىتىش كېرەك ئىدى، لېكىن نېمە تەمغرۇلۇق سۆزلىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم.

يىراقتا ئالقۇن جىمىرلايتتى. ئاسماننىڭ قەرىدە بىر بۇركۈت قاناتلىرىنى يېيىپ لەرزان ئەگىپ يۈرەتتى. بىر چاغدا ئۇ جىرانىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى ئوتلاققا قاراپ ئوقتەك تاشلاندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قاناتلىرى قۇياش نۇرىدا مېتالدەك يالتىراپ كەتتى. شۇ تاپتا قايسىبىر ئەجەللى يەتكەن بەختسىز توشقان ئۇنىڭغا ئولجا بولدىكىن؟ بىر چاغدا رەنا ماڭا لەپپىدە قارىدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قارىدىم. شۇ ھامان ئۇنىڭ چېھرىگە قىزىللىق ياماشتى. مەن ئۇنىڭ ھازىرقى بۇ ھالەتتىن ماڭا ئوخشاشلا يۈرىكى سقىلىپ بىرەر نەرسە دېمەكچى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ خۇشال بولدۇم - دە، ئۇنىڭغا ئىلھام-بەخش كۆزلىرىم ھەم مۇلايىم كۈلۈمسىرىشىم بىلەن رىغبەت بېرىپ قارىدىم. لېكىن كۈتكىنىمنىڭ ئەكسىچە رەنا بېشىنى دەررۇ دالا تەرەپكە بۇرىۋالدى - دە، دەقىقە ئويلىۋالغاندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، نەپىس كۆڭلىكىنىڭ غىجىملانغان يېرىنى تۈزىدى، ئاندىن باي بىز كەلگەن يول بىلەن مېڭىپ بىزنىڭ ئارقا تەرىپىمىزدىكى قويۇق چاتقاللىق ئارىسىدا كۆزدىن غايىب بولدى. تۇۋا! بۈگۈن نېمە بولدى بىزگە! بۈگۈن رەنانىڭ كەيپىياتى بەكلا غەلىتە ئىدى. ئۇنىڭ قويۇق ۋە قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى، بوستان كىرپىكلىرى؛ خىيال بىلەن چاڭلىنىپ، سېھىرلىك بىر نۇر بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان ئاھۇ كۆزلىرى، ئۇنىڭ خۇددى شارقىراتمىنىڭ چۆگىلىمىچىدەك ئويۇلۇپ چۈشكەن يارىشىملىق زىناقلىرى، كەھرىۋادەك نۇرلىنىپ يالتىراپ تۇرىدىغان قىزىل ۋە نېپىز لەۋلىرى، بىر پاكلىق ۋە پاكىزلىكنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان يۇمىلاق ۋە كىچىككىنە ئېڭىكى، ئىشقىلىپ ئۇنىڭ پۈتۈن بارلىقى مېنىڭ ئىنچى كۆزلىرىمدىن ئۆزىنى قوپاللىق بىلەن چەتكە ئالماقتا ئىدى. ئۇ بايا تىنىدىن بېرى گاھ ئۇماق تەبەسسۇم بىلەن جىلمىيىپ ۋە گاھ قوشۇمىسىنى تۈرۈۋېلىپ بىر مەججۇللۇق ئىچىدە تېڭىرقاپ قالغاندەك خىياللىنىپ ۋە بەزىدە كىمگىدۇر دوق قىلىۋاتقاندەك تەرىنى تۈرۈپ ئولتۇردى، ئۇ مانا شۇ ھالەتلىرى بىلەن نېمىنىدۇر يوشۇرماقچى ۋە يەنە نېمىنىدۇر ئىپادىلىمەكچى بولغاندەك بىلىنىدى. ئۇنىڭغا نېمە بولدى؟ بۇ بىر تاقەتسىزلىكمۇ؟ ياكى ئازابلىق ئۈمىدسىزلىكمۇ، ياكى ... يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭدىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشلەر بۈگۈنكىدەك بۇنچىلىك ئاشكارا بولمىسىمۇ پات-پات تەكرارلىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ھەتتا ئارىلىقتا 8—10 كۈن بىز تەرەپكە كەلمەيمۇ قويدى.

مەن كۆڭلۈمدىكى پاراكەندىچىلىكنى تەشنالىق بىلەن ئورتاقلىشىش خىيالىدا ئۇنىڭغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قاردىم، لېكىن ئۇنىڭ خۇددى مومىسىدىن دەشنام يەپ چىققان بالىدەك دومسىيىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ بۇ پىكرىمدىن يالتايدىم.

يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان تەشنائىمۇ نېمىشقىدۇر مەن ئۇنى تونۇغان چاغدىكى ئۇچ-رىتىشقان چاغلىرىمدىكىدەك خىيالچان، تەرسا، ئۇنچىقماس بولۇۋالغانىدى، ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېلىقى سەھرانىڭ جىمجىت ۋە ئايدىڭ كېچىسى شەكىللەنگەن ئىشەنچ، چۈشىنىش ۋە دوستلۇق كەيپىياتى نېمىشقىدۇر سۇسلاپ قالغاندەك ئىدى. ھەتتا يېقىندىن بۇيان ئۆزىدىن مەندىن ئۆزىنى سەل تارتىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ئوشۇق-توشۇق گەپ قىلمايتتى. مەن چاقىرمىسام ئۆزلۈكىدىن مېنى ئىزدەپ ياتىقىمغا بارمايتتى. ئۇچرىشىپ قالساق نېمىشقىدۇر قىزىرىپ-بوزىراتتى-دە، دەررۇ ئۆزىنى چەتكە ئالاتتى. پەقەت رەنا كەلگەن كۈنلا ماڭا تېلېفون بېرەتتى. بۇمۇ گويا بىرەر رەسمىيەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. بىز گويا ئاشۇ رەنا ئارقىلىقلا باغلىنىپ تۇرغاندەك ئىدۇق. دالىغا سەيلىگە چىققاندىمۇ ياكى بىرەر باھانە قىلىپ نەلەرگىدۇر كېتىپ قالاتتى ۋە بىز قايتىدىغان چاغدىلا ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولۇپ قالاتتى. ياكى بولمىسا مانا ھازىرقىدەك تەرىنى تۇرۇپ، نەلەرگىدۇر تىكىلگىنىچە ئۇنچىقماي ئولتۇرۇۋالاتتى. بىر شۇ رەنا بىلەنلا ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى قىزغىن مۇئامىلىسىنى بىر خىلدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن نەچچە كۈنلەر بولدى، تەشنائى ماڭا ئۇشتۇمتۇت مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتتى. ئۆزى ياتىقىمغا ئىزدەپ كېلىدىغان، مەن بىلەن ھەرخىل تېمىلاردا سۆزلىشىدىغان، گاھىدا چاقچاق قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ نېمىسى بىلەندۇ مەندىن گويا كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك ياكى بولمىسا ئۆزىنىڭ بىرەر مۇھىم ئىلتىماسىنى ماڭا ئېيتمىشتىن قورۇنۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئويلاپ باقسام بۇلارنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيەت ۋە مۇمكىنچىلىكى يوق نەرسىلەر ئىدى — ئۇ مەندىن كەچۈرۈم سورىغۇدەك مېنىڭ ئالدىمدا سادىر قىلغان ھېچقانداق سەۋەنلىكى يوق ئىدى. ئىلتىماس قىلامىكىن دېسەم، ئۇنىڭ ماڭا ھېچقانداق ئېھتىياجى چۈشمەيتتى. پەقەت رەنانىڭ ئىشى، لېكىن رەنا بىلەن ئۇنىڭ ئىشى توغرىسىدا ئېغىز ئاچاي دېسەملا ئۇ بۇ گەپتىن دەررۇ ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، دېمەك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى پۈتتۈرۈشكەن، مېنىڭ بۇ ئىشتىكى ئوينايدىغان رولۇمنىڭ ئەھمىيىتى ئانچە قالمىغاندەك تۇرىدۇ. ئەمىسە ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قىزغىنلىق نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ، يا بولمىسا، «خەير، ئاغىنە، سىز سىزمۇ ئومىچىمىز قايناۋېرىدۇ، ئىشىمىز پۈتتى، بىزگە تىكەن بولۇپ قادىلىۋالماي، پوۋېستىڭىزنى يېزىڭ، توپىمىزغا چاقىرارمىز.» دەپ ئۆزۈل-كېسىل ئادا-جۇدا بولماقچىمۇ-يا، ئۆزۈمنى بىلىپ، بۇلاردىن ۋاقتىدا ئۆزۈمنى تارتقىنىم ئاقىللىق بولارمىكىن دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن، لېكىن... كاللامغا ئاشۇنداق خىياللار كەچكەندە بۇنىڭ جاۋابىنى تەشنائىنىڭ كۆزلىرىدىن ئىزدەپ تاپماقچى بولۇپ ئۇنىسىزلا ئۇنىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىمەن. چۈنكى كۆز دېگەن راست سۆزلەيدۇ، لېكىن مەن ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن جاۋاب ئورنىدا ھەسرەتنى، چېكى يوق ھەسرەتنىلا كۆرىمەن. ئاھ! بۇ كۆزلەر ئاشۇ ھەسرەت ئۈچۈنلا يارالغان كۆزلەرمىكىن؟ ھەسرەت ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئەبەدىيلىككە جايلىشىۋالغانمىدىكىن؟ «توۋا» دەيمەن، ئۇ كۈلۈپ تۇرغاندىمۇ مۈڭ-زار، ھەسرەت-نادامەت بىلەن پىلدىرلاپ تۇرىدىغان قانداق بىچارە كۆزلەر ئۇ! بەزىدە

بولسا ئۇنىڭ ھېلىقى كېچىسى ئۆزىنى ماڭا يېقىن تۇتۇپ، ئۆزلۈكىدىن ئۆزىنىڭ دەرد-ئەلەمىنى، مۇڭ-زارىنى، ھەتتا ئەڭ خۇپىيانە سىرلىرىنى تۆكۈپ بەرگىنى ئۇنىڭ ھېسسىياتىدىكى بىردەملىك قىزىش، كەيپىياتىدىكى بىردەملىك ھاياجانىنىڭ نەتىجىسى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالىمەن، دېمىسىمۇ بىز مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەرقانداق قىلىپمۇ ھېلىقى سىرداشقان كېچىسىدىكىدەك يېقىنچىلىقنى قايتا تىكلىيەلمىدۇق. ئۇ مېنى «رەنا ۋە ئۆزى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنى ئۇنتۇپ قالدى» دەپ رەنجىدىمىكىن؟

دەرۋەقە، رەنا بىلەن سۆزلىشىش بەك كېچىكتى. پەيتقۇ كۆپ بولدى، بىراق نېمىشقىدۇر مەن ئىلگىرىكى جۈرئىتىمنى يوقىتىپ قويغاندىم. سەيلىگە چىققاندا تەشنائى ئۈشتۈمتۇتلا بىزنى تاشلاپ ئۈنچىقماي كېتىپ قالغاندا رەنا بىلەن ئىككىمىز ئىككى-ئۈچ سائەتلەپ يانمۇ-يان يالغۇز قالدۇق. لېكىن نېمىشقىدۇر رەناغا ئېغىز ئېچىشقا، تەشنائىنىڭ ئىسمىنى «رەنا» دېگەن ئات بىلەن باغلاشقا ھەر نېمە قىلىپمۇ پېتىنالمىدىم. قانچە قېتىم ئىچىمدە قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن بولسامۇ تۇرۇپلا تىلىم كالۋالىشىپ قىلىدىغان سۆزۈمنى تاپالماي تاغدىن-باغدىن سۆزلەپ ئولتۇردۇم. تەشنائى مۇشۇ ئىش تۈپەيلى مېنى قانداق ئەيىبلىسە يولى بار. مەن ئۆزۈمنىڭ چوڭ گەپ قىلغان بىلەن رەنانىڭ ئالدىدا بىر توخۇ يۈرەككە ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى تەن ئالىمەن، ئۇنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ئۆزۈممۇ ئامالسىزمەن. مانا تەشنائى» نىڭ سالپىيىپ ئولتۇرۇشى شۇنىڭدىنمىدۇ، ئۇ مەندىن ئاغرىنىۋاتقاندۇ؟ قاچانغىچە سۆرەيمەن، نېمە بولسا بولسۇن بۈگۈن تەشنائىنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرەي، رەناغا كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ ئېيتىۋېرەي، ماڭا نېمىدى، ياق، رەنا چوقۇم «ماقۇل» دەيدۇ، ئۆزايىدىن ئۇمۇ دەل شۇنى كۈتۈپ يۈرىدۇ، رەنانىڭ جاۋابىنى ئېلىپ مۇشۇ ھالىدىن كەتكەن يېرىم جانىنى خۇشال قىلاي، ئۆزۈممۇ بىر روھى سىلىقتىن قۇتۇلاي. ساۋابىنى ئالاي!

تەشنائىنىڭ مەن تەرەپكە ئۈشتۈمتۇت بۇرۇلۇپ جان-جەھلى بىلەن ھومىيىشى خىيالىمنى بۆلۈۋەتتى. مەنمۇ سوراق نەزەرىدە ئۇنىڭغا تىكىلدىم. ئۇ غەزەب بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى ۋە بىر ھازادىن كېيىن، ناھايىتى تەسلىكتە زۇۋانىنى چىقاردى:

— سىز... سىز... نېمانچە...

ئۇ دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى. مەن بىردىنلا سەگەكلەشتىم.

— نېمە؟ نېمە بولدى؟ سىز...— جىددىيلەشكىنىمدىن مەنمۇ دۇدۇقلاپ كەتتىم.

تەشنائىنىڭ لەۋلىرى ئەسەبىيلىك بىلەن تىترەيتتى، ئۇنىڭ كىچىككىنە كۆزلىرىدە مەن ھېچقاچان بايقىمىغان بىر خىل دۈشمەنلىك ئاشكارا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

— سىز... سىز... ئەبلەخ ئىكەنسىز... سىز تاش يۈرەك ياۋۇز ئىكەنسىز، سىز نېمانچە قىينايسىز...

مەن چۆچۈپ كەتتىم. تەشنائىدىن ھېچقاچان بۇنى كۈتمىگەندىم. مەن ھاڭ-تاڭ بولۇپ ئۇنىڭ بۇزۇلغان تەرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ قالدىم.

— سىزدە ئەخلاق دېگەن نەرسە بارمۇ ئۆزى؟— تەشنائى مېنى ھېلىلا ئۇرۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا زەردىسى بىلەن دېدى،— سىز بىر ئادەمنى قاراپ تۇرۇپ نابۇت قىلى-

www.uyghurkitap.com

ۋەتمەكچىمۇ؟ سىز قاتىل بولاي دەمسىز؟ مەن سىزنى خىلىلىقى بار يىگىت، دەپ ئويلىغانىدىم، ئەمدى كۆردۈمكى سىزنىڭ نەرىڭىز يىگىت؟ نەرىڭىز ئادەم؟ سىز ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان، گۇناھسىز بىر پاك يۈرەكنى توپ قىلىپ ئوينىشىشقا پېتىنالايدىغان قارام ئىكەنسىز! سىز ئادەمنى كولدۇرلىتىشقا بەك ئۇستا ئىكەنسىز... سىز ...

يالپىردىم! بىر بالا ئىكەنلىگىمۇ بۇ ئىنجۇماروق! نەدە يۈرۈپ ئۆگەنگەن بولغىيتتى بۇنچە بىشەملىكنى؟ ئاغزىدىن ئاق ئىت كىرىپ قارا ئىت چىقىۋاتىدىغىمۇ مۇنۇ سەت تىمساقنىڭ!

مەن يا يىغلىشىمنى، يا كۈلۈشۈمنى بىلمەي، ئۇنىڭ تۆمۈردەك كۆكەرگەن بەدرەڭ يۈزىگە تىكىلگىنىمچە ئاغزىمنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قالدىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى غەزەپكە كەلگەن بۆقىنىڭ كۆزلىرىدەك قىپقىزىل يېنىپ چاچراپ تۇراتتى. مەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزۈمگە كەلدىم ۋە ھاقارەتلەنگەن شەخسىيىتىم بىراقلا پارتلىدى:

ــ سىز شۇ تاپتا ساقمۇ ياكى ئېسىڭىزنى يەپ قويدىڭىزمۇ؟ مېنى ھېچ سەۋەبسىزلا بۇنچە ھاقارەتلەشكە نېمە ھەددىڭىز؟ مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ سىزنى قەدىرلىگىنىم، سىزنى ئادەم ئەتكىنىم ئۈچۈن ئۇچىغا شۇنچىۋالا يالا چاپلامسىز؟ ئومىچىڭىزنى ئۆرۈۋەتتىمـمۇ ـ يا؟! نېمە قىلدىم زادى؟ قېنى ئېيتىڭە، نېمە تۇرۇپلا بېشىم خوتۇندەك كۆكەمسىلىك قىلىسىز؟ مەن كۆڭلۈڭلار ئېچىلسۇن دەپ گىتار چالدىم ـ شۇ! ھەر قانچە رەنجىسىڭىزمۇ بۇنچە قىلامسىز؟ گەپ... گەپ دېگەننى... مانا بۈگۈن سىزنىڭ ھېلىقى ئىشىڭىز توغرىسىدا گەپ تېشىمەن دەپ تەمشىلىپ ئولتۇرىمەنغۇ؟ كېچىكىپ كەتكىنى ئۈچۈن بۇنچە...

ــ ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ! ــ تەشنائى، بىردىنلا گۆركىرىدى ــ سىزدىن، بىرەر نەرسە تەلەپ قىلىۋاتقىنىم يوق! سىزنىڭ شەپقەتسىزلىكىڭىز مېنى غەزەپلەندۈردۇ! گىتار چېلىپتىمىش تېخى! گىتار بولماي قۇرۇپ كەتسۇن! گىتار چېلىپتىمىش، ئۇ نېمىڭىز گىتار ئەمەس، سىزنىڭ ئادەم ئۆلتۈرىدىغان قاتىللىق قورالىڭىز! سىزنىڭ چالغىنىڭىز مۇزىكا بولماي، يۈرەكنى مالتىلايدىغان خەنجەر، قان تېمىپ تۇرىدىغان خەنجەر! سىز ئاشۇ قورالىڭىز بىلەن ھېچ گۇناھسىز، ئاجىز بىر جاننى ئۆلتۈرۈۋاتىسىز! بىلەمسىز؟

تازا بايىقسام گەپنىڭ تېگىدە گەپ باردەك قىلاتتى. لېمىشقىدۇر تەشنائىنىڭ ئاۋازى پەسلەپ كەتتى. ئۇ بېشىنى بۇراپ جىلغىنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى چۆپلۈك بوزغا يۈزلىنىۋالدى. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ مۇسكۇلى تارتىشقانىدى. تارتۇقى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ لىپىلدەپ قوياتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ شۈمشىيىپلا قالدى. شۇ تاپتا ماڭا ئۇ ئون ياش قېرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ ئايانچلىق قىياپىتىدىن يۈرىكىم ئېزىلدى. ئۇنىڭ شۇ ھالىغا قاراپ بايىقى ئاچچىقىم نەلەگىدۇر يوقالدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى.

ــ گۇناھ مەندە، بۇرۇنلا ئۇنىڭغا ئېيتماقچى ئىدىم، لېكىن ھېچ لايىقىدا پۇرسەت...

ــ ئۇ يىراقتا تىكىلگەن قىسىلغان ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى يۆتكىمەستىن بېشىنى چايقىدى:

— ياق، خاتا چۈشىنىپ قالماڭ، ماڭا بەربىر! لېكىن سىز زادىلا ئۇنى بەك قىيناۋاتىسىز.

مەن ھەيران بولۇپ ئالدىراپ سورىدىم:

— كىمنى؟ مەن كىمنى قىيناپتىمەن؟ قانداق قىلىپ؟ ئېيتىڭچۇ؟

تەشنائى مېنى مەسخىرە قىلغاندەك مېيىقىنى قىيسايتىپ زەھەرلىك كۈلۈمسىرىدى:

— سىز بىلىسىز، ناھايىتى ياخشى بىلىسىز، سىز ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ قەستەن ئازابلاۋاتىسىز. بۇ ئۇغۇل بالىچىلىق ئەمەس

مەن تىت-تىت بولۇپ يېرىلغۇدەك بولدۇم:

— مەن ھېچنەرسىنى چۈشەنمىدىم.

— ياق، قەسەم ئىچمەڭ، لېكىن...

— مېنى قىيىنماڭ تەشنائى، مېنى شۇ تاپتا تەتۈر قىيناۋاتىسىز، — مەن رەللە بولۇپ ئولتۇرالماي قالدىم.

تەشنائى دەقىقە جىمجىتلىقتىن كېيىن تۈيۈقسىز ماڭا ئۆرۈلۈپ چەكچەيدى:

— سىز، سىز راستىنلا بىلمەمسىز؟ — ئۇنىڭ بىر جۈپ كۆزى ئىككى تال مىخ بولۇپ ماڭا قادالغانىدى. بۇ ئۇچلۇق مىخلار مېنىڭ يىگىتلىك غورۇرۇمغا قېقىلىشقا تەييارلانغاندەك قىلاتتى.

— خۇدا ھەققى! مەن ئەرلىك نامىمدىن قەسەم ئىچىمەن، مەن ھېچكىمنى ئازابلىغىنىم، قىيىنغىنىم يوق.

— رەنانىچۇ؟

— نېمە؟

يۈرىكىم قارت قىلىپ قالدى. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلدى. مەن ئۆزۈمنىڭ قۇلاقلىرىمغا ئىشىنەلمەي قالدىم:

— نېمە، نېمە؟ كىمنى؟

— رەنانى!

«رەنا» دېگەن ئىسىم بىلەن تەڭ تەشنائىنىڭ كۆكسى ئۆرىدەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى يىغلىغان ئادەمنىڭ ئاۋازىدەك ئۆكسۈپ تىترەپ چىقتى. مەن بېشىمغا چاقماق چۈشكەندەك ئازابلىنىپ بىر تولغاندىم-دە، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن يۇلقۇنۇپ ئولتۇرغان يېرىمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم ئۇيات ۋە ئەلەمدىن قوقاستا پۇچىلانغاندەك ئۆرتىنىپ كەتتى.

— سىز... سىز قانداق مۇناپىق ئادەمسىز. مەندىن گۇمانلىنىشقا باشلىدىڭىزمۇ؟ سىز مېنى چېكىپ باقىدىغان خام تاۋۇز دەپ ئويلاۋاتامسىز؟ — مەن لاغىلداپ تىترىگىنىمچە بېشىمنى كۆرسەتتىم، — ماۋۇ تاۋۇز ئەمەس، بۇنى باش دەيمىز، — مەن مەيدەمگە ئەسەبىيلىك بىلەن مۇشتلىدىم، — ماۋۇنى بولسا يۈرەك دەيمىز، ئۇقتىڭىزمۇ؟! يۈرەك! سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز ئۆزىڭىزچە!

— بولدى، چېچىلماڭ دوستۇم، ئولتۇرۇڭ دەۋاتىمەن، مەن سىزدىن گۇمان قىلىپ

www.uyghurkitap.com

ئەمەس، ئەكسىچە سادىر بولغان ئىشلارنىڭ زورى بىلەن سىزگە بۇنى ئاشكارىلاشقا مەجبۇر بولدۇم، — تەشنائى خىجالەت بولغاندەك قىزاردى.

— نىمە؟ سادىر بولغان ئىشلارنىڭ؟ مەن بىرەر ئىش سادىر قىلىپتىمەنمۇ؟ — مەن ئەقلىدىن ئاداشقان ئادەمدەك قېتىپ قالغان كۆزلىرىمنى ئۇنىڭغا تىكىپ تۇرۇپ قالدىم.

— ياق! سىز نىمىلەرنى ئويلاپ كېتىۋاتىسىز، سەت بولىدۇ، ئولتۇرۇڭ، دەيمەن، ھەممىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرەي...

گېلىمنى نىمىدۇر سىقىۋالغاندەك نەپىسىمگە ئولاشمايتتى. پۇت-قولۇم لاغىلداپ تىترەيتتى.

تەشنائى مەن جايىمغا ئولتۇرغاندىن كېيىن بىر ھازاغىچە ئۈنچىقمىدى. بىر كەمدە ئۇ تۇكۇرۇكىنى كۈچ بىلەن يۇتتى. ئۇنىڭ گېلىنىڭ غۇرت قىلغان ئاۋازى ماڭا بەكمۇ ئېنىق ۋە خەلىتە ئاڭلاندى. ئۇ ماڭا قارىماي تۇرۇپ سورىدى:

— رەنا سىزنىڭچە قانداقراق قىز ئىكەن؟

مەن ھەيران بولۇپ بېشىمنى كۆتۈردۈم.

— رەنا؟ ئۇنى نېمىشقا مەندىن سورايسىز؟ ئۇ... ئۇ ئەلۋەتتە باھاسىز بىر قىزغۇ؟ لېكىن بۇنىڭ مەن بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟

تەشنائى جىمىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭدىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم.

— راست سۆزىڭىز-ھە؟ مۇشۇ سۆزىڭىز گە ئىشەنسەم بولامدۇ؟

گەجگەم غۇژژىدە قورۇلدى:

— سىزدە مۇبادا ماڭا نىسبەتەن ئازىراق ھۆرمەت دېگەن نەرسە بولسا، ماڭا بۇ تەرىقىدە سۆزلىمەڭ.

تەشنائى ئاچچىق كۈلدى:

— كەچۈرۈڭ، شۇنداق، ئۇ شەبنەمدەك تازا، قوزىدەك مۇلايىم بىر قىز، ئەخلاق، ئەقىل، چىرايىدىن خۇدايىم ئۇنىڭغا خالىغانچە بېرىپتىكەن.

مەن ئۈنچىقمىدىم.

— ئاشۇنداق بىر قىزغا ئېرىشكەن يىگىت، دۇنيادا يىگىتلەرنىڭ ئەڭ بەختلىكى مەن دېسە ئەرزىيدۇ.

تەشنائى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە تىكىلدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە يەنە شۇ ھەسرەتلىك كۈلكە — ئاچچىق، پەريادلىق يىغىدەك كىشىنىڭ ئىچىنى سىيرىۋېتىدىغان بىر كۈلكە ئەلەڭگىدى:

— رەنا سىزنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ.

ئۇنىڭ تاتارغان لەۋلىرى ئۆمچەيدى. بوغۇزىغا بىر نەرسە تىقىلغاندەك ئاۋازى خىرقىراپ قالدى.

سۈزۈك ئاسمان گۈلدۈرلەپ كەتتى، مەن بېسىپ تۇرغان زېمىن تىترىدى، يېشىل جىلغا سىلكىنىپ كەتتى. يىراقتىكى ئاقباش تاغلار گۈمۈرۈلۈپ، ئېگىز چوققىلار غۇلاپ چۈشتى. ئاسماندىكى قاندەك قىپقىزىل لۇغۇلداپ تۇرغان قۇياش بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ كۆكتىن يەرگە قاراپ يۇمىلىدى. يەر شارى تىترەپ-تىترەپ سىلكىندى. يېشىللىققا

پۈركەنگەن تۆپتۈز دالا بىر تەرەپكە قىيسايدى. گۈلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان شارقىراتمىنىڭ شاۋقۇنى ئاڭلانغاندەك بولدى، مەن ئىككى قولۇم بىلەن يۈرىكىمنى قاماللىۋالدىم.

— سىز ... نېمە دېمەكچى؟ سىز چىددىماسسىز ... سىز زەھەرلىك ئېغۋاگەرسىز! ۋاستە تاللاپ ئولتۇرمايدىغان قىساسخورسىز ... سىز، — مەن جان بىرىۋاتقاندەك ئىڭرىۋەتتىم. دېمىسىمۇ شۇ تاپتا مەن جېنىمدىن تويۇپلا قالغانىدىم.

تەشنائى ئورۇق بارماقلىرى بىلەن بىلىكىمنى ئامبۇردەك قىستى:

— ياق، سىز خاتا چۈشەنمەڭ، مەن راستىنى ئېيتىۋاتىمەن. مەن ئادەملىكىم بىلەن قەسەم ئىچىمەن! ئۇ سىزنى راستىنلا ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ، بۇنى ئۆز ئاغزى بىلەن ماڭا ئېيتتى!

— ياق! بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! سىز، مۇناپىق ئادەم ئىكەنسىز، ئۇنىڭدىن كۆرە، سەندىن قىزغىنىمەن دەپ ئوچۇق ئېيتىڭ. مەن ... مەن يولۇمغا كېتىۋېرىمەن ... مەن سىزدىن ئالىشىۋاتقىنىم يوق ... بۇ، بۇ...

مەن لاغىلداپ تىترەيتتىم، ئۇيات ۋە غەزەپتىن ھوشۇمنى يوقىتاي دەپ قالغانىدىم.

— تەنتەكلىك قىلماڭ! مېنىڭ ئادەملىكىمگىمۇ ئىشەنمەمسىز؟ — تەشنائى زەردە بىلەن بىلىكىمنى سىلكىدى، — رەنا بىر ئاي ئىلگىرى ماڭا ئۆز ئاغزى بىلەن ئېيتتى، ئۇ سىزنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدىكەن!

— ياق ... ياق! مەن ئۇنى ياخشى كۆرمەيمەن! سىزگە شۇنداق دېگەن بولسا، ئۇ شاللاق قىز ئىكەن، مەن ئەمدى تېخىمۇ ياخشى كۆرمەيمەن! — مەن ئەسەبىيلىك بىلەن ۋارقىرىۋەتتىم، — بىلىۋاتامسىز، ئۇنداق شاللاق قىزنى ياخشى كۆرمەيمەن!

چاڭ قىلىپ قالدى. مەڭزىم دەزمال ياققاندەك لاۋۇلداپ كۆيۈپ ئاغرىپ كەتتى. تەستىكىمگە زەرب بىلەن تەگكەن شاپىلاق ئاۋازىدىن ئوڭ قۇلىقىم ۋىڭىلداپ كەتتى. مەن ئۇشتۇمتۇت يېگەن شاپىلاقتىن ئاران ئېسىمگە كەلدىم-دە، تەشنائىغا ئېلىشاڭغۇ كۆزلىرىمنى تىكتىم. ئۇنىڭ چىرايى ئىستەك قارايغانىدى. كۆز قارىچۇقى تېخىمۇ كىچىكلەپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كېرىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ تۆۋەن كالپۇكىنى مەھكەم چىشلىۋاپتۇ. شۇ تاپتا ئۇ چىش سېلىشقا تەييار تۇرغان غالجىر ئىتقا ئوخشاپ قالغانىدى.

— رەناغا ھاقارەت قىلىشقا ھەددىڭ ئەمەس! ئۆزۈڭ بىر ئىپلاسسەن! شۇنىڭ ئۇچۇن بىر پاك ۋە پاكىز قەلبكە، ۋۇجۇدىغا چاڭ قونمىغان مەسۇمەگە قارا سۈركەۋاتىسەن! — تەشنائى بۇ سۆزلەرنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن دانە-دانە قىلىپ چىقىرىپ پەس ئاۋازدا خىرقىراپ تۇرۇپ ئېيتتى. ئۇنىڭ يۈزۈمگە كېلىپ تېگىۋاتقان نەپىسىدىن قورقۇنچلۇق غەزەپنىڭ تەننى شۈركەندۈرىدىغان مۇزدەك سالقىنى يەلپۈنەتتى.

مەن ئۆزۈمنىڭ خاتاسىدىن چۆچۈپ كەتتىم. رەنا توغرىسىدىكى، ئاشۇ بىغۇبار قەلب، پاكىز ۋۇجۇد توغرىسىدىكى بۇ بىمەنە ۋە ساراڭلارچە ھاقارىتىم ئۇچۇن كېيىن خېلى ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆزۈمنى تىللاپ يۈردۈم.

مەن ئوسال بولۇپ قىزىرىپ بېشىمنى تۆۋەن سالدىم. تەشنائى غەزەپتىن لاغىلداپ تىترەپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر ھازادىن كېيىن خورسىنىپ چوڭقۇر بىر نەپەس ئالدى-دە، مەندىن كۆزىنى يۆتكەپ يىراققا تىكىلدى.

— بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھېچكىم جاۋابكار ئەمەس، بولغۇلۇق بولدى. ئەمدى مەن

www.uyghurkitap.com

سىز بىلەن ۋاقتىمنى زايە قىلالمايمەن، مەن پەقەت بىر خالىس شاھىد سۈپىتىدە ئىشىنىڭ ئەسلىنى سىزگە دەپ قوياي - دە، بويىنۇمدىكى قەرزىمنى ساقىت قىلاي، — تەشنالىقى خىرىلدىغان ئاۋازدا كۆڭلى قالغان ئادەمدەك ئۈزۈپ - ئۈزۈپ سۆزلىدى، — بۇ ئىش بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن. ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك، رەنا شۇ كۈنلەردە بىز تەرەپكە ئۇشتۇمتۇت كەلمەي قويدى. ئارىلىقتا بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى، بۇنىڭ ماڭا قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز. ساراڭ بولاي دېدىم، ھەر كۈنى مېھمانخانىنىڭ ئۇ كېلىدىغان تەرىپىدىكى كۆل بويىدا ئۇنىڭ يولىغا تەلمۈرۈپ ئۇنى كۈتتۇم. لېكىن ئۇ كۆرۈنمەي قويدى. گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدى. ئۇيقۇدىن قالدىم. كۆڭلۈمنى نامەلۇم بىر ئەندىشە قاپلىۋالدى. ئۇنىڭ مەكتىپىگە تېلېفون بەرسەم، رەنانىڭ رۇخسەت سوراپ مەكتەپكە كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ نېمىشقا كەلمەيدۇ؟ ئاغرىپ قالدىمۇ - يا؟ ئۇنداق بولسا مەكتەپ بىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمىسە... بىردىنلا مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر گۇمان كەچتى. مۇبادا رەشىت، ھېلىقى ئاخشىمى كېلىشكىنىمىز بويىچە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن بولسا كېرەك، خۇددى مەن ئىلگىرىلا پەرەز قىلغاندەك رەنا بۇنى ئاڭلاپ غەزەپلەنگەن ۋە ئەككىنچىلەپ مەن بىلەن كۆرۈشمەسلىك قارارىغا كەلگەن. ئۇنىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان بۇ تەرەپكە ئاياغ باسماسلىقى دەل مۇشۇ سەۋەبتىن بولغان دەپ ئىشەندىم - دە، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. «مانا مەن پەرەز قىلغان ۋەقە ئاخىرى سادىر بولدى مەن مۇشۇنداق بولۇشنى بىلگەن ئىدىم ۋە شۇنىڭدىن قورقۇپمۇ ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ۋە يالقۇنلۇق ھېسسىياتىمنى يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم، ئازابلىنىپ قان يۇتساممۇ بۇنى ئاشكارىلىماسلىققا ئەھدە قىلغانىدىم. مەن رەناغا بولغان مۇھەببىتىمنى قەلبىمنىڭ چوڭقۇرىغا كۆمۈپ ئۇنى جېنىمنى ئاسرىغاندەك، ئاسراپ - قەدىرلەپ ئۆلۈپ كېتەرمەن دەپ ئويلىۋىدىم، لېكىن ئۇ ئۇلۇغ خىياللىرىم بىتچىت بولدى. ھازىرغىچە تىنچ ۋە بىر خىلدا ئۆتۈۋاتقان ھاياتىمغا مۇبارەك رەشىت دەيدىغان بىر شەخس ئۇشتۇمتۇت ئۇسسۇپ كىردى، مېنىڭ پۈتۈن ئەقىدەمنى بەرباد قىلىۋەتتى. مانا ئەمدى مەن جىمى خۇشاللىقىمدىن مەھرۇم بولدۇم. ھۇۋقۇشتەك يالغۇز قالدىم، مېنىڭ ھاياتىمنىڭ شامى ئۆچتى، ماڭا ھىمات بولىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەنىۋى يۆلەك ۋە تەسەللىدىن ئايرىلىپ قالدىم...، دەپ ئازاب ئىچىدە تولغاندىم، رەنانى كۆرەلمەسلىك ۋەھىمىسى يۈرىكىمگە پىچاق بولۇپ قادالدى. جان - جېنىم قاقشاپ كەتتى.

يانا سەنسىزدىن مۇنىسىم غەم بولۇپتۇر،
كۆزۈمگە يۈرەك قانى ھەمدەم بولۇپتۇر.①

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

يانا سالدى ھەجر ھەم تەن ھەم كۆڭۈل ھەم جانغا ئوت،
سالدى ئون ھىجران ماڭا يارەبكى سال ھىجرانغا ئوت.②

① سەنسىز يەنە نە مېنىڭ ئۆلپىتىم غەم بولدى. كۆز ياشلىرىمغا يۈرەك قېنىم ھەمدەم بولدى. ② جۇدالىق يەنە تەن، كۆڭۈل، جانغا ئوت سالدى. ھىجران ماڭا ئوت سالدى. خۇدا سەن شۇ ھىجرانغا ئوت قويغىن. (ناۋائى)

رەنانىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى گۇناھكار ھېس قىلدىم. ئۆزۈمنى ئاسماندىكى تو-
لۇن ئايغا قاۋىغان ئىت ئورنىدا، مەلىكىدىن سۆيۈش تىلىگەن پەسكەش قۇل ئورنىدا
ساندىم. ئۇياتتىن، خورلۇقتىن ۋۇجۇدۇم لاۋىلداپ كەتتى. يۈز - كۆزۈمگە مىڭلاپ ئوت-
لۇق نەشتەر سانجىلغاندەك كۆيۈپ ئېچىشتى. مەن ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم، ئۆزۈمنىڭ
يەڭگىلتەكلىكىدىن، بىردەملىك ھېسسىياتقا قۇل بولۇپ ئۆزۈمنىڭ ئەڭ مۇقەددەس،
خۇپىيانە سىرىمنى سىزگە ئاشكارىلاپ قويغىنىم ۋە سىزدىن رەناغا ئەلچى بولۇشىڭىزنى
تىلىگىنىم ئۈچۈن ئۆزەمنىڭ گۆشىنى ئۆزۈم يېگۈدەك بولدۇم، پۇشايمان، ئۆكۈنۈش
ئازابى يۈرىكىمنى مۇجۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ سىزدىنمۇ نەپرەتلەندىم، سىزنىڭ
رودىپايدەك ماڭا چاپلىشىۋېلىپ سىرىمنى ئېلىۋالغىنىڭىزغا، ئاخىرىدا كېلىپ مېنى رەنا
ئالدىدا مۇشۇنداق رەسۋا قىلغىنىڭىزغا ئىچ - ئىچىمدىن غەزەپلەندىم. مۇھەببەتنىڭ كۆل-
پىتى بىلەن رەت قىلىنىش ئازابى، ئايرىلىپ قېلىش ھەسرىتى ۋە ئۆزۈمنى خار ساناش
تۇيغۇسى قوشۇلۇپ يۈرەك باغرىمنى تىتىپ تاشلىدى....

ئاخىرى، رەنادىن كەچۈرۈم سوراش، ئۇنىڭ قەلبىدىكى مېنىڭ سەۋەبىم بىلەن
پەيدا بولغان كەمستىلىش تۇيغۇسىنى، ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق غەرەز تەمەدە
بولمىغان پاك قەلبىنى ئۇشتۇمتۇت خىرەلەشتۈرگەن چاڭ - توزاننى يۇيۇش قارارىغا
كەلدىم. ماڭا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى، مەن ئۇنىڭسىز، ياق توغرىراقى ئۇنى بىر
كۈن كۆرمەي ياشىيالمايتتىم، ئاغرىق قۇشتەك جىمجىتلا ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن ئىدى.
شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش قارارىغا كەلدىم. بىر
كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇنىڭ مەھەللىسىگە باردىم ۋە ئازاب ھەم دەككە - دۈككە ئىچىدە
ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتىم. مەن ئۇنىڭ ھەر قانداق قاتتىق مۇئامىلىسىگە، ھەتتا تىل
ھاقارىتىگە چىداشقا تەييارلىق قىلغانىدىم. ئىشىكنى ئۇنىڭ ئانىسى ئاچتى. ئۇ ئايال مېنى
كۆرۈپ خۇشال بولدى ۋە قورۇغا تەكلىپ قىلدى.

— رەنا قىز ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىدا، ھەپتە ئون كۈن بولدى، ياتقىنى ياتقان، يا يېگىنى-
نىڭ تايىنى يوق، يا ئىچكىنىنىڭ. كېچىچە چىرىغى ئۆچمەيدۇ، ئۇنسىز يىغلايدۇ، بىزگە ھېچنەرسە
دېمەيدۇ، دادىسى ئىككىمىزنىڭ يۈرەك باغرى ئېزىلىپ كەتتى. ياخشى كەپسىز ئوغلۇم، سىزنى
كۆرسە خۇشال بولىدۇ. بىر بىلىپ باقسىڭىز... نېمە گېپى بولسا ....— موماي ئېسەدەپ
يىغلىۋەتتى. مەن مومايىنىڭ ئالدىدا بېشىمنى سېلىپ ئۈندىمەي تۇردۇم. گۇناھكارلىق
تۇيغۇسى ئىچىمنى تاتىلاپ يۈرىكىمنى قان قىلىۋەتتى. بىچارە ئانىنىڭ بۇ يېرىمچىلىقىنى
تولدۇرۇش مۇمكىنمىكىن؟ مەن بۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا قەتئىي تۇرۇپ
تەييارلاندىم.

— ئۆزى يالغۇزمۇ؟

— ئۆزى يالغۇز.

ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كەلگەندە بىردىنىلا يۈرىكىم سېلىپ، پۇت - قولۇمغا تىترەك
ئولاشقىلى تۇردى، مەن ئۆزۈمنى مەھكەم تۇتۇپ ھۇجرىغا كىردىم. رەنا باغقا قارىتىپ



ئېچىلغان كۆك دېرىزىنىڭ يېنىغا قويۇلغان سىم كارۋاتتا سېلىنغان قېلىن دۇخاۋا كۆرپە ئۈستىدە ئاپئاق ماموق ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرۇپتۇ.

— رەنا... — مېنىڭ ئاۋازىم تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزىگە قاراشقا پېتىنالمىدىم.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ مۇئەللىم، — ئۇ ئورۇندۇقنى كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى نۇردەك يۇمشاق ۋە ئىسسىق ئىدى. رەنجىش ئالامىتى بىلىنمەيتتى. مەن دىدىللىشىپ، كارۋاتقا يېقىن قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك قەدىمى يوسۇندىكى يۇمشاق ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم - دە، ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم.

ئۇنىڭ چىرايى بىر نەچچە كۈن ئىچىدە باشقىچىلا ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرى تېخىمۇ يوغىناپ ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ. يادىخىنىدىن قاڭشىرى، ئېڭەك سۆڭىكى، نازۇك بويىنىدىكى پەي سىڭىرلار چىقىپلا قاپتۇ. ئۇنىڭ چىرايى كۈن كۆرمىگىنى ئۈچۈنمۇ تېخىمۇ سۇزۇلۇپ قاشتېشىدەك يالتىراپ كېتىپتۇ.

— تېچلىقمۇ سىز...

— رەھمەت، سەل مىجەزىم يوق، شۇڭا بارالمىدىم.

رەنا زورۇقۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ خرۇستالدەك ئاپئاق ۋە ئۇششاق چىشلىرىنىڭ شولىسىدىن ئۇنىڭ نېپىز، قىزىل ۋە قورىسىغان لەۋلىرى يالتىرىغاندەك بولدى. رەنانىڭ ئۇزايىدىن — ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ بېغىشلىرىدىن، گەپ قىلغان چاغدىكى ئاھاڭىدىن مەن ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق غەيرىي ھالنى سەزمىدىم. شۇڭا كۆڭلۈم سەل ئارامىغا چۈشتى، لېكىن يەنىلا دەككە - دۈككەم بېسىقمىغانىدى.

— يوقلاپ كەلگىنىڭىز مېنى بەك خۇشال قىلدى، — ئۇنىڭ چېھرى پەقەت ئۆزىگىلا خاس گۈزەل تەبەسسۇم بىلەن نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ تولىمۇ ماغدۇرسىز كۆرۈنەتتى. ئۆرە ئولتۇرۇشقىمۇ قۇربى يەتمىگەندەك، ئارقىسىدىكى قېلىن ماموق ياستۇققا ئاستاغىنا تاشلاندى. ئۇنىڭ بۇلۇتتەك قاپقارا بۇدۇر چاچلىرى ياستۇقنى قاپلاپ كۆپۈپ چىقتى. دېرىزىدىن چۈشۈۋاتقان كۈن نۇرى بىلەن قاردەك ئاق ياستۇقتىن سۇنۇپ يانغان نۇر ئىچىدە رەنا گويا شۇ تاپتا نۇرغا بۆلۈنۈپ ياتقان بىر دەستە گۈلدەك بەرق ئۇرۇپ تۇراتتى. بىر نەچچە كۈنلۈك يالقۇنلۇق ۋە بىتاپلىق ئۇنىڭ جىسمىغا پەرىشتە ھەيران قالغۇدەك بىر خىل نازۇك، نەپىس، نۇرانىلىك ۋە ناتىۋانلارغا خاس مەيۈس، ئاجىزلارغا خاس رايىش، مۇلايىم بىر گۈزەللىك بەخش قىلغانىدى.

ئىككىمىز ئۈنچىقمىدۇق، بىر - بىرىمىزدىن نېمىنىدۇر كۈتۈپ ئولتۇرۇپ قالغانىدۇق. ياستۇقنىڭ مەن تەرەپتىكى يېنىدا تۇرغان بىر كىتابقا ئۇشتۇمتۇت كۆزۈم چۈشۈپ قال-

دى. كىتاب دۈم قويۇلغانىدى. مەن پەرۋاسىزغىنا قىياپەتتە ئۇ كىتابنى قولۇمغا ئالدىم-دە، چۆچۈپ كەتتىم. ئۇ كىتابنىڭ ۋاراقلىرى كۆپ ۋە تەكرار ۋاراقلانغانلىقتىن يۇمشاپ پەتىسىزلىنىپتۇ ۋە ھەر بىر ۋاراق دېگۈدەك قىزىل قەلەمدە تىركەلگەن چوڭ-كىچىك سوئال بەلگىلىرى بىلەن توشۇپتۇ. بۇ سوئال بەلگىلىرى جىددىي ۋە تەشۋىشلىك ئىدى. ئۇ سوئاللار كىتاب قۇرلىرىغا، مۇشۇ كىتاب قۇرلىرى ئارىسىغا مۆكۈنگەنگەن قايسىبىر ئوبرازغا ياكى مۇشۇ قۇرلارنىڭ ياراتقۇچىسىغا، ئاشۇ ئوبرازنىڭ ھەرىكەتلىرىشىغا بىر خىل تەئەججۈپ، ۋەھىمە، ۋە تەشنالىق ئىلكىدە تىتىرىگىنىچە تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك ئىدى.

بۇ كىتابنىڭ ئىنتولىدا ئاپتورنىڭ سۈرىتى بولۇشى كېرەك ئىدى. بۇنى ئوبدان بىلەتتىم. مەن ئىنتولنى ئاچتىم. دەرۋەقە شۇنداق چىقتى.

سۈرەتنىڭ يۈزىدە يامغۇر تامغاندەك غۇدۇر-بۇدۇر كۆپۈشكەن ئىزلار بار ئىدى. بۇ ئىزلاردا داغ بار ئىدى. ئاھ... ئەمدى چۈشەندىم، بۇ كۆز يېشىنىڭ داغلىرى ئىكەن. توغرا كۆز يېشى، سۈرەتكە تامغان كۆز يېشى. بۇ ھەسرەتلىك كۆز يېشىنىڭ بەزى تامچىلىرى تېخى قۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمەپتۇ. بۇ داغلار ھېلىھەم ھۆل ئىسسىق ۋە شىرلىق ئىكەن... مەن ھەممىنى چۈشەندىم. پەقەت شۇ چاغدىلا، رەنانىڭ ئۇشتۇمتۇت كەلمەي قويغىنىنىڭ سەۋەبىنى، سىرىنى چۈشەندىم. ئەسلىدە ياخشى كۆرۈپ قېلىش، بىر يىگىتكە مۇھەببەت قويۇش ئۇنى ماغدۇرىدىن كەتكۈزۈپ تۆشەككە يىقىتقان ئىكەن. مۇھەببەت پىغانى، ياخشى كۆرۈشنىڭ يالقۇنى ئۇنىڭ نازۇك ۋۇجۇدىنى ئۆرتەپ ئوتقا چۈشكەن قىلدەك كۆيدۈرگەن ئىكەن، تۇنجى مۇھەببەت ئۇنىڭ نەۋباھارىغا ئۇششۇك ئىزغىرىنى بولۇپ ئۇرۇلغان. ئۇنى ياپراقتەك تىترەتكەن ئىكەن... ئەمدى ئېيتسام ئۇ كىتاب سىز رەنا بىلەن ئىككىمىزگە بىر ئاي ئىلگىرى بىردىن ھەدىيە قىلغان پوۋېستلار توپلىمىڭىز «كۆك رەڭلىك كۆلكە»، ئۇ لەنەتگەردى سۈرەتتىكى كۆرەڭ، شەپقەتسىز، لېكىن خىيالچان گۈزەل يىگىت سىز ئىدىڭىز! ئاھ! پەرۋەردىگارا، نېمىلەرنى كۆرۈۋاتىمەن ئۆزۈم!

تۆمۈر قوزۇقنى قىزىتىپ قاققاندەك بىر كۆيدۈرگۈ ئاغرىق مېڭەمدىن كىرىپ تاپىنىمدىن چىقىپ كەتتى، ئىڭراپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن لېۋىمنى قاتتىق چىشلىۋالدىم. گېلىم قۇرۇپ كەتكىنى ئۈچۈن تۈكۈرۈكۈمنى كۈچ بىلەن يۇتۇۋېدىم ئىچىمگە زەھەر قۇيۇلغاندەك بولدى، ئىچ-باغرىم ئېچىشىپ كۆيدى. يۈرىكىم — مېنىڭ ئاشۇ دەردكە، ھەسرەتكە يارالغان، زىدە بولغان لېكىن كۆتۈرۈشچان كىچىككىنە بىچارە يۈرىكىم ئاچچىق زەرداپ ئىچىدە نىمجان بىلىنجاندەك ئارانغىنا پىلىتىڭلايتتى. كۆزۈمگە يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈندى... مەن ھوشۇمنى يوقىتىپ قويماسلىقىم ئۈچۈن ئىچىمدە «تەشنائى سەۋرى قىل، تاقەت قىل، ياخشى كۆرۈشۈڭنىڭ چىن ياكى ئەمەسلىكىنى، سېنىڭ يىگىت ياكى ئەمەسلىكىڭنى سىنايدىغان پەيت مۇشۇ! مەھكەم بول! ياخشى كۆرگىنىڭ ئۈچۈن پەخىرلەن، پاكىز ئەقىدەڭ، يالقۇنلۇق مۇھەببىتىڭ ئۈچۈن ئىپتىخارلان، مۇھەببەت مەقسەت ئەمەس ياكى مۇھەببەتنىڭ مەقسىتى ئېرىشىش ئەمەس، ئازابلىنىشنى، ئۆرتىنىشنى بىلىش مۇھەببەت! سەن ئاز تېپىلىدىغان مۇھەببەتلىك يىگىت. سەن ئالدىڭدىكى مۇھەببەت ئىگىسىنىمۇ ھۆرمەت قىل!» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپ تۇردۇم،

يەنە نېمىلەرنى ئويلىدىنكىن، بۇنى بىر ئاللا ئۆزى بىلىدۇ، مەن ھازىر ھېچنەرسىنى ئەسلىيەلمەيمەن، چۈنكى مەن ئۇ چاغدا ئاللىقاچان يېرىم بىھوش بولغانىدىم. مەن قولۇمدىكى كىتابتىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ كارىۋاتتا قىلدەك تولغىنىپ، تىترەپ ياتقان رەناغا قارىدىم.

رەنا كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋاپتۇ. ئۇنىڭ يۈزى ئۇيياتتىن شەلپەردەك قىزىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ تولۇپ كېلىۋاتقان گۈزەل كۆكسى شىددەت بىلەن ئاستى-ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چۈشمەكتە. تىنىقلىرى بىر-بىرىگە ئۇلاشمايدۇ. ئۇنىڭغا بىردىنلا ئىچىم ئاغرىپ قالدى، ئۆزۈمگە ئەمەس ئۇنىڭغا، ئاشۇ رەناغا! چۈنكى بۇنداق ئازابنى باشقا ھەرقانداق ئادەمدىن ياخشىراق چۈشىنەتتىم. مەن كۆيگەن، مەن زارىققان، مەن تەشنا بولغان بۇ گۈل تەن، بۇ پاكىز، يالقۇنلۇق روھ، مېنىڭ كۆزۈمچە باشقا بىر يىگىتنىڭ ئوت-پىراقى ئىچىدە پەرياد چېكىۋاتماقتا! مەن چوقۇنغان، مەن ئايىغىغا باش قويغان بۇ مەبۇدە، بۇ ئىلاھە باشقا بىرسىگە ئىقتىدا قىلىپ، قول باغلاپ تىزلىنىپ ئاھ ئۇرماقتا! ئاھ خۇدا! سېنىڭ بۇ مۆجىزەڭنىڭ ئالدىدا پەقەت ھەيران ۋە تەئەججۈپلۈك ئىلكىدە، ئازاب، يوقتىش ئازابى ئىچىدە قول باغلاپ تۇرماقتىن ئۆزگە نېمە چارەم بار؟ ئۇلۇغلارنى پەسلەشتۈرۈش — تۆگىنىڭ بويىنىنى يانتاققا ئەگدۈرۈش ۋە يەنە بىئېتىبار قۇلنىڭ كۆڭلىنى قۇياشتەك يۈكسەك ۋە مەغرۇر مەلىكىگە باغلاپ قويۇپ ئۇنى مەسخىرە ۋە رەسۋا قىلىش سېنىڭ مۇھەببەت جۇملىسىدە يۈرگۈزىدىغان شەپقەتسىز ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان ئاجايىپ سىياسىتىڭ ئىكەنغۇ؟! يەنە كېلىپ مۇشۇ سىياسىتىڭنىڭ قۇربانلىرىنى كىشىلەرنىڭ مۇھەببەتلىك ئادەم، دەپ چىرايلىق نام بىلەن ئاتاشلىرىنى قارا! ئەي رەھمەت ۋە ھىممەت ئىگىسى، ئاشۇ بەختسىزلەرگە رەھىم قىلغايسەن! ھېچكىمىڭنى ياخشى كۆرۈپ قېلىش ئازابىغا دۇچار قىلمىغايسەن! مەن يۈرىكىمنىڭ شىددەت بىلەن دۈپۈلدىشىنى رەنانىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن ۋە مېنىڭ پۈتۈن سىرلىرىمنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىپ ئۆزۈمنىڭ بىچارىلىقىنى چاندۇرۇپ قويۇشۇمدىن قورقۇپ، قولۇم بىلەن سول كۆكرىكىمنى كۈچ بىلەن بېسىۋالدىم ۋە تىترەك ئاۋازدا دېدىم:

— رەنا، سىزنىڭ... ئاغرىقىڭىزنى چۈشەندىم، بۇ ... بۇ ئاشۇنداق بولىدۇ، ئۇ ... سىز كۆپ ئازابلانماڭ، ئۇ تولىمۇ ئېسىل يىگىت، توغرا تاللاپسىز، بەك ياخشى ... سىز خىجالەت بولماڭ، بۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك ... بۇنى مەن بىلەتتىم.

ئۆزۈمنىڭ يەنە نېمىلەر دېگىنىمنى بىلمەيمەن، مەن راستىمنى ئېيتسام كۆزۈم ئوچۇق ھالدا جۆيلۈۋاتاتتىم — كىشى ئۆزىنىڭ نېمە دەپ جۆيلۈگىنىنى بىلەلمەيدىغۇ؟!

مېنىڭ سۆزۈم بىلەن تەڭ، رەنانىڭ كۆزىدىن ياش قۇيۇلدى. ئۇ دېرىزە تەرەپكە يۈزىنى قىلىۋېلىپ بۇقۇلداپ ئىسەدەيتتى. ئۇنىڭ قاپقارا چاچلىرى چۈمكىۋالغان گۈزەل يەلكىلىرى ھەربىر بۇقۇلداشتا سىلكىنەتتى. ۋۇجۇدى پىچاقتا توغرىلانغان قوزىدەك تىترەيتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالى مېنى مىڭ ئۆلتۈرۈپ، مىڭ تىرىلدۈردى. شۇ تاپتا مېنىڭ بىرلا ئىستىكىم بار ئىدى. بۇ بولسىمۇ مۇمكىن بولسا رەنانىڭ يۈرىكىنى قامىۋالغان ئازابنى تەڭ بۆلۈشسەم، ئۇنىڭ ئاشۇ سەبىي، ساددا ۋە ھوشىنى يوقاتقان

قەلبىنى ئازابتىن قۇتقۇزسام.

— مۇبارەك رەشت ياخشى كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان سەممىي، ئەخلاقلىق ھەم تالانتلىق يىگىت، ئۇمۇ سىزنى... سىز بۇنچە يىغلىماڭ... سىز يىغلىسىڭىز قانداق بولىدۇ... — مەن كىچىك بالىدەك نەدىكى يوقلاڭ گەپلەرنى تېرىشتۇرۇۋاتاتتىم. بىرەر مۇۋاپىق سۆز تاپالماي تىت-تىت بولۇپ پېشانەمدىن تەر چىقىپ كەتتى. بۇ ھالدا ئۇنى بەزلىمەك ئوڭايمۇ؟ ماڭا ئاسانمۇ؟ ۋە نېمە دەپ بەزلەيمەن؟!

— ياق.... ياق... ئۇ بەك رەھىمسىز ئادەم ئىكەن. مەن ئۆزۈم بەكمۇ ئوسال قىز.

رەنا ئېسەدەپ تۇرۇپ ئىگرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاجىز ۋە مۇسىبەت ئۈستىدىكى ئادەمنىڭ تىنىقىدەك ھەسرەتلىك ئىدى.

— ياق ئۇنداق دېمەڭ... ئۇمۇ سىزنى ياخشى كۆرىدۇ... شۇنداق... بۇنى مەنمۇ بىلىمەن... ئۇمۇ خۇددى سىزدەك ھەسرەت چېكىپ يۈرىدۇ... لېكىن ئوڭايسىزلانسا كېرەك، ياش پەرقىنى كۆزدە تۇتسا كېرەك... ئۇ سىزدىن ئون نەچچە ياش چوڭ ئەمەسمۇ... ئىشىنىمەن، ئۇ...

رەنا مەن تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياشلىق، ھەسرەتلىك كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شۈبھە بىلەن شادلىق ئارىلىشىپ كەتكەن سوراق بەلگىسى ئەكسىلىنىپ تۇراتتى، ئاتەش كەبى يالقۇنلاپ تۇرغان بۇ كۆزلەردە ھەسرەت، ئۈمىد — تەشنالىق ۋە بىقارارلىق بالقىيتتى.

— مەن سىزنىڭ ئۆز ئاكىڭىزنىڭ ئورنىدىكى ئادەممەن. مەن سىزگە پەقەت بەخت ۋە خۇشاللىق تىلەيمەن. مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشىنىڭ، بۇ ئىشتا مەن سىزگە خۇشاللىق بىلەن ياردەم قىلىمەن.

مەن چەكسىز قايغۇ ۋە ھەسرەت ئىچىدە تۇنجۇقۇپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى ئەسلىدىكى ئارزۇ-ئىستىكىمنىڭ دۈشمىنىگە، ئەسلى ئۆزۈمنىڭ رەقىبىگە ئۆزۈم سۆيىدىغان قىزنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا بارىدىغان ئەلچىنىڭ رولىغا تەييارلاۋاتاتتىم.

— ياق، ياق، كېرەك ئەمەس، مەن ئۆزۈملا... ياق، مۇمكىن ئەمەس، بولدى، ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس... ئۇ بىلمەيلا قالسۇن، مەن مۇشۇ پېتىچىلا...

ئاھ! تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرىگە ھەيرانمەن، رەنا شۇ تاپتا، ھېلىقى ئايدىڭ كېچىدە مەن مۇبارەككە، يەنى سىزگە ئېيتقان سۆزلەرنى، مەن زارلىغان زارىنى ئەينى بىلەن تەكرارلاۋاتاتتى.

قىز يۇم-يۇم يىغلايتتى. ئۇنىڭ يۈزى ياش بىلەن يۇيۇلۇپ گويا مەرمەرگە، قاشتېشىغا، كەھرىۋاغا ئوخشاپ قالغانىدى — تازا، ھۆل، چاقناق، جەزىبىلىك... ئۇنىڭ ئاھۇ كۆزلىرىنىڭ ۋىل-ۋىل يېنىپ، بۇ جادۇ كۆزلەر، بۇ قورقۇنچلۇق گۈزەل كۆزلەر ھۆللۈك-نەملىك ئىچىدە ئوت بولۇپ يالقۇنلىماقتا ئىدى. ھۆللۈك ئىچىدە يانىدىغان ئوت! پىراق دېگىنى مۇشۇ ئىكەن-دە، 18 ياشلىق قىزنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزلىرى مۇشۇنداق بولىدىكەن-دە، ياش قىزنىڭ تۇنجى مۇھەببىتى مۇشۇنداق تېگىگە

يېتىپ بولغۇسىز ۋە چۈشەنگۈسىز بولىدىكەن - دە! خۇدا ماڭا رەنانىڭ كۆزلىرىنىڭ مۇنداق يانغىنىنى كۆرۈشكە ئىلگىرى نېمىشقا نېسىپ قىلمىغان ئىدىكى؟ بۇ كۆزلەر قاچاندىن بۇيان شۇنداق ھۆللۈك ئىچىدە لاۋىلداپ ياندىغان بولۇپ قالدىكىنە؟! مەن ئاخىرى بۇ ئوغىدەك ھەقىقەتكە باش ئەگدىم. ئەسلىدە بۇ كۆزلەر ھېچقاچان مەن ئۈچۈن يانمىغان ۋە ئەبەدىي يانمايدۇ! پەقەت... خۇددى ناۋائى يازغاندەك:

ئەي ناۋائى، سەن گاداغە ئۆيلەسىيىم ئەندامدىن،
ۋەسلىنىڭ ئىمكانى يوق تەركى خىيالدىن خام بەر.①

«ئەي مۇبارەك! لەنەتگەردى مۇبارەك! بەختلىك مۇبارەك! مېنىڭ جېنىمغا زامىن بولغا ن ئۆلگۈر مۇبارەك!» دەيتتىم ئىچىمدە، ئازابتىن ئۆرتىنىپ - تىترەپ.

مەن ئۆزۈمگە ھاي بېرىشكە مەجبۇر ئىدىم، ھەم ئاخىرقى چەكتە ئۆزۈمنى بېسىۋالدىم. رەنانىڭ تارتىۋاتقان ئازابى مېنى ھەممىدىن ۋاز كېچىشكە، ھەممىنى قۇربان قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن كۆپ ئويلىدىم. ئاخىر بۇ ئۈچ ئورۇقلۇق «قاتار» دا ئۆزۈمنىڭ تۇرۇشقا تېگىش ئورنۇمنى تولىمۇ تەسلىكتە بەلگىلىدىم — مەن ئۆزۈمنى تەسەۋۋۇرۇمدا رەنانىڭ قېرىندىشى — ئاكىسى دەپ تەسەۋۋۇر قىلدىم ۋە ئۆزۈمنى بۇنىڭغا ئىشەندۈردۈم - دە، بىر كۆيۈمچان ئاكىغا ئۆزگەردىم، مەن سىڭلىم ئۈچۈن ئەسلى ۋەسلىمدىن كېچىشكە تەييار پىداكار ئاكا ئىدىم. بۇنداق ئاكا، مەندەك بىر باغىرداش ئاكا ئۆز سىڭلىسىنىڭ بىر كۆزىدىن ياش، بىر كۆزىدىن قان تېمىۋاتقىنىغا خاتىرجەم قاراپ تۇرالامدۇ؟

مەن ئاكىلىق سۈپىتىدە تۇرۇپ رەناغا كۆپتىن كۆپ تەسەللى بەردىم. ئۇنىڭغا تەسەللى ئەمەس، ئۈمىد، ئىلھام، رىغبەت كېرەك ئىدى. ئاخىرى مەن سىزنىڭمۇ رەنانى خۇددى ئۇ سىزنى ياخشى كۆرگەندەك چىن دىلىدىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىڭىزنى ئۇنىڭغا كۆيۈپ - پىشىپ چۈشەندۈردۈم! ئەلۋەتتە، بۇنى ئەستىقلاش ئۈچۈن ساختا ھېكايەمۇ توقۇپ چىقتىم. ئاخىرى رەنانىڭ كۆڭلى سەل ئارامىغا چۈشكەندەك بولدى ۋە بىزنى دائىم يوقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە بەردى. لېكىن مېنىڭ بۇ ھەقتە زادىلا ئېغىز ئاچماسلىقىمنى تىلەپ تۇرۇۋالدى. مەنمۇ ماقۇل بولدۇم. قايتار چاغدا ئۇ مېنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى. قىزنىڭ ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىققىنىنى ۋە كەيپىنىڭ خېلىلا ياخشى بولۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئاپىسى خۇشاللىقىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى. كېيىن رەنادىن «سېھىرگەرمۇ ياكى تېۋىپمۇ ھېلىقى بالا؟» دەپ سوراپتىمىش، بۇنى رەنا كېيىن كۈلۈپ - كۈلۈپ سۆزلەپ بەردى.

دوستۇم، مەن سىزنىڭ رەنانى ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭىزنى ۋە رەنانى ئۆزىڭىزگە رام قىلىۋېلىش ئۈچۈن پۈتۈن ئېسىيادىڭىز بىلەن ئۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىڭىزنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن.

مەن سىزنى رەناغا تونۇشتۇرغان بىرىنچى كۈنىلا سىزنىڭ بىر خەتەرلىك ئۇنسۇر

① ئەي ناۋائى، سەن گادايغا ئۇ گۈلمۇش بەدەننىڭ ۋەسلىگە ئېرىشىش ئىمكانى يوق. شۇڭا شام خىيالىڭدىن كەچ.

ئىكەنلىكىڭىزنى تونۇپ يەتتىم. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ھەرقانداق بىر كۆرەڭ قىزنىڭ كۆڭلىنى بويسۇندۇرۇۋالالايدىغان بىر خىل قورقۇنچلۇق كۈچ بار ئىكەن. بۇنى نېمىشقا بۇرۇنراق ئويلىمىغۇدىمكەن؟ بەلكىم تەقدىر شۇنداقتۇ... يەنە كېلىپ رەنا ھېچبىر ئىش كۆرمىگەن، ساددا ۋە ئاق كۆڭۈل قىز، ئۇنىڭ ئەمدىلا ئويغىنىپ ئاشۇ ئۇيقۇچان كۆزلىرى بىلەن بۇ رەڭگا رەڭ ۋە ئالىبۇلىماچ دۇنيانى ھەيرانلىق، چۆچۈش ھەم تېڭىرقاش ئىچىدە ئەمدىلەتىن كۆزىتىشكە باشلىغان، تېخى پىشمىغان لېكىن قايناق، جۇشقۇن ۋە شاش قىزلىق ھېسسىياتى سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى پىشقان، مەككار، سالماق، رەھىمسىز ۋە بۆرىلەرچە ئوۋلىغۇچى خاراكتېرگە، جەلىپكار ئەركەكلىك قۇدرىتىگە ئىگە ھېسسىياتىڭىزغا ئۇشتۇمتۇت دۇچ كېلىپ قالدى-دە، كۆزىنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ھېچ ئويلاپ تۇرماي تەسلىم بولدى. لېكىن يەنە بىر ئويلىسام شۇنداق بولۇشى كېرەكتەكمۇ تۇيۇلىدۇ. توۋا دەيمەن. ھېلىقى كۈنى سىز ياتاققا كىرىپ كەلگىنىڭىزدە، ئىككىڭلارنىڭ بىر يەردە ئولتۇرغان چاغدىكى ھالىتىڭلار مېنى قاتتىق چۆچۈتۈۋەتتى. سىلەر بىر-بىرىڭلارغا شۇ قەدەر يارىشىپ-ماسلىشىپ كەتتىڭلاركى، گويا سىلەر بىر-بىرىڭلار ئۈچۈنلا يارالغان قوشماق ئىدىڭلار؛ مەيلى ھۆسن-چىراي، قەددى-قامەت جەھەتتىن، مەيلى پىكىر قىلىش ئۇسۇلىڭلار، نۇقتاڭلار بولسۇن، ھەتتا ھېسسىياتىڭلارنىڭ گۈلخاندەك لاۋۇلداپ تۇرۇشلىرى، ھەۋەسلىرى... ئىشقىلىپ ھەممىسى، ھەممىسىلا بىر-بىرىڭلارنىڭكىگە شۇنچىلىك تەبىئىيلىك بىلەن جىپسىلىشىپ، سىڭىپ، ھەمىرلىشىپ كېتەلەيدىكەنكى، سىلەر بىر-بىرىڭلارسىز باشقا ھېچكىم بىلەن بەختلىك بولالمىغۇدەكسىلەر!

يۈرىكىمدىكى سۆزنى ئېيتسام، كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۆزۈمنىڭ سىزنى رەنا بىلەن تونۇشۇش ئەمەس ھەتتا يۈز كۆرۈشۈش پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرىپ ناھايىتىمۇ چوڭ خاتا قىلغانلىقىمنى ئازاب ۋە قايغۇ ئىچىدە تونۇپ يەتتىم. قارىغاندا، يالغۇزلۇق مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلۈپ كەتكەن ئوخشايدۇ، مېنىڭ ماھىيىتىم يالغۇزلۇق، مېنىڭ ئەسلىم يالغۇزلۇق ئىكەن. ھاياتىمدا يولۇققان دوستلارنىڭ ھەممىسىلا مەن ئۈچۈن ۋاقىتلىق، بەكمۇ قىسقا ۋاقىتلىق دوستلار ئىكەن. ئۇ دوستلارنىڭ كېلىشى ۋە كېتىشى، كۆپىيىشى ياكى ئازىيىشى مېنىڭ ئاشۇ يالغۇزلۇقتىن ئىبارەت پاجىئەلىك قىسمىتىمنى قىلچە ئۆزگەرتمىگەن ئىكەن.

تەشنائى يىغلاشنىڭ ئورنىغا كۈلۈمسىرىدى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلۈمسىرىشى ئۆلۈۋاتقان ئادەمنىڭ كۈلكىسىدەك ھەسرەتلىك، ئۈمىدسىز ۋە تەننى شۈركەندۈرگۈدەك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق ئىدى. ئۇ كۆكرەكلىرىنى كۆپتۈرۈپ چوڭقۇر تىندى ۋە سۆزىنى داۋام قىلدى:

— رەنا شۇنىڭدىن كېيىن بىزنى يەنە يوقلاپ كېلىدىغان بولدى. سىز ئۇنىڭ شۇ كۈنلەردە تويۇقسىز كەلمەس بولۇپ قالغىنىدىن قاتتىق بىئارام بولغان ئىدىڭىز، ئۇنى قىزىرىپ-تاتىرىپ تۇرۇپ مەندىن بىرنەچچە رەت ئىزدىرەكلىدىڭىز. بىر كۈنى مەن سىز بىلەن رەنا بۇياققا كېلىشتە ماڭىدىغان يولدا، ئاشۇ ھاۋۇزنىڭ بويىدا چاپمۇ-چاپ دوقۇرۇشۇپ قالدىم. سىز تولىمۇ مۇڭلۇق كۆرۈنەتتىڭىز. سىز مېنى كۆرۈپ گويا جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇلۇپ قالغاندەك ھۆپپىدە قىزاردىڭىز. سىز ئەسلى خاراكتېرىڭىزگە قارشى

ھۇلۇقۇپ كەتتىڭىز ۋە دەررۇ: «يازماقچى بولۇۋاتقان پوۋېستىم ئۈستىدە ئويلاپ ئولتۇرۇۋاتىمەن» دېدىڭىز. لېكىن بۇ يالغان ئىدى. سىزنىڭ ھەسرەتلىك كۆزلىرىڭىز، «ئىشەنمە، بۇ يالغان!» دەپ تۇراتتى. سىز پوۋېستنى ئويلاپ ئەمەس ئەكسىچە مۇشۇ ھاۋزىنىڭ گۈزەل ئاق قۇسىنى پايلاپ ئولتۇرغان ئىدىڭىز، چۈنكى رەنا بەزىدە مۇشۇ كۆل بويىدا سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

مەن سىزنىڭ ھەسرىتىڭىزگە ئىناندىم، سىزگە بىر تەرەپتىن نەپرەتلەنسەم ھەتتا سىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغۇم كەلسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن سىزگە ئىچىم ئاغرىدى. نەپرەتلىنىشىم — سىزنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىڭىزگە ئاسىيلىق قىلىۋاتقىنىڭىزدىن، مېنىڭ ئىشەنچىمگە خىيانەت قىلىۋاتقىنىڭىزدىن، زىممىڭىزگە ئارتىلغان بۇرچقا يۈزسىزلىك قىلىپ، رەنانى ھەرباپ بىلەن قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ يۈرۈشلىرىڭىزدىن بولسا، ئىچىمنى ئاغرىتىشىم — سىزدەك كۆرەڭ، جۈرئەتلىك، مەردانە ۋە مەغرۇر يىگىتنىڭ بىر كۈننىڭ ئىچىدىلا سۇغا چۈشكەن ئاسلاندەك شۈمشىيىپ ئولتۇرغان چېغىڭىزدىكى مەيۈس ۋە بىچارىلىكىڭىز بولدى. سىز ھەتتا مۇبارەككە ئوخشىماي قالغان ئىدىڭىز. بۇلارنى ئويلاپ ئىچىم سىيرىلدى. مەن رەنانىڭ ھالىنى كۆرۈپ ۋە سىز بىلەن ئۆزۈمنى سېلىشتۇرۇپ تەقدىرىمگە تەن بەردىم، رەنا ۋە سىزنىڭ قەلبىڭىزدە كۆۋەجەپ تۇرغان ئىشق تاشقىنىنىڭ ئۆز ئالدىغا توغرا كەلگەن ھەرقانداق توسۇقنى پاك ـ پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلايدىغانلىقىنى، مەندەك بىر ئەرزىمەس بايقۇشنىڭ قارشىلىقى، قۇدرەتلىك ئىككى تاشقىنىنىڭ قوشۇلمىسىدا ئۆسۈپ قالغان ئاجىز ۋە يېگانە قومۇشنىڭ تىترىشىدىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ تىترىشى، بىر ـ بىرىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن ئالدىراپ، گۈركىرەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ياۋا تاشقىن ئوتتۇرىسىدا ھېچنېمىگە دال بولالمايدىغانلىقىنى، بۇ تاشقىنلارنىڭ قوشۇلۇشى ئەسلى بىر ھايات مۇقەررەرلىكى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتىم.

مېنى كۆي دەدىڭ ئىسە، سەن داغى كۆيدۈڭ نىتەيىن،
ئەمدى كۆيلەپ بۇ ئىش ئايىندا تەقسىر ساڭا.①

لېكىن سىزنىڭ قورقۇنچاقلىقىڭىز مېنى غەزەپلەندۈردى، سىز نېمىشقا راستىنى ئېيتالمايسىز؟ سىز ئۇيالدىڭىز، مېنىڭ ئالدىمدا، ۋەدىڭىز ئالدىدا، ئەخلاق تارازىسى ئالدىدا ئىككىلەندىڭىز. ۋىجدانىڭىز كۆيدى، بۇ، سىزدە تېخى نومۇس دېگەن نەرسىنىڭ بارلىقىنىڭ بەلگىسىدۇر، بەلكىم. چۈنكى، پەقەت نومۇسى بار كىشىلا قىزىرىشنى بىلىدۇ. لېكىن سىز ئاشىققۇ؟ مۇھەببەتنىڭ كۈچىگە نېمە تەڭ كېلەلەيدۇ؟ ئاشىق ۋە كۆيۈشنىڭ سەۋداسى ئالدىدا ساختىلىق ۋە ياسالمىلىقنىڭ يۈزى قېلىنلارچە سۆرۈلۈپ يۈرۈشكە نېمە ھەددى ئىكەن؟ بۇ ھەقتە ناۋائى مۇنداق يازغان ئىدىغۇ:

سەن چۇ ئىشىق ئوتىغا كۆيدۈڭ، ساڭا ئەمدى نى ئاسىخ،
ئەيلەمەك مەخلەس ئۈچۈن ھىلەۋۇ تەدبىر ساڭا.②

① مېنى كۆي دېدىڭ، ئۆزۈڭمۇ كۆيدۈڭ، ئەمدى بۇ ھەقتە ساڭا ئەيىپ ئارتىپ نېمە قىلاي.

② سەن ئىشىق ئوتىدا كۆيدۈڭ، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلەتسەڭ ئەمدى نېمە پايدىسى؟ ناۋائى

ئەتىسى رەنا كەلدى. رەنانى كۆرۈپلا ھىجران ۋە سېغىنىش ئازابىدىن كىرلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىڭىزگە كۈلكە ئولاشتى، قىن - قىنىڭىزغا پاتماي شادلانىدىڭىز.

رەنا كەلدى، ئۇ سىزنىڭ يېنىڭىزغا ئۈمىد بىلەن كەلدى، سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن تەسەللى ئىزدەپ كەلدى، سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئۆزىنىڭ قىيىن ۋە ئازابلىق سوئالىغا كۆڭۈل تىندۇرغۇدەك جاۋاب ئىزدەپ كەلدى. لېكىن سىز گەپنى نەدىكى مەنىسىز سۆھبەتلەرگە، تېتىمىقى يوق تالاشلارغا بۇرىدىڭىز. ئۆزىڭىز گويا كالىمىسىدا ئەدەبىياتتىن ئۆزگە ھېچنېمە يوق، نەقىز، نە مۇھەببەت دېگەنلەر بىلەن زادىلا كارى بولمايدىغان بىر ئالېمتە يازغۇچى سۈپىتىدە نامايان قىلماقچى بولدىڭىز. سىزنىڭ ئۇنداق بىمەززە تالاشلىرىڭىزغا كىم قىزىقىدۇ؟

ھېسسىياتقا ئەقىلنى ھاكىم قىلىش تادانىنىڭ ئىشى، مۇھەببەتكە مەمەدانلىقىنى دەستە قىلىش نادانىنىڭ ئىشى! سىز بۇنى ئويلاپ كۆرمىدىڭىزمۇ؟ ھېچبولمىسا ئاشۇ ئايىغى چىقماس مۇنازىرە ۋە تالاش جەريانىدىكى مېنىڭ خۇمارى تۇتقان بەڭگىدەك كەيپسىزلىكىمدىن، گاجگۇنلۇقىمدىن، تېمىلىرىڭىزغا ھېچ قىزىقماي، سىزگە چىدامسىزلارچە تەرسالىق قىلىشلىرىمدىن بولسىمۇ بىرەر نەرسىنى سەزمىدىڭىزمۇ؟ رەنانىڭمۇ زېرىكىپ، تىت - تىت بولۇپ ئىچىگە تىنىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن، بەزىدە بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە مۇناسىۋەتسىز سوئاللارنى ئارىلاشتۇرۇپ، مۇنازىرىمىزنى چالغىتىشلىرىدىن، بەزىدە ھەتتا ئاشكارا نارازىلىق بىلدۈرگەندەك قىلىپ «ھاۋا يېيىش» باھانىسى بىلەن تالاشلىرىمىزنى ئۈزۈپ قويغانلىرىدىن بىرەر نەرسە ھېس قىلمىدىڭىزمۇ؟

رەنا تولىمۇ سادda قىز، ئۇ سىزنى راستىنلا سىز ساختىلىق بىلەن يارىتىۋاتقان ئوبراز ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. بۇ، ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىدى. ھەسسىلەپ قىيىنىدى چۈنكى سىز ياراتقان ئوبراز — ساختا مۇبارەك، ئۇنىڭ ئوتلۇق تەلپۈنۈشلىرىگە، تەلمۈرۈپ ئىنتىلىشلىرىگە پىسەنت قىلمىدى. ئۇنىڭ زارىقىشىنى تەشنالىقى ۋە چاڭقاقلىقىنى جاۋابسىز قالدۇردى. لېكىن بۇ ئوبرازنىڭ پۈتۈنلەي ساختا ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟ ئۇنىڭ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ كېلىۋاتقان مۇبارەك، ئەسلىدىكى ھەقىقىي مۇبارەكنىڭ پەقەت سىرتقى نىقابى ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن؟

ئۇ ئۈمىدسىزلەندى، ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايى كۈنسېرى سولۇپ سارغايدى. ئۇ خۇددى قارنى توق بۆرە، ياق، ئەسلىدە ئاھايىتىمۇ ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە ئالدىرىماي ۋە تېخىمۇ ھوزۇرلىنىپ يېيىش ئۈچۈن چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ قويغان يارىدار قوزىغا ئوخشاش قان ۋە جاراھەت ئىچىدە يا ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەلمەي، ياكى بىراقلا ئۆلۈپ تۈگىشەلمەي ئازابلىنىپ، مۆلدۈرلەپ قاراپ ياتقان بىچارە قوزىغا ئوخشاش ھالغا چۈشۈپ قالدى.

شۇنداق، سىز بىر بۆرە، كۈچلۈك، قاۋۇل ۋە شەپقەتسىز بۆرە، سەبىي، سادda، تېخى ئىش كۆرمىگەن قىزلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالىدىغان خەۋپلىك بۆرە! سىز قىزلارنىڭ پاك قەلبىنى تىتىپ يارا قىلىپ، يۇمران ھېسسىياتىنى قانىتىدىغان ياۋۇز بۆرە! ئەپسۇس، مىڭلارچە ئەپسۇس، سىز كېيىن نېمىشقىدۇر قورقۇپ قالدىڭىز، سىز تەجرىبىلىك، ئىش كۆرگەن ئوۋچىدەك قۇۋلۇق بىلەن رەنانىڭ كۆڭلىنى ئوۋلىۋالدىڭىزۇ، ئاخىرىدا ئۇنى

چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ قويۇپ ئىتكىۋەتتىڭىز، ئۆز ئۈۋىڭىزغا ئىگە بولۇشقا جۈرئەت قىلالمىدىڭىز، بۇ قورقۇنچىڭىزنى ئەنە شۇ رەڭگا رەڭ ساختىلىقىڭىز بىلەن يوشۇردىڭىز! بۇ ساختىلىقىڭىزنى رەنا بىلىپ بولالمايدۇ، لېكىن مەنچۇ؟ مەن مۇشۇ ئۈچ ئايدىن بېرى سىزنى ئاجايىپ بىلىپ كەتتىم، بۇنىڭغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن.

رەنانىڭ ھالىغا چىدالمىدىم. سىزگە ئۆزۈم بىرەر نەرسە دەي دېسەم، رەنانىڭ قىزلىق غۇرۇرىنىڭ ئەدەب يېپىنچىسىدىن قورقتۇم، ئاخىرى يۈرىكىڭىزنى رەناغا ئۆزىڭىزنىڭ ئېچىپ تاشلىشىڭىزنى كۈتۈشكە مەجبۇر بولدۇم، لېكىن سىز ئۆزىڭىزنىڭ بەڭباش بالدارچە ئەرزىكىڭىزنى، تەنتەكلىكىڭىزنى تاشلىمىدىڭىز، كېچىسى يىغلىسىڭىزمۇ كۈندۈزى كۈلدىڭىز، تۈنبويى ئاھ ئۇرسىڭىزمۇ، رەنانىڭ كۆزىچە يايراپ يۈردىڭىز! بۈگۈن بولسا، تەلۋىلىكتە ئۇچىغا چىقتىڭىز! سىزنىڭ ئاشۇ گىتارىڭىز بىلەن رەنانىڭ تىترەپ ئاران تۇرغان جاراھەتلىك يۈرىكىنى قوچىدىڭىز. ياق... بەلكىم بۇ ئاغرىق رەناغا شېرىن بىلىنگەندۇر، چۈنكى ئۇ گىتارىنىڭ يىغىسىنى، تارلاردىن ياڭرىغان زارىنى، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىن ئۇرغۇغان پىغان - پەريادىنى تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئاڭلىدى، سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدە لاۋۇلداۋاتقان گۈلخاننىڭ گۈركىرىشىنى، سىزنى قىيناۋاتقان تەلپۈنۈش، ئىنتىلىش ۋە سۆيۈش ئازابىنى تۇنجى قېتىم ئۆزىڭىزنىڭ، ياق، يۈرىكىڭىزنىڭ ئەلچىسى بولمىش ئاشۇ گىتار تارلىرىدىن، مۇزىكا تىللىرىدىن ئىشىتتى — سىز گىتارىڭىزدا ياۋا ئەتىرگۈلنى كۈيلىدىڭىز، پۈتۈن دەردۇ - ھەسرىتىڭىزنى سۆزلىدىڭىز، رەناغا بولغان يالقۇنلۇق تەلپۈنۈشىڭىزنى، تەلۋىلەرچە ياخشى كۆرىشىڭىزنى سۆزلىدىڭىز. مەن گىتارىڭىزدىن چاچراپ چىققان ھەر بىر ئاھاڭدىن گويا يۈرىكىڭىزدىن ئاققان قىپقىزىل قاننىڭ ئازابلىق چىكىلداپ تامچىغىنىنى كۆردۈم. يۈرىكىڭىزنىڭ پەريادىنى، پىغانلىق ئۆكسۈشلىرىنى ئاڭلىدىم، يۈرەكتىن ئۇرغۇپ چىققان سۆيگۈ يېشىنىڭ جىمىرلاشلىرىدىن، يۈرەكتىن تامچىغان ئىششىق قېنىنىڭ قىزىل ياقۇتتەك قىپقىزىل شولىسىدىن كۆزۈمنى ئاچالماي قالدىم.

مۇبارەك، سىز سەرسانسىز، لېكىن بۇنى نېمىشقا ئېتىراپ قىلمايسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئاغرىقىنى نېمىشقا جاھىللىق بىلەن يوشۇرىسىز؟ مۇشۇ دەردىڭىزنىڭ ئوتىدىن بىرىنى رەناغا ئۆز ئاغزىڭىز بىلەن ئىزھار قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ ئۇ چاغدا يەڭگىللەپمۇ قالار ئىدىڭىز، رەنامۇ ئاشۇ ئازابتىن قۇتۇلار ئىدى. مەن... مەنمۇ بىر ئۇھ دەر ئىدىم.

دەرۋەقە، سىزنىڭ يەلكىڭىز ئۆزىڭىزگە يوكلۇك تۇيۇلىدۇ، يەلكىڭىزنى بېسىپ تۇرغان بۇرچ تۇيغۇسى «ۋەدىگە ۋاپا» دەيدىغان يىگىتلىك غۇرۇرى سىزنى نەپەس ئالغىلى قويمايۋاتىدۇ. شۇلار سىزنىڭ ئەركىڭىزنى كۆزگە كۆرۈنمەس قىل بولۇپ باغلىۋالغاچقا، مانا سىز ئاخىرى مۇشۇ گىتارغا سۆيۈنۈۋاتىسىز، پەقەت ئاشۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىۋاتىسىز.

ياق دوستۇم، سىز ماڭا قەرزدار ئەمەسسىز! چىن سۆزۈم، ماڭا ئىشىنىڭ، چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ ئېيتىۋاتىمەن، سىز ماڭا دوستلۇقنى يەتكۈزدىڭىز. سىز رەنانى ئازابتىن قۇتقۇزۇپ، ئۇنى بەختلىك قىلسىڭىزلا مەن سىزدىن مىننەتدار!

## 16 - باب

تەشنالىق ھاسىراپ ھۆمۈدەپ كېپىنى تۈگەتتى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قايرىلىپمۇ قويماي كېتىپ قالدى. مەنمۇ ئۇنى تۇتمىدىم، مەن شۇ تاپتا تىلسىز ئىدىم ۋە ھېچنەرسىنى ئويلىمايتتىم، ئويلىيالمايتتىم. گوياسېزىملىرىم تامام كاردىن چىققانىدى. ئۆزۈم بەئەينى غولى كېسىپ تاشلانغان دەرەخ كۆتىكىگە ئوخشاش خىيالسىز، ھېسسىياتسىز ۋە ھەرىكەتسىز ھالەتتە نەلەرگىدۇر چەكچىيىپ، قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتىم. مېنىڭ ئەتراپىم بوشلۇق، كاللامنىڭ ئىچى بوشلۇق، تېنىمنىڭ «قەلب» دېيىلىدىغان ئابستراكت بۆلۈكىمۇ بىر بوشلۇق ئىدى. مەن شۇ ھالدا قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەيمەن، بىركەمدە قانداقتۇر بىر سېزىمنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلدىم. بۇ سېزىم، تارام-تارام ئەگىز سۈيىدەك نەلەردىندۇر سىرغىپ كېلىپ ئاز-ئازدىن يىغىلدى، بىر نۇقتىغا توپلاندى، ئاندىن ئاستا-ئاستا پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا قاراپ يېيىلدى. ھېلىقى سېزىم بىردىنلا كۆكرىكىمگە ئاقتى، يۈرىكىمگە شىرقىراپ قۇيۇلدى، ئاخىرى ئۈزۈلمەي كېلىپ قۇيۇلۇۋاتقان تاغ سۈيىدىن جىقلىنىپ يۈزى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۆل سۈيىدەك، ئاستا-ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلىدى، ئۇ ئۆرلەشنىڭ بېسىمىدىن كۆكرەك قەپىسىم قىسىلىپ، كۆكرىكىمگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى. كېيىن بۇ ئاغرىق كېڭىيىپ، بوغۇزۇمغا قاراپ شىپقىدى. ئۇ ناھايىتى قاتتىق بېسىم بىلەن تىقىلدى ۋە شىددەت بىلەن بوغۇزۇمدىن ئېتىلىپ چىقتى. مېنىڭ ھۆڭگىرىگىمدىن تىپتىنچ جىلغىنىڭ ھاۋاسى سىلكىنىپ كەتتى.

... مەن تەلتۆكۈس پاش قىلىنغان ئاسىي ئىدىم...

ئۆتتەك كۆيۈۋاتقان كۆكرىكىم يامغۇردەك قۇيۇلۇۋاتقان كۆز يېشىمدىن ھۆل-لەندى.

مېنىڭ كۆز-ياشلىرىم خۇددى ئېرىتىلگەن قوغۇشۇن تامچىسىدەك ئېغىر ۋە كۆيدۈرگۈ ئىدى. بۇ تامچىلار يۈزۈمنى ۋە يۈرىكىمنى پىژىلدىتىپ كۆيدۈرەتتى.

مەن تۇيۇقسىز تۇتۇلۇپ، خەلقى ئالەم ئالدىدا رەسۋا بولغان ئالدامچى ئىدىم، كۈنگە قورقۇپ قارىيالماس ھالغا چۈشكەن يۈزسىز ئىدىم.

كۆز ياشلىرىم جاۋغىيىمدىن ئىڭىكىمگە سىرغىماقتا. ئۇ قىرتاق، تۇزلۇق ئىدى.

مەن ئالتۇن يىپ بىلەن توقۇلغان تورغا چۈشۈپ قېلىپ، پەي-قاناتلىرىم ئاشۇ نەپىس ۋە يالتىراق يىپلار بىلەن باغلىنىپ قالغان ۋە بۇ توردىن قۇتۇلۇپ كېتەلمەي، ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئېتىپ پالاقشىپ ھالىدىن كەتكەن بىر بىچارە قۇش ئىدىم.

كۆز ياشلىرىم ئېتەكلىرىمدىن دومىلاپ چۈشۈپ، ئاستىمدىكى ماڭا ئىسسىقلىق، نومۇس ۋە مۇھەببەت بەرگەن خۇش بۇي، يۇمشاق ھارارەتلىك تۇپراققا سىڭىپ كەتتى.

مېنىڭ يىغام ئاشىقنىڭ يىغىسىدەك پىغانلىق ئىدى. مېنىڭ پەريادىم جان ئاغرىقىدا قىينالغۇچىنىڭ پەريادىدەك ئاچچىق ئىدى. مېنىڭ نالەم چارىسىزنىڭ نالىسىدەك ئەلەملىك، مۇڭلۇق ۋە ئۈمىدسىز ئىدى...

مەن سەزگۈنىڭ قاقشىتىشىدىن ھوشسىزلانغاندەك بولۇپ ئولتۇرغان يېرىمگە — كۆكاتلىق ئىسسىق يەرگە ئۆزۈمنى تاشلىدىم. ئاسمان پىرقىرايدۇ، بۇلۇتلار پىرقىرايدۇ، تاغلار، جىلغا-ئېقىنلار، ئورمانلار پىرقىرايدۇ، زېمىن — خۇشاللىق ۋە كۆز يېشىنىڭ ئىككىلىسىگە غىنىق بولغان يەر شارى قىيسىيىدۇ.

مەن بىر ھازادىن كېيىن ياتقان يېرىمدىن سەكرەپ قوپتۇم-دە، ساراڭغا ئوخشاش نە يول ۋە نە نىشانى ئىلغىماي جىلغىنىڭ ئىچىدىكى قويۇق چاتقاللىقنىڭ ئارىسى بىلەن دەلدۈگۈنۈپ — دەلدۈگۈنۈپ مېڭىپ كەتتىم. خېلى ئۇزۇن ماڭغىنىمدىن كېيىن دەريا يولۇمنى توستى. مەن دەريا قىرغىقىدا توختاپ قالدىم. كۆپكۆك دەريا سۈيى جىمجىت لۆمشۈپ ئاقاتتى. سۇ يۈزىدە پارچە-پارچە ئاق بۇلۇتلارنىڭ سايىسى لوغۇلدايتتى. بۇ سايىلەر دەريا يۈزىدە قالتىس ھەيۋەت ۋە سىرلىق مەنزىرە ھاسىل قىلغاندى. مەن سۇ يۈزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم، سۇ ئۈستىدە، بىر تال ياۋا ئەتىرگۈل تىككىدە بويۇنداپ تۇراتتى. بۇ گۈل يا ئېقىپ كەتمەيتتى، يا چۆكۈپ كەتمەيتتى، غايەت زور دەريا بولسىمۇ، مۇلايىمغىنە ئېقىۋاتقان كۆك سۇنىڭ يېنىك ئەركىلىتىپ تىتىرىتىشىدىن خۇددى مەشئەلنىڭ يالقۇنىدەك لوغۇلداپ تۇراتتى، بۇ ئەتىرگۈل بىر تاللا ئىدى، غولىمۇ بىر تال، گۈلىمۇ بىر تال، رەڭگىمۇ بىر تال. ئۇ گويا ئاشۇ كۆپكۆك ۋە سىرلىق دۇنيادىن سۇغۇرۇلۇپ چىققاندى، ئۇنىڭ بەرگى ياپراقلىرىدا سۇ تامچىلىرى جىمىرلايتتى، ئۇنىڭ غولى مەرمەردەك ياق كۆك قاشتېشىدەك نۇرلۇق ۋە سۈزۈك ئىدى. ئۇ سۇ يۈزىدە بىر كۆيدۈرگۈ تەبەسسۇم بىلەن جىلمىيىپ تۇراتتى. ياپراقلىرى نېمىدۇر دېيىشكە ئۆمەللىنىۋاتقاندەك يەڭگىل قىمىرلايتتى.

«ياق! ياق! بۇ مۇمكىن ئەمەس!»

مەن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم: ۋۇجۇدۇم تىترەيتتى، خۇددى ئىزغىرىن ئۇرغاندەك تىترەيتتى، كۆيۈك ئارىلاش تىترەيتتى. يۈرىكىم ئاغرىيتتى. بۇ ئاغرىق ئاچچىق ئىدى. ناھايىتى ئاز ئادەملەرنىڭ يۈرىكىلا مۇشۇنداق ئاغرىسا كېرەك.

«ياق» دېدىمەن كۆزۈمنى زورغا ئېچىپ، دەريا سۈيى تىپتىنچ ئاقماقتا، ھېلىقى ياۋا ئەتىرگۈل، بىر تال ئەتىرگۈل كۆرۈنمەيتتى. «ياق! ياق! ياق!»

مېنىڭ ئاۋازىم دەريا يۈزىنى يەلپۈپ يىراق-يىراقلاردا ئەكس سادا چىقاردى.

مەن كۆك سۇ يۈزىگە تىكىلگىنىمچە ھەيكەلدەك قېتىپ تۇرۇۋەردىم.

ئاستا-ئاستا قاراڭغۇ چۈشتى، دەريا تەرەپتىن غۇر-غۇر شامال ئۇرۇپ تۇراتتى، شامال بارغانسېرى كۈچەيدى، دەريا بويىدىكى قويۇق تالزار ۋەھىمىلىك گۇۋۇللەشكە باشلىدى. ئاسمان بېتى تۇتۇلدى، شۇ تۇتۇلۇش بىلەن تەڭ، ئەتراپقا سۈرلۈك قاراڭغۇلۇق يېيىلدى. ئوت بولۇپ لاۋۇلداپ كەتكەن يۈزۈمگە مۇزدەك سوغۇق تامچىلار كېلىپ تەگدى. يامغۇر تامچىلاشقا باشلىغاندى. تامچىلار چوڭىيىپ بارغانسېرى قويۇقلاشتى. سۇ يۈزىگە شىغىل چېچىلغاندەك دەريا يۈزى شىرىلدىدى. ئۇزاق ئۆتمەي شىددەت بىلەن قارا يامغۇر قۇيۇۋەتتى. ھەش-پەش دېگۈچە ئۈستىبېشىم چىلىق-چىلىق بولۇپ كەتتى.

«كېتىش كېرەك! — دېدىممەن ئۆز-ئۆزۈمگە پىچىرلاپ، — قەتئىي كېتىش كېرەك!»
مەن مۇشۇ يامغۇرلۇق كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن پايدىلىنىپ بۇ يەرنى جان ئارام
تاپالمايدىغان قارايى قاتتىق بۇ پاراكەندە شەھەرنى تاشلاپ كېتىپ قېلىش نىيىتىگە
كەلگەنىدىم.

«سىمنارىيىسىمۇ، تەشنائىسىمۇ، ھېلىقى جانغا تۆرەلگەن رەناسىمۇ، ياۋا ئەتىرگۈللىرىمۇ،
ھەممىسى. ھەممىسى قۇرۇپ كەتسۇن! بۇ يەردىن زادى كېتەي» دەيتتىممەن «ئۆتكۈن» تۇپـ
دىن ئايرىلىپ قالغان يالغۇز ئەرۋاھدەك، شارقىراپ قۇيۇلۇۋاتقان يامغۇردا چۆپ-چۆپ
ھۆل بولغان، دۈگدەيگەن سەرسان، ماكانسىز ۋە غېرىب قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تەنھا ھالدا
شالاپشىپ پاتقاق كەچكىنىمچە مېھمانخانىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزۈمگە.

ياتاققا كىرىپ چىراغنى ياندۇردۇم-دە، چۆچۈپ كەتتىم. مېنىڭ ئالدىمدا رەنا
تۇراتتى. بىردىنلا پۈتۈن ئەزايىم بوشىشىپ كەتتى، مەن كۆزلىرىمنى يوغان ئېچىپ
ھەيرانلىق ئىچىدە رەناغا تىكىلگىنىمچە ئىشىك كېشىكىگە يۆلىنىپ قالدىم.

مەن بۇ يەردە قۇياشنى كۆردۈم، بۇ قۇياش، لاۋۇلداپ تۇرغان قىزىق ھارارەتلىك
قىزىل قۇياش خېلىدىن بۇيان مەن بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ مەن بىلەن بىللە سەيلىگە با-
راتتى، مەن بىلەن بىللە ياتىقىمدا ئولتۇراتتى، مەن بىلەن بىللە مۇڭدىشاتتى، مېنىڭ
كۆلكەمگە قوۋناق بېرەتتى، ئۇ مەندىن بىر دەقىقىمۇ ئايرىلمايتتى، يۈرىكىمدىن كۆتۈرۈ-
لەتتى، يۈرىكىمگە ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ يالقۇنى بىلەن قەلبىمنى، خىيالىمنى، ئەقلىم-
نى يورىتىدۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك جىلۋىسى بىلەن مېنىمۇ بىر قۇياشقا ئايلاندۇ-
رۇپ، ئۆزىدەك لاۋۇلدىتىدۇ.

مەن ئۇنى كۆرمەي تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ ھىدىنى سېزەلەيمەن، مەندىن بەك يىراقتا بول-
سىمۇ شۇنداق، خۇددى ئۆزۈم پۇراپ ئۆگەنگەن گۈلنى كۆرمەي تۇرۇپ ئۇنىڭ ھىدىنى
ھىدلىيالىغاندەك. بۇ ھىد، دەرۋەقە، ماڭا بەك تونۇش، كىچىكىمدىن، ھەتتا بوۋاق چې-
غىمدىن...بۇ ھىد — غەمگۇزار ئاپامنىڭ سىيادان ۋە پىياز سۇۋاپ ياققان قىزىق ناننىڭ
مەززىلىك ھىدىغا ئوخشايدىغان خۇش ھىددەك، مېھرىبان دادامنىڭ قىزىق ۋە كۆچلۈك تې-
نىدىن كېلىدىغان ماڭا كۆچلۈكلۈك، پەخىرلىنىش ۋە بەختىيارلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىدىغان
سېھىرلىك ھىددەك قەدىردان، قىممەتلىك ۋە ئارزۇلۇق. بۇ قۇياشنىڭ تەبەسسۇمىغا ئاپام-
نىڭ ئەللەي ناخشىسى، بۇ قۇياشنىڭ پارلىشىغا دادامنىڭ ھارۋىكەش ناخشىسى ۋە ئۇلۇغ
بوۋام ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان ئۇنتۇلماس رىۋايەتلەر، بۈيۈك قىسسەلەر بۇ قۇياشنىڭ
يالقۇنىغا دادام بىلەن ئاپامنىڭ مېنى شېرىن سۆزلەر بىلەن ئەركىلىتىپ باش-كۆزلىرىمنى
مېھىرلىك سىلاشلىرى، پېشانەمگە قىزىق لەۋلىرى بىلەن سۆيۈشلىرى، راھەتنى ھېچ نەر-
سىگە تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان باغاشلاشلىرى سىڭىپ كەتكەن.

بۇ قۇياش مېنى ئويغىتىدۇ، ياشنىتىدۇ، كۈلدۈرىدۇ، يىغلىتىدۇ، باغاشلايدۇ، ئىس-
سىتىدۇ، ئۇخلىتىدۇ.

ھەرقايان باقسام كۆزۈمگە، ئول قۇياشتىن نۇر ئىرۇر،
ھەرسارى قىلسام نەزەر، ئول ئاي ماڭا مەنزۇر ئىرۇر.

مېھرى ئەمەس، مەشئەل ياراتقان قەلبئەنى ئەفلاكىدىن،
كىم فەلەككە سالدى ئوت رۇخسارى ئاتەش ناكىدىن.①

ئۇ قۇياش، ياق، ئۇ — رەنا، قاچان كۆزۈمدىن يۇتسە، جاھان ماڭا گۆر تۇيۇلىدۇ. يەر شارى كۆيۈپ، ھايات ئۆچكەندەك بىر قورقۇنچ ئىچىدە قالىمەن. مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق ۋە ئىختىيار ساندۇقىغا مەھكەم سولاغلىق، مېنىڭ ھاياتىمنى ئۇ خالىسا ساقلايدۇ، خالىسا، ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

مانا مەن شۇ رەنانى تاشلاپ كەتمەكچىمەن، قۇياشنى، ھاياتنى — ئاتام بىلەن ئانامنىڭ ھەدىنى، مېھرىنى، چېھرىنى بېرىدىغان ئاشۇ گۈزەل ناخشىسىنى تاشلاپ كەتمەكچىمەن. قىستىسى بىر ئازابتا ئۆلمەكچىمەن!

مەن كېتەلەمدىم؟ ياق، مەن ئۆلەلەمدىم؟ ئۇ «كەتمە!» دېسە، ئۇ «ئۆلمە!» دېسىچۇ؟ ياق، كېتەلىگۈدەك - ئۆلەلىگۈدەك جۈرئىتىم بولسا، نېمىشقا مەن ئۇنى تەشنائىغا راۋا كۆرمىدىم، ۋەدەمگە ۋە ئىشەنچكە يۈزسىزلىك قىلىش يولىغا ئىختىيار قىلدىم؟ ئۇنىڭ تەشنائىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى چالغىتتىم؟ مۇبادا ئۇنىڭدىن كېچەلىگۈدەك رىغبىتىم بولسا...

ھەرنىچە دېدىمكى: كۈن - كۈندىن ئۈزەي سەندىن كۆڭۈل،
ۋەھكى كۈن - كۈندىن بەتەررەك مۇبتەلا بولدۇم ساڭا.②

ئۇنداقتا مەن كەتسەم، ياق، مەن ئۆلسەم كىم ئۈچۈن؟ تەشنائى ئۈچۈنمۇ؟ ئۇنىڭ ئىشەنچى ۋە ئۆزۈمنىڭ ۋەدىسى ئۈچۈنمۇ؟ مەن رەنانى — ئاشۇ ياۋا ئەتىرگۈلنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن مىنۇتتىن باشلاپ ئالداش، نەپرەت ۋە چەكسىز سۆيۈشنىڭ ئازابىدا ئۆرتىنىپ كەلگەنىدىم. مېنىڭ ۋۇجۇدۇم، مۇھەببەت بىلەن «ئەخلاق» نىڭ، ۋىجدان بىلەن ئادالەتچىلىقنىڭ ئارىلىقىدا يەنچىلدى.

قانداق كېتىمەن؟ ئۆزۈمنىڭ يۈرىكىنى ئۆز قولۇم بىلەن سۇغۇرۇۋېلىپ، پىلتىڭلاپ تۇرغان قىپقىزىل يۈرىكىمنى قاتتىق ئۆكچەم بىلەن دەسسەپ - چەيلەپ، مىجەۋەتمەكچىمىدىم؟ شۇنداق قىلالامدىم؟

توختاپ تۇرە، بىر بىچارە بولغىنى ئۈچۈنلا تەشنائىغا ھاياتىمنى، جېنىمنى، ئۆزۈمنىڭ بارلىقىنى ئۆتۈنۈپ بېرىمەنمۇ؟! ئاچ قورساق ئادەم، يەنە بىر ئاچنى تويغۇزالمىغاندەك، ئۆز بەختى ئۈستىدە سەرسان ئادەم قانداقسىگە ئۆز بەختىنى كىملەرگىدۇر ئۆتۈنۈپ بەرسۇن؟ بىر بەختسىز ھېچقاچان يەنە بىر بەختسىزنى بەختلىك قىلالمايدىغۇ؟

---

① قايائقىلا قارىسام كۆزۈمگە شۇ قۇياشنىڭ نۇرى كۆرۈنىدۇ. نەگىلا نەزەر سالسام ماڭا يەنە شۇ ئاي ئايان بولىدۇ. كىشىلەر قۇياشقا قارىسا كۆزىگە ياش كېلىدۇ. مېنىڭ كۆزۈمگە قۇياش كەتسە ياش تولىدۇ.

② سەندىن كۈنسېرى كۆڭۈل ئۈزەي دەپ ھەرقانچە قىلسامۇ، ئاھ! بارغانسېرى ساڭا كېخىمۇ چىڭ باغلىنىپ قالدىم. (ناۋائى)

ئۆزۈم بر بەختسزمەن، سۆيگۈ ماڭا بەختنڭ شولسنى كۆرسەتتى، ياخشى كۆرۈشنڭ، مۇھەببەتنڭ نېمىلگنى بلمەيتتم، ھايات ماڭا دوزاخ ئوتدەك يالقۇنلق سۆيۈشنى بەردى، ئەمدى مەن ھايات ھەدىيە قلغان بۇ ئۇلۇغ سۆيۈشتن زارلاپ قاچايمۇ؟

مۇھەببەت، ھەممىلا كشنڭ ئۆز ھەقىقتى بولىدۇ، مېنىڭ ھەقىقتم — مەن رەنانى ياخشى كۆرىمەن. رەنا مېنىڭكى! رەنا تەشنائى بلەن ئەمەس پەقەت مەن بلەنلا بەختلك بولالايدۇ، دېمەك ئۇ ھەقلق يوسۇندا مېنىڭكى! بۇنىڭدىن باشقا «ھەقىقەت» لەرنىڭ ھەممىسى ساختا!

تەشنائىچۇ؟ «خۇدا ھەممىلا جانلىقنى جۈپى بلەن ياراتقان» دەيدىغۇ، ھايات دېگەننىڭ پۈرسىتى تولا، زېمىن دېگەننىڭ قوينى كەڭ، ئۇنىڭغىمۇ بر جورا تېپىلار، قانداق قىلاي، كۆڭۈل دېگەن، مۇھەببەت دېگەن قل چاغلىق يۈكنى كۆتۈرەلمەيدىغان نازۇك نېمە ئىكەن.

مېنى كەچۈر «ئىشەنچ» ھەم «ۋەدە»! مېنى كەچۈرۈڭ تەشنائى، مېنى كەچۈر ھايات!


مەن ئۇدۇلۇمدا پارلاق نۇر چېچىپ مېنىڭ مسكىن، قۇرۇق ۋە بوش كۆلبەمنى چاقناق نۇرغا لىققىدە تولدۇرۇپ تۇرغان قۇياشنىڭ چېقىشلىرىدىن قىسىلغان كۆزلىرىمنى زورغا ئېچىپ، ئۇنىڭغا تىكىلدىم. سۆيۈش تىلىكىدە يالقۇنلاپ تۇرغان ئاتەش كۆزلەر، سۆيۈش تىلەپ ئۇمتۇلۇپ تۇرغان غۇنچە لەۋلەر، چەكسىز پەرىشانلىق ئىچىدە ئۈمىد ئىزدەپ ئۇچۇپ تۇرغان ھىلال قاشلار، ئۇيات ۋە ئوماقلىقنىڭ ماكانىدەك سۆيۈملۈك زىناقلار، ئىگىسىنىڭ گۈلدەك نازۇك قامىتىگە خوپ ياراشقان نەپىس مېغىزرەڭ ئېپەك كوپتىسىنى تۇرتۇپ كۆتۈرۈپ تىترەپ تۇرغان ياش ۋە گۈزەل ئەمچەكلەر... ئۇنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىكى پاك، غەرەزسىز، ئوتلۇق تەلپۈنۈشنىڭ كۆيدۈرگۈ نۇر يىڭنىلىرى مېنىڭ بىھوشلانغان ئەسەبلىرىمگە سانجىلىپ مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى. مەن كېكەچلەنىپ تۇرۇپ دېدىم:

— رەنا ... سىز...

— سىزگە گۈل تېرىپ كېلىۋىدىم ... — رەنامۇ كېكەچلىدى، ئۇمۇ مەندەك تىترىدى.

مەن لاپپىدە يانغا قارىدىم. شىرەنىڭ ئۈستىدىكى قاي زامانلاردىن بېرى بوش تۇرغان گۈل لوڭقىسىغا بر تال ياۋا ئەتىرگۈل چىلاقلىق تۇراتتى. ئۇ گۈل مېنىڭ مەجنۇنچە ھالىمغا بر سۆيۈملۈك جىلمىيىش بىلەن تىترەپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ گۈلدىن ئوتنىڭ، گۈلخاننىڭ تەپتى كېلەتتى، ئۇ يەردە ياۋا ئەتىرگۈل ئەمەس، بر پارچە يالقۇن لوغۇلداپ تۇراتتى. بر دەستە مەشئەل لاۋۇلداپ تۇراتتى. ياۋا ئەتىرگۈل بر تال ئىدى. غولىمۇ بر تال، گۈلىمۇ بر تال، رەڭگىمۇ بر تال.

ئۇشتۇمتۇت لوڭقا ئاستىغا باستۇرۇلغان باغاقچىگە كۆزۈم چۈشتى، مەن باغاقچىنى قولۇمغا ئالدىم:



«مۇبارەك ئاكا: ھەممىنى، تەشنائىلى مۇئەللىمگە دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ، مەن ئۇيالدىم، مەن بولمىغۇر قىز ئىكەنمەن، سىزنى بىزاۋىتە قىلىپتىمەن، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا خىجالەتمەن، ئەمدى ياخشى بولدى، سىز ماڭا بىلىم ۋە ياشاشقا ئىشتىياق بەردىڭىز، ئۆزۈمنى قانداق تۇتۇش كېرەكلىكىنى ماڭا ئۆگەتتىڭىز، مەن ئەمدى باشقىچە ياشاشقا بەل باغلىدىم. بىلىم، مېھنەت، ئىجاد ۋە دوستلۇق ماڭا يېڭى تۇرمۇش بېرىدۇ. سىز ھېلىقى كۈنلەردە مېنىڭ خاتىرەمگە يېزىپ بەرگەن شېكىسپىرنىڭ «مۇھەببەت بىر پارچە يانغىن، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىغانىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ» دېگەن سۆزى ئەمدىلەتىن يادىمغا كېچىۋاتىدۇ! سىزگە شەرەپ ۋە بەخت تىلەيمەن. خوش، مەڭگۈگە خوش! كۆپ يېزىلىڭ، ئەسەرلىرىڭىز ئارقىلىق سىزنىڭ سالامەتلىكىڭىز ۋە خىياللىرىڭىزنى بىلىپ تۇراي، مەن سىزنىڭ ئەسەرلىرىڭىزنى ئەبەدىي ياخشى كۆرىمەن، ئەبەدىي ...

خەير ...

ھەرقاچان سىزنى ئەسلىگۈچى رەنادىن»

ئاخىرقى قۇرلارغا جان كىردى، ھەر بىر ھەرپ، ھەر بىر چېكىت، ۋېرگول، بىر تال چوغقا، يېلىنجاپ تۇرغان چوغقا ئايلاندى. بۇ چوغلار قىپقىزىل، يالقۇنلۇق ۋە روشەن ئىدى. مەن باغاقچىنى كۆكرىكىمگە باستىم — يېلىنجاپ تۇرغان بۇ چوغلار يۈرىكىمنى ۋاژىلدىتىپ كۆيدۈردى، بۇ ۋىل-ۋىل يېنىپ تۇرغان چوغلارنىڭ تەپتىدىن باغاقچىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىم، كۆز يېشىدىن يۇيۇلغان يۈز-كۆزۈم لاۋۇلداپ كەتتى.

مەن رەنانىڭ شۇ ھالچە كېتىپ قېلىشىدىن، ئۇنىڭدىن «ئەبەدىي» ئايرىلىپ قېلىشىمدىن قورقۇپ ئارقامغا ئۆرۈلدۈم.

رەنانىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلماقتا ئىدى. تاڭ شەبنىمىدەك پاكىزە، چاقىناق تامچىلار ئۇنىڭ شىددەت بىلەن ئۆردەپ تۇرغان گۈزەل كۆكسىگە دومىلايتتى.

— رەنا ... مېنىڭ گۈلۈم ... مېنىڭ ياۋا ئەتىرگۈلۈم ... ياخشى كۆرگەن يالغۇزۇم ...

مەن لاغىلداپ تىترىگىنىمچە ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم - دە، ئۇنى باغرىمغا باستىم، ياق، بىر پارچە يالقۇننى كۆكرىكىمگە باستىم، بىر تال ياۋا ئەتىرگۈلنى كۆكسۈمگە تاقىدىم. رەنا «ئاھ ... !» دەپ ئىڭرىۋەتتى، ئۇنىڭ نەپىسىدىن يانغىن قىزىقى يەلپۈندى. ئۇنىڭ ۋىل - ۋىل يېنىپ تۇرغان ئاھۇ كۆزلىرى، بەختلىك چۆچۈش ئىچىدە مېنىڭ كۆزۈمگە تىكىلدى، ئۇنىڭ مەر - مەردەك پاكىزە يۈزى ئاتەش بولۇپ قىزاردى، ئۇنىڭ تىترىسىسىدە قىلىپ قان تامچىشقا تەييار غۇنچە لەۋلىرى ھاياجان ۋە نازۇك ئۇيۇلۇش ئىچىدە جىلمايدى.

شۇ كېچىسى، ئىلگىرى يېزىۋاتقان پوۋېستىمنى چۆرۈۋەتتىم ۋە يېڭى بىر پوۋېستنى باشلىدىم. بۇ پوۋېستىمغا «ياۋا ئەتىرگۈل» دەپ تېما قويدۇم.

## 17 - باب

«توۋا!» دەيمەن، بۇ شەھەردىن كەتمەس بولدۇم، شەھەر ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن توپىسى ئېغىر، ھاۋاسى «چاتاق» ئىكەن، بۇ شەھەردە مەڭگۈلۈك قالىدىغان بولدۇم.

سىمنارىيەنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىگىچە تەشنائىي مەندىن ياق، توغرىراقى «بىز» دىن ئۆزىنى تارتتى. سادىدا رەنا بۇنى چۈشەنمەي ھەيران بولدى ۋە بىرنېمىلەر دەپ چۈشەندۈرگەن بولسامۇ تەشنائىنىڭ بۇ قىلىقىغا ھەيران بولغىنىچە قېلىۋەردى. نېمىلا دېسەممۇ، مېنىڭ كۆڭلۈمنى بىر خىجالەت تۇيغۇسى غۇۋالاشتۇرغاچ، تەشنائىنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن يوقلاشقا بېتىم چىدىمىدى.

ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر ئاخشامدا، مېھمانخانىدا بىزنى يوقلاپ كەلگەن ئۆلكە باشلىقلىرىغا سىمنارىيە تەرىپىدىن زىياپەت بېرىلدى. زىياپەت تازا ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، تانسا قىزىغاندا، تانسا ئوينىۋاتقان ئالامان ئىچىدە ئۇشتۇمتۇت ئۇنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ يۇيۇنۇپ تارىنىپ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. ئۇ مەن مېھمانخانىدا تولا ئۇچرىتىدىغان ئاقپىشماق ۋە مەرى ئىسسىقىنا بىر قىز بىلەن تانسا ئويناۋاتاتتى. تەشنائىنىڭ تانسا بىلمەيدىغانلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدا قورۇنۇش ياكى خىجىل بولۇشنىڭ قىلچىلىك ئالامىتى كۆرۈلمەيدى. ھېلىقى قىز تانسىغا خېلىلا ئۇستا ئىكەن، ئۇ تەشنائىنى ئېلىپ مېڭىۋاتاتتى. تەشنائىي خۇددى كىمدۇر بىرى ئۇ قىزنى ئېلىپ قاچىدىغاندەك خىجىل بولۇشنىمۇ قايرىپ قويۇپ، ئۇ قىزغا مەھكەم چاپلىشىۋالغانىدى. قىز تەشنائىنىڭ كۆزلىرىگە ئەركىلىگەندەك تىكىلىپ تەبەسسۇم قىلاتتى. گاھىدا پىخىلداپ كۈلۈۋېتەتتى، تەشنائىي بولسا ئەركەك ئۆردەكتەك بېشىنى تىك تۇتقىنىچە كۆكرىكىنى كېرىپ، زالغا مەغرۇر نەزەر تاشلايتتى. كۆزى بىلەن كىملەرنىدۇر ئاختۇرغاندەك زالدا ئولتۇرغانلارغا بىر - بىرلەپ سىنچىلاپ قارايتتى،

لېكىن ئۇنىڭ نەزەرى ھېچكىمنىڭ ئۈستىدە توختىمايتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا مەن ھېچقا-
چان كۆرۈپ باقمىغان ئىشەنچ، قانائەت ۋە بەختيارلىق يالتىرايتتى. قىيسىق لەۋلىرىدە
چەكسىز قانائەت، مەغرۇرلۇق ۋە خۇشاللىق لىپىلدايتتى. ئۆزۈم خېلى چىڭۋەر تانسىچى
بولساممۇ تانسا ئويناشنى ئۇنچە ياقتۇرمايتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەنا يوق سورۇندا زادىلا
تانسا ئوينىغۇم كەلمەيتتى. رەنا بولسا بۇنداق سورۇنلارنى زادىلا ياقتۇرمايتتى. بىز
زىياپەتتىن كېيىن ھېلىقى كۆلنىڭ بويىدا ئۇچراشماقچى بولۇپ كېلىشكەنىدۇق، شۇڭا
مەن زىياپەتنىڭ ئاخىرلىشىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتۈپ ئولتۇراتتىم. ۋاقىت خېلى
بازدەك قىلاتتى. بىركەمدە تەشنائى مېنى كۆرۈپ قالدى، ئەمەدىلىكتە ئۇلار يېنىك
تانگوغا ئويناۋاتاتتى. ئۇنىڭ نەزەرى مېنىڭ ئۈستۈمدە دەقىقە تۇرغاندەك قىلدى-دە،
دەررۇ يۆتكەلدى، مەن بىردىنلا تەشنائىنىڭ ھېلىقى قىزغا تېخىمۇ بەكرەك چاپلىشىپ
ئۇنى قەستەن مەن ئولتۇرغان تەرەپكە شىپقاۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدىم. مەن تەشنائىنىڭ
بۇنداق جاسارىتىگە، بۇ خىل جۈرئىتىگە ھەيران قالدىم، «نۆۋەتتى كەلسە، مەن چېغىمدا
جۈرئەت قىلالماس ئىدىم» دەپ ئويلاپ قالدىم. قارىسام تەشنائى باياتىندىن بىركىمنى
ئىزدەۋاتقان بولماي ئەكسىچە ئۆزىنىڭ بۇ باھادىرانە جۈرئىتىنى زىياپەت ئەھلىگە نامايىش
قىلىۋاتقان ۋە كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان ھەيرانلىق، تەئەججۈپ، تاڭ قېلىش
ۋە چۆچۈشلەردىن ھۇزۇرلىنىۋاتقان ئىكەن. «ھېلىقى يىغلاڭغۇ، قىزبالىدەك ئۇياتچان
كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن چۆچۈپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئېلىشىپ قالغاندەك بولۇڭ-پۇشقاقلاردا
تېنەپ-تەمتىرەپ يۈرۈدىغان نىمجان بەندە شۇمۇ؟ — ئويلايتتىمەن ھەيران
بولۇپ، — قاچاندىن بېرى شۇنداق بولۇپ ئۆزگىرىشكە ئۈلگۈردىكىنە بۇ پەتەك، شۇنچە
ئادەمنىڭ كۆزىچە بىر قىزنى پوكىنىغا بېسىپ ئەركەك شىردەك ھۆركىرەپ يۈرۈيدا بۇ
قوتۇر؟!...» تەشنائى تانسىدا باشتىن ئاخىر ھېلىقى «ئاق بوتىلاق» بىلەن تانسا
ئوينىدى ۋە باشتىن-ئاخىر ئۆزىنى يوقاتماي، ئۆزىنىڭ سالاپەتلىكلىكى ۋە قەھرىمان-
لىقى بىلەن سورۇن ئەھلىنى تاڭ قالدۇردى. تەشنائى مېنىڭ نەزەرىمدە بۈگۈنكى
مۇشۇ دەبدەبىلىك سورۇننىڭ چولپانىغا ئايلىنىپ قالدى. مەن تەشنائىدىن كۆزۈمنى
ئالماي، ئۇنىڭ ھەربىر قىمىرلىشىنىمۇ كۆزۈمدىن قاچۇرماي ئۇنى ھاڭ-تاڭ ئىچىدە
كۆزىتىپ ئولتۇراتتىم. بىركەمدە مۇزىكا ئاخىرلاشتى، تەشنائى ھېلىقى قىزنىڭ قولىنىڭ
ئۇچىدىن تۇتقىنىچە خۇددى XVIII ئەسىردىكى فرانسۇز رىتسارلىرى گۈزەل گىراف
قىزلىرىنى يېتىلىگەندەك يېتىلەپ زالنىڭ بىر چېتىگە ئاپىرىپ ئولتۇرغۇزدى. خۇشاللىقتىن
ئۇ قىزنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكەنىدى. ئۇ قىز ياغلىقى بىلەن ئاغزىنى توسۇپ بېلىقتەك
سېمىز بەدىنىنى تىترىتىپ پىخىلداپ كۈلەتتى. شادلىقتىن تەشنائىينىڭ كىچىككىنە
كۆزلىرى قىسىلىپ تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەنىدى، قىز تەشنائىنى ئولتۇرۇشقا ئىما
قىلىپ بىر يانغا سۈرۈلدى، تەشنائى خۇددى ئۇ قىزنىڭ ھەقلىق ۋە بىردىنبىر
ئىگىسىدەك ئېگىلىپ قىزنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىپ تۇرۇپ بىرنېمىلەرنى دېدى، قىز
تېخىمۇ بەتتەر كۈلۈپ كەتتى. تەشنائى ئۆزىنىڭ سالاپىتىنى يوقاتماي قىزغا مەن
ئولتۇرغان تەرەپنى ئىما قىلىپ يەنە بىر نەرسىلەر دېدى. قىز پىخىلداپ كۈلگىنىچە

بېشىنى لىڭشىتىپ رازىلىق بەرگەندەك قىلدى. مەن تەشنائىنىڭ بۇ قىلىقلارىنىڭ ھەممە-
سىنى مېنى كۆرسۇن دەپ قىلىۋاتقانلىقىغا ئىشىنەتتىم، چۈنكى مېنىڭ ئۆزىگە ھەممە-
دىن تولاراق دىققەت قىلىپ ئولتۇرىدىغانلىقىمنى ئۇ بىلەتتى. كۈتمىگەندە ئۇ زالنى
توغرا كېسىپ ئۆتۈپ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. مەن كۆلۈمسىرىگىنىمچە ئورنۇمدىن
قوزغىلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردىم. ئۇ مېنىڭ سالىمىمغا پەرۋا قىلماي مەن تەرەپكە بويند-
نى سوزۇپ:
— بەش مىنۇتقا، سىرتقا چىقىپ كىرسەك، — دېدى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى ئوتتەك
يېلىنجايتتى. خۇشاللىق ۋە بەختتىن ئۇنىڭ يۈزىدىكى تاتۇقلىرى يالتىراپ، كۆزلىرى
غىلىيىپ قالغانىدى.
مەن سەل تەئقىس بولۇپ قالدىم. كۆڭلۈمگە بىر نامەلۇم غەشلىك كىرىۋالدى.
مەن خۇددى يانچۇق قۇرۇق ۋاقىتتا قەرزىنى سۈيلەپ كەلگەن بېشەم ئوقەتچىگە ئۇچ-
راپ قالغان قەرزداردەك تۇرۇپلا دەككە - دۈككىگە قالدىم. «چىدىمىغانىنىڭ ئېتى ۋايجان»
دېگەندەك خېلى تۇزۇك ئادەملەرمۇ چىدىماسلىقتىن گاھىدا ئۆزىنىڭ سۆيىتىگە زادىلا
توغرا كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئىدى. تەشنائىنىڭ بايىقى قىلىقلىرى
مەلۇم مەنىدە ئارىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارغا چىدىماسلىقتىن قىلىۋاتقان كىۋز - كۆزى
ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رەنا بىلەن ئىككىمىزنىڭ شۇ كۈنلەردىكى يېقىنلىقىمىزغا بىز
بىلەن ھېچبىر ئالاقىسى بولمىغان ئادەملەرنىڭمۇ كۆزى قىزىرىپ قېلىۋاتاتتى. تەشنائى
رەنانى مەڭگۈ ئۇنتالمايتتى. ئۇنى ھېلىمۇ ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا كاللىسى
قىزىپ قالغان بۇگۈنكىدەك پەيتتە كۆكەملىك قىلىشى مۇمكىن ئىدى.
مەن ئامالسىز ئورنۇمدىن قوزغالدىم ۋە ئىشىككە ماڭدىم. تەشنائى ئىشىك ئالدىدا
مېنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. تولىمۇ قاراڭغۇ كېچە ئىدى. سىم - سىم يامغۇر چۈشىۋاتاتتى.
تەشنائى ماڭا قارىماي تۇرۇپ ئىشىك ئالدىدا تۇختىتىپ قويۇلغان پىكاپلارنىڭ
ئەڭ چېتىدىكى سۈت رەڭ بىر پىكاپنى تۇمشۇقى بىلەن ئىما قىلدى:
— ئاۋۇنىڭ ئىچىگە كىرەيلى.
مەن ئويلىمايلا:
— تالا ياخشى ئەمەسمۇ؟ كەڭرى - ئازادە، — دېدىم. مۇبادا ئۇشتۇمتۇت مۇشتلىشىپ
قالغۇدەك بولساق يۇمۇداقلىشىشقا ئازادە جاي ياخشى دېمەكچىدىم، لېكىن سۆزۈمنىڭ
ئاخىرىنى يۇتۇۋالدىم. تەشنائى مېنىڭ دېيىشكە ئۈلگۈرەلمىگەن گېپىمنى چۈشەنگەن-
دەك ماڭا لاپپىدە قاراپ قويۇپ ھېلىقى ماشىنا تەرەپكە ماڭدى. مەن ئۇنىڭدىن سەل-
ئۇنىڭغا سوڭدىشىپ ھېلىقى ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدىم. ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىكەن.
تەشنائى ئىشىكنى ئېچىپ مېنى كىرىشكە ئىشارەت قىلدى. مېنىڭ ئارقامدىن ئۇ كىردى
ۋە ئىشىكنى ياخشىلاپ يېپىپ يۇمشاق ئورۇنغا جايلاشتى.
مەن ماشىنا ئەينىكىدىن سىرتقا — يامغۇرلۇق كېچە قاراڭغۇلۇقىغا چەكچەيگىنىمچە
بېشىمغا غولۇمغا كېلىپ تېگىدىغان مۇشت ۋە شەنىمگە تېگىدىغان ھاقارەتنى كۈتۈپ
ئىنتىزار ئولتۇردۇم. تەشنائى ئۈنچىقمايتتى. ئۇنىڭ ئېغىر - ئېغىر پۇشۇلدىغىنى ئاڭلىن -

ناتتى. «مەيلى ئۇرسا ئۇرۇۋالسۇن، دەردىنى چىقىرىۋالسۇن، دېمىسىمۇ مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر جازاغا لايىق، ئۇنىڭ ئورنىدا مەن بولغان بولسام مېنىڭ ئۇنى نېمىلەر قىلىۋېتىشىمنى بىر ئاللا بىلىدۇ، بوپتۇ، ئۇرسا ئۇرار، ئۇنىڭ ئاچقۇچتەك قوللىرىنىڭ قانچىلىك تورى بولسۇن، قاتتىقراق ئۇرۇۋەتسىمۇ قول ياندۇرماي توگۈلۈپ ئولتۇرۇۋالاي... ئۇرسىمۇ ئۇرسا، لېكىن تىل سالمىسىدى. چاياندەك چاقىدىكەن ئەمەسمۇ، ئۆتكەندە جان - جېنىمغا ئۆتكۈزۈۋەتمىدىمۇ؟ ھەر ھالدا زەھىرىنى تىقىۋېرىپ مېنى غەزەپلەندۈرۈپ قويمىسىلا بولاتتىغۇ بۇ ياكاقباش، ئۇ چاغدا مەن چىدىيالماي قېلىپ ئۇنى بوغۇۋالا قويمىسام ئىدىم،... ئۆزۈمگە هاي بېرەي، ئاخىرىغىچە چىداي، تاقەت قىلاي» مەن ئارقا تەردىپىمنى تىگىشقاچ تىت - تىتلىق ئىچىدە ئويلايتتىم.

— ۋاقتىڭىزنى ئالمايمەن — تەشنائى ئۇشتۇمتۇت خىرقىرىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى بۇنىڭ گېلىدىن ئەمەس گويا ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى قايسىبىر قاراڭغۇ بۇلۇڭدىن كېلىۋاتاتتى، — مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ تەشەككۈرىنى ئېيتىپ قويۇش ئۈچۈنلا سىزنى بۇ يەرگە چاقىردىم.

— تەشەككۈرمنى؟ — مەن چۆچۈپ كەتتىم.

— شۇنداق، سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت!

— نېمىگە؟

— سىز مېنىڭ شۇ تاپتىكى سەممىيىتىمدىن گۇمانلانماڭ، مەن چىن دىلىمدىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. سىز مېنى ئويغاتتىڭىز، ئۆلۈك سۇدەك بىر خىل تۇرمۇشۇمنى بۇزۇپ تاشلاپ مېنىڭ هاياتىمنى قايناق ۋە جۇشقۇن ئېقىمغا ئايلاندۇردىڭىز. تېخىمۇ توغرىراقى سۆيگۈنى، مۇھەببەتنى ئىزدەپ تېپىشنى، ئۇنىڭغا قانداق ئېرىششنى ئۆگەتتىڭىز. مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئۆزۈمنى قەدىرلەش ۋە ئۆزۈمنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىش، ئېرىششنى نىيەت قىلغان بەختىمگە باتۇرلۇق بىلەن تاشلىنىشنى ئۆگەتتىڭىز. مانا، مەن هازىر ھېلىقى روھى يەنچىلگەن، ئادەملىك ھېسسى قانىغان (قاناپ كەتكەن) ئۆلۈمتۈك بىچارە ئەمەس، ئەكسىچە بەختلىك، سۆيگۈنىڭ، سۆيۈش ۋە سۆيۈلۈشنىڭ ئىگىسىمەن. ئاھ...قەدىرلىك دوستۇم، مەن شۇ كۈنلەردە شۇنچىلىك بەختىيارمەنكى، نېمىسىنى ئېيتاي. بۇنىڭغا مەن خۇددى سىز رەناغا ئېرىشىش ئۈچۈن باتۇرلۇق قىلغاندەك باتۇرلۇق بىلەن ئېرىشتىم. رەناغا تەلپۈنگەن ئىكەنمەن — ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى. — بىھۇدە خىيال بىلەن ئۆزۈمنى قىينىغان ئىكەنمەن. ھەركىشىنىڭ ئۆز خىلى، تەگدىشى بولىدىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئېرىشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنى بەختلىك قىلالمايتتىم، بۇ ئەمەلىيەتتە ئىككىلىمىزنىڭ بەختسىزلىكى ئىدى. لېكىن ياخشى يېرى مەن ئاشۇ تەلپۈنۈش جەريانىدا سىز بىلەن تونۇشتۇم ۋە سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدىكى يىگىتلىك قەھرىدىن، هايات يولىنى ئۆزگەرتىشكە ئۇرۇنۇش جاسارىتىدىن ئىلھام ئېلىپ ئۆزۈممۇ ئويلىمايلا سىزدەك بىر بەختىيارغا ئايلىنىپ قالدىم.

تەشنائى ئىككى قولىنى مۈرەمگە ئالدى. ئۇنىڭ قولىدىكى قىزىقلىق مۈرەمنى كۆيدۈردى. مەن شۈبھە ئارىلاش خۇشاللىق ئىچىدە ئارقامغا ئۆرۈلدۈم. ماشىنىدىكى

گىرىمسەنلىك ئىچىدە ئۇنىڭ كۈلۈپ تۇرغان كۆزلىرىگە كۆزۈم چۈشتى. ئۇ كۆزلەر ئاشۇ دەرد ۋە ھەسرەت بىلەن كىرتىيىپ قالغان كۆزلەر ئەمەس بەخت ۋە خۇشاللىق ئىچىدە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدا يېڭى ھايات تاپقان بىمارنىڭ شادلىقى پارلايتتى، ئۇ بىردىنلا كۆزۈمگە چىرايلىقلا بىر يىگىت بولۇپ كۆرۈندى، يۈرىكىمگە بىر نامەلۇم ئىسسىقلىق ئېقىپ كىردى — راست تەشنائى ئەسلىدە تەڭداشسىز بىر گۈزەل يىگىت ئىكەن، بۇنى مەن ئەمدىلا بايقاپتىمەن، مەن ئورۇندۇقتىن كۆتۈرۈلۈپ تەشنائىنىڭ مۈرىسىدىن تارتتىم. ئۇ مېنىڭ ئىسسىق باغرىمغا تىقىلدى. ئىككىمىزنىڭ يۈرىكى تەڭكەش ئىدى، نەپىسىمىزدىن ھارارەت ئۇرغۇيتتى، چۈشىنىش ۋە دوستلۇق ھېسسىياتىنىڭ تەپتىدە قاقلىنىپ قىزارغان ۋۇجۇدىمىزدىن بىر-بىرىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئوتلۇق ئېقىم ئۆتۈشۈپ كەتتى. تەشنائىنىڭ شادلىق يېشى بىلەن نەملەنگەن كۆزىگە ئوتتەك قىزىپ كەتكەن پېشانەمنى ياقتىم-دە، كۈلۈۋەتتىم. ئۇمۇ كۈلدى. بىزنىڭ كۈلكىمىز پەرىشتىلەرنىڭمۇ كۆڭلىنى سۆيۈندۈرگۈدەك دەرىجىدە تاتلىق ئىدى.

* *

شۇ يىلى كۈزدە مەن بىلەن رەنا، تەشنائى بىلەن زۆھرە توي قىلىشۋالدۇق. ھە راست، زۆھرە ھېلىقى چاغدا تەشنائى بىلەن تانسا ئوينىغان قىز ئىدى. بۇ كۈلگۈنچەك، ئوماق سېمىز قىز رەنا بىلەنمۇ دوستلىشىۋالدى. بىز ھەر ھەپتىدە يەنە ھېلىقى جىلغىنى، گۈل-چېچەككە پۈركەنگەن چىرايلىق جىلغىنى بىللە سەيلە قىلىدىغان بولدۇق. ئاھ! ھايات، سېنىڭ مۇشۇنداق يەرلىرىڭ تاتلىق ئەمەسمۇ؟!

(تۈگىدى)

مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل

## «ئالتۇن چاغ مۇكاپاتى»غا قوبۇل قىلىنغان ئەسەر

**ياسىن زىلال**

# ئانا

(داستان)

* *

### مۇقەددىمە

ئەزدىم دەريا بويلىرىنى كېزىدەن ئويچان،
دولقۇنلارغا مىنگىشىدۇ شوخ - ئەركە خىيال.
قاناتلانغان روھىم ئەيلەپ كۆك ئۈززە جەۋلان،
بۈيۈك تاغلار چوققىسىغا قونىمەن دەرھال.

قارلىغاچنىڭ شوخ ئاۋازى مېنى سېھىرلەپ،
باھار چېچەك يايغان يەرلەر بولىدۇ ئايان.
گاھ بوز تورغاي ئۈنلەشلىرى قەلبىمنى ئۈندەپ،
مەرھابالار دەر قىزىل يۇلغۇن كۆلگەن باياۋان.

مېھرىم بىلەن قۇچاقلايمەن ئوتلۇق قۇياشنى،
ئۇنىڭ ئاتەش تەپتى بولدى يۈرىكىمگە جەم.
تۈنلىرىمگە ھەمراھ قىلدىم ئايدەك ئاداشنى،
سىردىشىمەن ئاق بۇلۇتتا ئولتۇرۇپ ھەردەم.

خىياللىرىم بارار تۇرماي سامان يولىدىن،
مەن زېمىننى باغاشلايمەن ئۈززۈمنى تاشلاپ.
ئېلىپ كەچمىش كىتابىنى روھلار قولىدىن،
بوۋاملارنىڭ پاك لەۋزىدىن ئاڭلايمەن خىتاپ.

كېيىنەكتەك گۈلباغلاردا چىمەننى سۆيۈپ،
ئىھ، خۇش پۇراق چېچەكلەرگە قاتىمەن قوشاق.
مەرۋايىتتەك كۆز ياشلىرىم گۈلگە تۆكۈلۈپ،
باغرى چاك - چاك بۇلبۇلجانغا سالىمەن قۇلاق.

مېنىڭ دىلكەش سىردىشىمدۇر كۈللى كائىنات،
مەن بىلەن خۇش سۆھبەت قۇرار ئالەم، قىسقىسى.
قەلەم ئالدىم ئۇلار ماڭا بەرگەچكە سۇبات،
يازسام - يازسام تۈگىمگەي ئانام قىسسىسى.

پەرۋانىدەك شام چىراغقا بولىمەن ھەمراھ،
روھى كۆلبەم نۇرىستاندۇر يورۇق بەرگەچ شام.
تىنىمسىز ھېس يالقۇن قۇچار ھەم ناگاھ - ناگاھ،
بەزى - بەزى شامغا ئوخشاش تەنلىرىم تارام.

تالاي تۈننى خىيال بىلەن ئۆتكۈزدۈم بىدار،
مىڭ - مىڭ قۇرلار رەڭلەندى - يۇ، كۆلمىدى تىلەك.
ئارمانلىرىم يېگى - يېگى بەتلەرنى ئاچار،
پاك ھېسلىرىم چاچار ئانام يولىغا چېچەك!

## I باب

مەن مەي پەرەس ئەمەس ساقى، لېكىن مەي كەلتۈر،
شۇنداق قۇيكى، پەيمانىڭغا تولسۇن لەبالەپ.
شارابىڭنىڭ تەپتى بىلەن قەلبىمنى كۆيدۈر،
ئىچى - باغرىم ئاتەش بولۇپ يانسۇن گۆرۈلدەپ.

مەغرۇر بېشى كۆككە يەتكەن ئېگىز خانتەڭرىم
تۈن قوينىدىن تاڭ ھۆسنىگە يۈزلەنمىگەندە؛
خورازلاردىن بۇرۇن تۇرۇپ، پۈتۈپ بار سەۋرىم،
مەن قارايمەن ئۇنى ئىزدەپ بولۇپ پەيۋەندە.

كۆك يۈزىدىن ئاستا - ئاستا يۇلتۇزلار ئۇچۇپ،
سىياھ تارقاپ مەشرىق يۈزى كەلسە ئاقىرىپ؛
ئەتىكاپتا ئولتۇرغاندەك مەھكەم يۈكۈنۈپ،
باش قويىمەن تاغقا ئۇنىڭ نامىنى چاقىرىپ.

ئۇنىڭ ئاپئاق بېشى ئوخشار ئانام بېشىغا،
ئانام چەككەن دەردكە تەققاس ئۈستىدىكى قار.
دەريالىرى نەچچە تولدى ئەلنىڭ يېشىغا،
شاۋقۇنلىرى گاھى كۈلكە، گاھى نالە - زار.

قۇياش بالقىپ ياقسا ئاڭا مەڭزىنى سەھەر،
نۇردىن شەلپەر رومال ئارتقاي بېشىغا گويا.
قار لەيلىسى چېكىسىدە چاچار مۇنەتتەر،
بىر قارىساڭ كۆكتىن چۈشكەن پەرى نۇرسىما.

راستىنلا ئۇ كۆكتىن چۈشكەن نۇر يۈزلۈك پەرى،
جامالىدىن باغلار ئالغاي ھايات جىلۋىسى.
گويا ئۇنىڭ زىنناقىدۇر پاك چەشمىلىرى،
شىلدىرلىغان ئېقىن كۈيى ئۇنىڭ كۈلكىسى.

ئۇنى كۆرسەم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ئانام،
جۈپ مەڭزىدە جۈپ كۈن پارلاپ، چېچىپ ئىللىق نۇر.
ئاڭا بوۋاق تەلمۈرگەندەك تەلمۈرۈپ باقسام،
يۈرىكىمدە تاشقىنلايدۇ مىڭ دەريا غۇرۇر.

سەھەرسالقىن تاغ شامىلى چاچ تاراپ ئۆتسە،
ئەزىز ئانام ھىدى كېلەر دىماقلىرىمغا.
ئانام سۆزىن سابا ئېلىپ كېلىپ ھەمىشە،
يەتكۈزىدۇ خۇش شىۋىرلاپ قۇلاقلىرىمغا.

كەچكى قۇياش قوچۇپ ئۇنى يېنىش - يېنىشلاپ،
تۈمەن ھىجران بىلەن بولسا مەغرىبكە راۋان،
تۈن گۈزەلى ئاي كېلىدۇ يۇلتۇزنى باشلاپ،
كۆكنىڭ نۇرلۇق كۆزلىرىدە سۆيگۈ نامايان.

ئۇ مۇقەددەس ئانىلارنىڭ ئانىسى گويا،
مەن سۆيىمەن ھەرتاڭ ئۇنىڭ ئېتەكلىرىنى.
ئۇمۇ ماڭا قۇچاق ئېچىپ ئېيتىپ مەرھابا،
يۈرىكىمگە پىچىرلايدۇ ئىستەكلىرىنى.

ئۇ توسابىدۇ جۇت - بورانىنى كۆكرىكى بىلەن،
قار - شىۋىرغان زەربىسىدىن باغلار كۆپ خالى.
قېلىن قاردا زىمىستاندا كۈلەمتى چىمەن،
ئۇ توسمىسا جۇتنى نىچۈك ھاياتلىق ھالى؟!

دالا چېچەك كىيگەن چاغدا كۆكسى قېلىن قار،
ھاڭلىرىدا ساڭگىلايدۇ نەيزىدەك كۆك مۇز.
لېكىن ئۇنىڭ يۈرىكىدۇر مىسلىسىز باھار،
سىنىسىدۇر نۇرلۇق ئاسمان، قاپلىغان يۇلتۇز.

ئۇ ياشىدى ئەسىرلەردىن كۆككە بوي تىرەپ،
زىمىستاندا چېكىسىدە ئېچىلدۇردى گۈل.
دەريالىرى بەھىر بەرگەچ باغدۇر تۆت تەرەپ،
بۇلبۇل بولۇپ چوغلۇقلارنى ئەگىيدۇ كۆكۈل.

ئۇنى يۆگەپ ئەجدىھادەك ياۋايى يالقۇن،
چاققان چېقىن ھېسابىغا چىقىشمايدۇ سان.
گۈلدۈرماما كۆك سۈنغۇدەك سالسىمۇ شاۋقۇن،
پىسەنتىگە ئىلماي مەغرۇر تۇردى ئۇ ھامان.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

تۈمەن يىللار بوران ھۇلاپ ئاڭا ئۇرۇلدى،
چاقماق سۇندى ئۇنىڭ ئالماس بىسىغا بىقىپ.
ئاڭا قاي چاغ غەزەپ بىلەن مۇلدۇر تۆكۈلدى،
يۇۋاشلىدى، ئېرىپ كەتتى ئەگىز بوپ ئېقىپ.

تارىم ئۇنىڭ ئوڭ يېنىدا، سولىدا جۇڭغار،
پايانىغا كۆز يەتكۈسىز بېھىشتەك بوستان.
بۇ جايلاردىن تېپىلدۇ چەكسىز ئىپتىخار،
خانتەڭرىمنىڭ پەرزەنتىگە مەنسۇپ زەپەر - شان.

ئاھ خانتەڭرى، ئاھ خانتەڭرى،
خانتەڭرى — ئانام،
ئانام گاھى ئەسكە چۈشسە ئۇنى ئەسلەيمەن.
ئانام بىلەن ئاڭا ئورتاق قەيسەرلىك، چىدام،
ئۇنى مەردلىك، سېخىلىقتا ئانىجان دەيمەن!

تاغقا تىنماي ئۇرۇلدۇ بوران، مۆلدۈر، قار،
ئۇ تەقدىرى - كەچمىشدۇر ئانامنىڭمۇ ھەم.
ئاچچىق قىسمەت چېقىنلىرى تاشلاپ ئاڭا نار،
يىغلىتالماي لال بوپ ياندى، كۆزلىرىدە نەم.

يىغلىتالماي لال بوپ يانغان كەچمىش كۆزى نەم،
ئاسارەتنىڭ قەبرىسىگە يول ئالدى ھۆڭرەپ.
ئانام ھايات كەشتىسىگە گۈل چەكتى كۆركەم،
كۆكتە يۇلتۇز ئۆچكەن تۈندە قالمىدى مەڭدەپ.

كۆكتە يۇلتۇز ئۆچكەن تۈندە قالمىدى مەڭدەپ،
پاك روھىدا ياندى ھامان تاڭنىڭ قۇياشى.
زىمىستاندا يۈرىكىدە ئاتەش گۈرۈلدەپ،
جامالىدا مۇز بولمىدى بىر تامچە ياشى.

مەن زىمىستان - قار قوينىدا تۇسلەنگەن مايسا،
ئانام ھايات بەردى ماڭا چىكىپ جان رىشتە.
سۇنماي مەغرۇر ياپراقلىدىم مەزمۇت ۋە تازا،
كۆكتىن بۇلۇت قايرىپ باقتى ماڭا پەرىشتە.

مەن باھاردا كۆككە بېقىپ بىغلانغان ئىدىم،
ئانام چىمەن تاغ ئىدىكى، ئاتام ئەللىق كۆن.
نېمە ھالكىن، گۈلدۈر - گۈلدۈر بولدى، بىلمىدىم،
كۆن تۇتۇلدى، ھاياتىمنى قۇچتى چىللى تۈن.

كۆننى يۇتۇپ كەتتى قارا دەھشەت بىر ئېقىم،
ئالەم قازان كىيدى، دەريا قۇرىدى گويا.
ئانام ئالدى دىل بەھرىگە دەپ: كەل بېلىقىم،
ئانا مېھرى ئىكەن ئەللىق ئۈزۈلمەس دەريا.

بالىلىقنىڭ كەچمىشلىرى چىقماس ئېسىمدىن،
بىر قابا ھەت چۈش كۆرگەندەك دەھشەت - بەك دەھشەت.
ھەر يادىمغا ئالسام تاشار ئاھلار ئىچىمدىن،
ئۆتۈپ كەتتى ھۆركىرەپ بىر قىزىل قىيامەت.

ئۆتۈپ كەتتى ئەل بېشىدىن قىيامەتتەك چاغ،
كۆرمىگەنلەر ئىشەنمىگەي ئاڭلىسا بەلكى.
ئۇ قالدۇردى تالاي - تالاي يۈرەكلەردە داغ،
ئۇ دەملەردە بالا ئىدىم مەسۇم ۋە سەبىي.

مىلادىنىڭ مىڭ توققۇز يۈز ئاتمىش سەككىزى
ئاتام بولدى بوھتان بىلەن گۇناھسىز تۇتقۇن.
قاپاق تۈردى ئانا يەرگە ئاسمان گۈمبىزى،
بەختىمىزنى قىلدى يەكسان بىر قارا قۇيۇن.

ئانام بىلەن قالدۇق ئېگراپ بەش نارەسىدە،
قالدۇق يىغلاپ زىمىستاندا غازاڭدەك تىترەپ.
بولدى كىرسىز يۈرەكلەر قان، دىللاردا زىدە،
قۇربەتچىلىك پەنجىسىدە ئۇرۇلدۇق ھەدەپ.

خۇمار كۆزلەر ياغلىرىنى يېدى بۇردا نان،
لەۋلە ئۆزرە چۈشتى قوۋزاق كەبى قات - قات گەز.
تەنلەر يالاڭ، گۈل چىرايلار سارغايدى سامان،
بولدۇق گويا بوران سوققان ئالقانچە قەغەز.

شۇلداق كۈندە ئۆتتۇق ئون يىل كەلگىچە باھار،
جان چىقمىدى، لېكىن بولۇپ ئۆتتى باشقىسى.
بىزنى تاڭغا ئۇلاشتۇردى ئانام غەمگۇزار،
سۆيمى پارلاپ سۆيدى قايتا بەخت شولىسى.

زەنجىرلەنگەن چاغدا ئاتام پرومېتىدەك،
ئانام مەشئەل قىلدى دانكۇ كەبى يۈرىكىن.
مەنمۇ بولدۇم ئالماس غوللۇق، زەرياپراق چېچەك،
ئالتۇن ئەنقا يوقلاپ يۈردى مېنى كۈنۈ-تۈن.

چىمىللى يۈتۈپ، نۇرۇز كېلىپ بەرق ئۇردى چېچەك،
غۇنچە قىستى ھاياتىمنىڭ نىھال سۇمبۇلى.
جامالىمدىن ھۆزۈرلاندى ئالتۇن كېپىنەك،
قەسدەمنى زىكرى قىلدى سۆيگۈ بۇلبۇلى.

ئانام سۆيدى ماڭلىيىمغا بەختىمنى كۆرۈپ،
ئېي، باغرىغا باستى مەھكەم سىلاپ بېشىمنى.
قۇچىقىدا تۇرۇپ باقسام ئاڭا تەلپۈنۈپ،
سۈرتۈپ - سۈرتۈپ ئۆلگۈرەلمەي قالدىم يېشىمنى.

ئاھ، ئاقاردى قۇندۇز چېچى ئاق ئالتۇن تاردەك،
كۆزلەر چۆكۈپ، ئۆچتى يۈزىدىن شەپەق رەڭ زىيا.
قورۇق باستى جامالىنى، قەددى دۇتاردەك،
كۆچتى ئۇنىڭ جىمى كۆركى جىسمىمغا گويا.

مەن تىزلىنىپ قارىغانتىم تىزىن قۇچاقلاپ،
كۆزلىرىمگە كۆرۈندى ئۇ تاغدەك مۇقەددەس.
نۇر ياغدۇرۇپ ۋۇجۇدىدىن كۈندەك چاراقلاپ،
تۇرغىن بالام! دەپ كۆتۈردى مېنى شۇئان دەس.

ئاھ، خانتەڭرى ئانامىكىن؟!
ئانام تەڭرىتاغ؟!
ئانام تەڭرى!
مېنىڭ ئانام تەڭرىتاغ بۈيۈك!

ئۇ جۇدۇندا ماڭا يالقۇن بەردى ھەممە چاغ،
ئۇنىڭ قەلبى ئاتەشدانىدۇر، سىنىسى كۆيۈك.

ئانا قەلبى ئاتەشدانىدۇر، لاۋۇلدار يالقۇن،
شۇندىن كېلەر ھايات قۇچقان ئىللىق ھارارەت.
يالقۇن - يالقۇن يالىلدىغان بىباھا ئالتۇن،
قىممىتىگە تەڭ كېلەلمەس ھېچقانداق قىممەت.

تەپتى كۈچلۈك يالقۇنلاردا ئالتۇن تاۋلىنار،
ئالتۇندەك پاك، چىرىمەس روھ ۋىجدانىمغا رەڭ،
مىڭ يىللاپ زەر كۆمۈلسىمۇ ھامان يالتىرار،
زەر خىسلەتنى زەردەك ئەرگە ئانا بەردى دەڭ.

كۆكتىن بولۇت قايرىپ باققان مۇزامىدىكىن؟!
بىر قوۋۇز مەي پۈركىگەندەك قىلاتتى. ماڭا.
ۋۇجۇدۇمنى مىڭ تارلىق مۇڭلۇق ساز دېگىن،
جاراڭلايدۇ دىلغا تىترەك سېلىپ كۈي - نىدا.

نىسىپ بولغاچ ھاياتىمغا شائىرلىق مىجەز،
پەرىشتىدەك خىيال بىلەن كەزدىم جاھاننى.
بار سۆيگۈنى ئانا بەرگەن دەپ قىلدىم پەرەز،
ھايات بارمۇ ئانا بەرمەي جاننى،
جانانىنى؟!

تەبىئەتكە ھايات سۈيىن تاغ بەرگەن ئوخشاش،
ئانا بەخش قىلدى ئىنسان نەسلىگە ھايات.
تاغمۇ ئانام!
ئانامۇ تاغ!
ئۇلار تەقدىرداش،
ئۇلار بولغاچ بولدى ئالەم، ھاياتلىق ئاۋات.

## II باب

تاڭ ھىجرىدە تۈندە غەمناك جىمىكى ئالەم،
يۇلتۇز كۆزلۈك زەڭگەر - كۆك تۈن بەك دەھشەت
ئەمەس.
مىسكىن ئايمۇ نۇرسىزلىقنى قىلالايدۇ كەم،
ئاي - يۇلتۇزسىز تۈندە تاڭنى كۈتمەك بەكمۇ تەس.

ئەڭ يامىنى بىدارلارنىڭ شۇ بىدارلىقى،
قانچە مۇشكۇل ئۇرسىز تۈننى ئۆتكۈزمەك ئويغاق.
كۈندۈزكىدەك مىڭىپ بولماس، كۆپتۇر چاتىقى،
يولۇڭ يا تۈز، يا كاتاڭدۇر ۋە ياكى تايغاق.

سەھەر ئۇپۇق يۈز - كۆزىگە سۈركەپ رەڭ - خەنە،
ساما بويلاپ سوزۇلىدۇ سۇس بىر قىزىللىق.
تاغ باغرىدىن چىقساڭ قۇياش قىلىپ تەنتەنە،
چېچەك مۇنچاق كۈلەر يېنىپ شوخ ۋىلىق - ۋىلىق.

سەھەر ساھىب قەدەم تەشرىپ قىلغاچقا جاھان،
نۇر دەسەللىك جانان بىلەن ئۆلپەتتۇر گويا.
كائىناتنىڭ يۈزلىرىگە تەپچىرەيدۇ قان،
يۈرەكلەردە ئاقار ئۇتلۇق ھەم قۇتلۇق ناۋا.

چەك - چېكى يوق نۇر ئېقىمىڭ تەگسىز زور دەريا،
بار مەۋجۇدات ئۇندا ئۈزگەن بىر ئالتۇن بېلىق.
شۇ قايىنامغا غەرق بولۇپ كەتكەن بۇ دۇنيا،
چەشمە - بۇلاق كۆزلىرىدە ئوينار ئۇز قىلىق.

قاشىنى قۇچار دېڭىزلاردىن تېپىلغان زەر نۇر،
شەپەق تاشلار باغ - باغلارغا ھۆسنىدىن گۈل رەڭ.
پەر تارىشىپ نۇردا قۇشلار ئۇچۇشۇپ پۇر - پۇر،
ۋىچىرلىشىپ تاڭنى قۇتلاپ ئوقۇيدۇ ئۆلەڭ.

بۇغا، جەرەن شوخ قىيغىتار چەكسىز دالىدا،
قېنىپ - قېنىپ ساپ ھاۋانى يۇتار كەڭ ھايات.
چوپان قىلار قەلبىنى پاش نەي ساداسىدا،
نەي ئاۋازى مۇڭلۇق كۈيدۇر، كۈي بىر تىلسىمات.

قۇياش باشلاپ ئەكېلسەن يېڭىپيېڭى بىر كۈن،
يېڭى ئۈمىد، يېڭى ھايات، يېڭى بىر قەدەم.
يېڭى غايە ئالەم ھۆسنىن قىلىدۇ گۈلگۈن،
ماڭلىيىغا يېڭى مەزمۇن چېكىدۇ قەلەم.

ئېھ، ئۇلۇغلۇق كۈن، سەن بىر ئانا، مېھرىڭدۇر ئاتەش،
سەن بولغاچقا مەۋجۇت ھايات، باردۇر كائىنات.
ئايرىمايسەن ئۇ باغ، بۇ تاغ ھەم ئۇ كۆل، بۇ دەشت،
سەن يايىسەن ھەممە يەرگە تەپتەكشى قانات.

تا كۈن بويى چۆمسە ئالەم نۇر ۋىسالىڭغا،
سېنى جېنىم ئانىجانغا بەك ئوخشىتىمەن.
ئاھ، كۆز تىكىپ زاۋالدىكى ئۆچكەن ھالىڭغا،
خىيالىمنىڭ كۆزلىرىنى قان - ياش ئېتىمەن.

ئېھ، ئۇلۇغلۇق كۈن، تىللا شەپەق، سۈپسۈزۈك سەھەر،
بىلەمسەن بىز تۈندە چەكتۇق نېچۇك دەرد - ھىجران.
كەچ يوقالساڭ ئالەم گويا يۇتقاندەك زەھەر،
بىھوش ئادەم كەبى كۆزىن يۇمىدۇ جاھان.

تاشلاپ ھىجران ياڭقۇنىغا بۇندىن يول ئالساڭ،
دىلنى چىرمار يىلان كەبى تەشۋىشلىك خىيال.
ئەگىشمەن ساڭا تاكى يۇتكىچە قاراڭ،
سەھەر باقساڭ جامالىڭدا مەرۋايىت يال - يال.

تۈندە پىنھان بولۇشۇڭغۇ ئەجەبلىك ئەمەس،
چاشكا، پىشىن چاغلىرىمۇ غايىپسەن گاھى.
ئەنسىز يىللار قىش كۈنلىرى ئېسىمدىن كەتمەس،
ۋەيران كۆلبە، باللارنىڭ نېمە گۇناھى؟!

ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا تەمەچ تۈگكەن،
گۈلدۈرلىتىپ ئوت قالاشقا نە دەش، نە ئوتۇن.
چالا قايناق داغ سۇغىلا زاغرا تۈگۈرگەن،
بۇلۇڭلاردا ئولتۇراتتۇق قىسىشىپ بويۇن.

كەشمىزنىڭ تۆشۈكىدىن ساڭگىلار پايتىما،
پاقالچاقلار سوغدىن سايۋا كەبى قىزارغان.
تىلىم - تىلىم يېرىلغان پۇت قوۋزاقتۇر گويا،
نەشتەر ئۇرار سوغۇق شامال - ئاچچىق شىۋىرغان.

قاپاق ئېچىپ چىقسالىڭ ئەگەر، ئەي جېنىم قۇياش،
چۇقۇرۇشۇپ تەبرىكلەيتتۇق ياغدۇرۇپ چاۋاك.
ئىچ ئاغرىتىپ يىغلىغاندۇ بىزگە تاغۇ-تاش،
چۈنكى جۇل-جۇل ئىگىندە بۇ تەنلەر ئىدى پاك.

ئاھ، كونا تام سەت بولسىمۇ ئىللىق كېلىدۇ،
بۇلەنچۈكسىز ناتىۋانغا ئۇدۇر يۇلەنچۈك.
ئۇ ئۆزىدەك ۋەيرانە دىل ھالىن بىلىدۇ،
قۇياش، كۆپرەك ئىللىقلىقنى ئاشۇ تامغا تۆك!

ئۆيىنىڭ كۈنگەي تەرىپىدە بار ئىدى بىر تام،
ئىللىقىنە ئاپتاپ كۈندە ئاڭا چۈشەتتى.
ئولتۇراتتۇق شۇ ئاپتاپقا قاقلىنىپ مۇدام.
بىزنى ئاندا قويۇپ ئانام ئىشقا كېتەتتى.

بەخت ئىدى بىزگە ئاپتاپ چىقسا يېلىنجاپ،
ئۇنداق كۈندە كەچ بولغاننى تۇيمايتتۇق ئويناپ.
يۇتسە ناگاھ كۈن كېتەتتى تەنلەر شۇرقىراپ،
تەلمۈرەتتۇق ئانىمىزنىڭ يولىغا قاراپ.

كۆز تالاتتى كۈننى ئىزدەپ بولۇتلار ئىچرە،
— ئەنە، ئەنە...
— يوقالدىغۇ؟!
— ۋۇ ئەسكى بۇلۇت!
چىقسا بۇلۇت ئارىسىدىن كۈن بىرە-بىرە،
ۋارقىرايتتۇق: پاتما قۇياش، يورۇتقىن، يۇرۇت!

كەچ كىرگەندە كەلسە ئانام، ئاھ، ھېرىپ-ئېچىپ،
گويا يېڭى كۈن چىققاندىن ئارتۇق بولاتتى.
بېشىمىزغا قونغان توپا-چاڭلارنى قېقىپ،
ھەممىمىزنىڭ ماڭلىيىغا سۆيۈپ قوياتتى.

پۈتىمىزنى ئۆۋەت بىلەن قويىنىغا تىقىپ،
قۇچاقلايتتى، ئېھ، ئانىلىق مېھرى بىلەن چىڭ.
قولىمىزنى ئىسسىتاتتى يۈزىگە يېقىپ،
ھارارىتى تەنلەرگە جان بېرەتتى ئۇنىڭ.

يېلىنىمىز ئەللىپ ئۇنىڭ ئىسسىق مېھرىدىن،
تىترىگەن تەن ئىچرە قايتا جۇش ئۇراتتى قان.
ئانا ھىجرى يامان ئىدى قۇياش ھىجرىدىن،
ئايرىلساقلا قىسىلاتتى، قىينىلاتتى جان.

ئاھ، قانچىلىك دەھشەت نۇرىدىن ئايرىلسا ئالەم،
ئاھ، نەقەدەر قىيىن شۇنچە ئانىسىز ھايات.
تۈن تەشۋىشى ئادەم ئۈچۈن چوڭ روھى ستەم،
يېتىم زارى-تۇتقۇن كىيىك كۆتۈرگەن پەرياد.

قۇياش سېنى كۆرسەم ئانام كېلەر ئېسىمگە،
جەمدۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سەندە بار خىسلەت.
سەن ئىسسىقلىق بەرسەڭمۇ گەر پۈتكۈل زېمىنگە،
ھارارىتىڭ كۈندۈزگىلا تالىقتۇر پەقەت.

كۆلگەن بولسالىڭ كېچىدىمۇ چېھرىڭنى ياپماي،
قانچە-قانچە ئوخشار ئىدىڭ جان ئانامغا سەن.
تەلپۈنسەكمۇ، تەلمۈرسەكمۇ كېتىسەن ۋاي-ۋاي،
ئاشۇ يېرىڭ ئانا مېھرى ئالدىدا تۆۋەن.

مېنىڭ ئانام پاتماس قۇياش ئۆمرۈمگە باقى،
نۇرغا بۆلەپ قىلدى پەرۋىش، بولدۇم نەۋقىران.
مېھرى گويا دىل كۆزۈمنىڭ نۇرلۇق قاراقى،
پۈتلاشمىدىم شۇڭا ھايات يولۇمدا ھامان.

نۇر قاينىمى يۇيار مېنى بېلىقتەك ئۈزسەم،
دولقۇنلىرى ئەركىلىتەر بېشىغا ئېلىپ.
مۇھەببىتىنىڭ شامالىدا ئەركىلەپ كۈلسەم،
جامالىدىن سۆيەر ئىللىق شولىلار قېنىپ.

ئانا دېگەن قانداق ئۇلۇغ، قانداق مېھرىبان،
كۈندۈزۈڭگە قۇياشىڭ ئۇ، تۈنلىرىڭگە ئاي.
پەرزەنتىم، دەپ ھامان كۆيۈپ يانغىنى يانغان،
سەنچۇن قانچە رەنج كۆرسە دېمەس قىلچە ۋاي

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئانىلارنىڭ كۆكسى كەڭدۇر، ئۇنلاپ قۇياش بار،
ھەم كۆيدۈرمەس، ھەم توڭدۇرماس، جانغا قۇت-
راھەت.
ئىسسىقلىقى قان-قېنىغا قوشۇلۇپ ئاقار،
يوق ئۇنىڭدەك جانغا ھۇزۇر ئىللىقلىق پەقەت.

*　　*

كۈن-قۇياشىنىڭ قۇياشى سەن ماڭا ئانىجان،
سەن پارلاتتىڭ ۋۇجۇدۇمدا ئەبەدىلىك بىر تالڭ.

ئەتراپىمغا نۇر بەرسىمۇ روھىم ھەر قاچان،
شۆھرەتپەرەس ھېسلار دىلدا كۆتەرمەس داۋراڭ.

پەخىرلەنگىن، ۋىجدان سېنى تونۇيدۇ ئانا،
ئادەملىكىمنىڭ ئۇندىن ئارتۇق بارمۇ زىننىتى.
تۇتىيادۇر پۇتىڭ تەگكەن ھەر چىمدىم توپا،
كۆزۈڭ چۈشكەن ھەر تال خەسنىڭ تەڭسىز قىممىتى!

## III باب

ئايا ئىلھام پەرىشتىسى، كەل يەنە بىر رەت،
قانات بەرگىن خىيالىمغا، ئۆرلەيلى كۆككە.
ئايۋانىدا ئاينىڭ قۇرۇپ بىر دەم خۇش سۆھبەت،
يۈرىكىمنى ئىزھار قىلاي باغرى كۆيۈككە.

ئەي باغرى داغ مىسكىن چىراي، تۈننىڭ چىراغى،
ئەسسالام، دەپ مۇڭداشقىلى كەلدى شائىرىڭ.
سەن پارلىدىڭ ئۆرتىگەندە كۈننىڭ پىراقى،
ئانامغا بەك ئوخشايدىغۇ سېنىڭ زاھىرىڭ.

ئاق بۇلۇتلار پايانسىزلىق، يۇلتۇزلار كۆزۈڭ،
كائىناتقا نۇر ياغدۇرۇپ كۆكتە ئۈزسەن.
كۆزلىرىڭدىن داستان ئېيتار دىلدىكى سۆزۈڭ،
مۇڭلۇق ھالىڭ بىلەن گويا ئانام ئۆزسەن.

ئۆزۈڭ بىر سەن، يېگانىسەن، ئەي تۈننىڭ ماھى،
لېكىن تالاي چەشمە، دەريا، كۆلدە جامالىڭ.
ئاھ، كۆكسىڭدە داغ قالدۇردى كىملەرنىڭ ئاھى؟!
ھۇنچە تەمكىن، سۇباتلىقسەن، يوق قىلچە نالەڭ.

مېنىڭ دەردلىك چاغلىرىمنى ئەسلىيەلەمسەن،
يۇلتۇز ئۆچكەن، ئالەم قارا، سەن قايان ئىدىڭ؟!
ئۆردىن جۇدا بولغان چاغدا بۇندا ھەممەيلەن،
ئۆل ئىچىدە بار-يوقلۇقتا دەرگۇمان ئىدىڭ.

ئانام ئايدەك ئەگىپ يۈردى تۈنلەر بېشىمدا،
كۆزۈم تىكسەم كۆزلىرىدە كۆرۈندۈم شۇ دەم.
چوڭقۇر باقسام كۆزلىرىگە يېنىشلىشىمدا،
ئۇمۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە چۆكۈپتۇ مەھكەم.

ئۇمۇ ئوتلۇق كۆزلىرىمگە چۆكۈپتۇ مەھكەم،
سۆزۈڭ مۆلدۈر بولاق ئىچرە چۆمۈلگەندەك ئاي.
كۆز قەلبىنىڭ دەرۋازىسى، قەلب بىر ئالەم،
بەلكى ئۇنداق گۈزەل، چەكسىز ئالەم بولمىغاي.

ئانام قەلب دۇنيايىمنى قىلدى نۇرىستان،
باشلاپ كەلدى لەك مىڭ، لەك مىڭ يۇلتۇزلارنى ھەم
روھىم نۇرلۇق بولغاچ كارسىز كەلدى شەبىستان،
يۇلتۇزدەك كۆپ، ئايدەك پارلاق يوردى غايەم!

كۆزلىرىمدىن بالقىغاچقا كۆكسۈمدىكى نۇر،
تۈن پەردىسىن يىرتىپ كۆردۈم كەلمىش تاڭنى مەن.
يول جەبرىدىن قورقۇپ يانغان يىگىت ئەمەستۇر،
ئارتقا تاشلاپ ئۆتۈپ كەلدىم تالاي ھاڭنى مەن.

تاڭنى باشلاپ كەلدىم ئۈمىد ئوي، چۈشلىرىمگە،
خىيالىمدا قۇچاقلىدىم كۈننى، شەپەقنى.
تاڭ كۆرسەتتى كۆكسۈم ئېچىپ تەگتۈشلىرىمگە،
ھەم بىلدۈردۈم ھاياتنىڭ ھۆكمى دەرھەقنى...

ئاي بولغاچقا ئانام زاهىر - باتىنىمدە هەم،
پەرۋانىدەك نۇرغا شۇڭغۇپ ئىزدىدىم يالقۇن.
يول - يوللارغا يورۇق بەردىم مەشئەلدەك هەردەم،
بەلكى بۇنىدىن شەپەرەڭنىڭ بولدى باغرى خۇن.

ئاي بار ئىكەن غەم هاجەتسىز قۇياش هەققىدە،
ئاي پارلىشى پارلاق تاڭدىن، قۇياشتىن دىرەك.
ئايدىن كۈننى تەسەۋۋۇر قىل بۇلاق تۇۋىدە،
قاردىن بەرگى ئاق چېچەكنى كۆرىدۇ زېرەك.

ئايدەك ئەگىپ بېشىمىزدا ئانام تۈنلىرى،
كىرپىك قاقماي تا تاڭغىچە يۈرەتتى ئويغاق.
شۇنچە مۇڭلۇق ئىدى ئۇنىڭ ئەللەي ئۈنلىرى،
ئەللە يىلىنىپ تامشىپ - تامشىپ ئۇخلايتتى بوۋاق.

كۆزلىرىدىن كىرسەم ئۇنىڭ قەلبىگە دادەي،
باغرى داغ ئاي كەبى يۈرەك - باغرى قان - زىدە.
زىدىلەردىن قان تاماتتى هەر ئېيتسا ئەللەي،
ئاه، مەرۋايىت دانىچىسىدەك ياشلار يۈزىدە.

ۋاي باغرى داغ، مىسكىن چىراي، كېچىنىڭ ماهى،
سېنى كۆرسەم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ئانام.
داغلانغاندۇ سەنىسىز تۈندە گۆركىرەپ ئاهى،
ئېيتار ئىدى بېشىم سىلاپ: قورقمىغىن بالام.

ئاگلىمىغان بولساڭ كېرەك مۇندىكى مۇڭنى،
قارا قايىنام هاڭلىرىغا غۇلىغان دەملەر.

كۆك دىۋىسى توسۇپ قويغان چاغدا يولۇڭنى،
تۈندە غايىب بولدى سانسىز غېرىب - سەنەملەر.

دەرىخ، غايىب بولدى سانسىز مەردلەر ئارماندا،
ئاه، دېرەكسىز يوقالدى كۆپ گۈل يۈز جانانلار.
شۇ كۈنلەرنى ئەسكە ئالسام بۇ قۇتلۇق ئاندا،
يۈرىكىمنى تاتىلايدۇ هەسرەت - پىغانلار.

پەقەت ئانام بولغاچ ئايسىز تۈنلىرىمگە ئاي،
تۇمانلاردىن ئۈزۈپ چىقتىم تاڭ ساهىلىغا.
كەچكەن ئاشۇ ئاچچىق كەچمىش قانداق ئۇنتۇلغاي،
غەرق بولماس ئىكەن ئالەم ئادەم ئاهىغا.

ئاينىڭ پەقەت ئون بەش تۈنى ئايدىڭ بولىدۇ،
ئون بەش كېچە قويىنى قۇندۇز، رەڭگىدۇر سىياه.
قۇندۇز تۈندە، ئەپسۇس، يۈرەك - باغرىم يولىدۇ،
ئوتتۇز كېچە ئايدىڭ بولسا ئىدى، دەرىخاه.

ئوتتۇز تۈننى ئايدىڭ قىلغان بولساڭ تولۇن ئاي،
قانچە گۈزەل بولۇپ كېتەر ئىدى بۇ دۇنيا.
ئىچۇك چىداپ كەتتىڭ بىزنى قالدۇرۇپ ۋاي، ۋاي.
شۈكرى، ئايسىز تۈندە ئايدۇر بىزلەرگە ئانا.

كۆمگەن بولساڭ كۈمۈش نۇرغا ئوتتۇز تۈننى سەن،
ئېرىشەتتىڭ ئانىلارنىڭ ئۇلۇغلىقىغا.
شۇ چاغ ساڭا ئانام ئوخشاش باش قوياتتىم مەن،
يەتمەس مېھرىڭ ئانام مېھرى تولۇقلىقىغا!

## IV باب

غېرىب كۆلبە، ئەتراپ تىمتاس، پىلىلدايدۇ شام،
ئايمۇ ئۆچكەن، كۆك يۈزىدە كۆرۈنمەس چولپان.
شام ئۆرتىنىپ ياش تۆكىدۇ ئاه، تارام - تارام،
شام چۆرىسى يورۇق، لېكىن ئەتراپى قازان.

شام نۇرىدا جەينامازدا ئولتۇرار ئانام،
شىۋىرلايدۇ گاهى، گاهى - قالىمەن ئاڭلاپ.

شامدىن چارە كۆيۈپ ئاقار ياشلىرى تارام،
باشلىرىنى يەرگە ئۇسۇپ كېتەر بۇقۇلداپ.

شام ئاقىدۇ، تامچىلايدۇ ئانام كۆز يېشى،
ئۇزاق تۈنلەر پۈتمەس ياشقا مەن بولدۇم گۇۋاه.
شۇ ئاهلارغا ئوخشالمىدى پەلەك گەردىشى،
تۈتقاندىكىن قانداق قاتتىق ئاداۋەت خۇدا.

شام تۆكۆلەر، ئانام يىغلار، ياستۇقلىرىم نەم،
يۈرىكىمنى ئېزەر ئانام بىزگە تاڭ تىلەپ.
هەرتال چېچى مىڭ كۆز بولۇپ ياش توكىدۇ هەم،
جەينامازغا گۈلگۈن ياشلار رەڭ چېكەر هەدەپ.

شامنى كۆرسەم كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ ئانام،
مېنى شادەك ئېرىتىدۇ دەدلىك ئەسلىمە.
ئېچىشىدۇ سەبىيلىكتە تىلىنغان يارام،
يۈرىكىمنى بىلمەي مېنى يىغلاتقۇ، دېمە.

سىقسا ئەگەر جەينامازنى يىغلايدۇ هەدەپ،
توۋا دەيمەن، تۆشۈكلىرى كۆزمىدۇ ۋايتاڭ؟!
شۇ تۈنلەرنىڭ ئازابىنى بولماس تەسۋىرلەپ،
نېمە كۈنلەر كۆرمىدۇق بىز، سۈرەتكە قاراڭ:

كۆكتە بۇلۇت ئۈزرە پەرۋاز ئەيلىگەن سۇمۇرغ
بىر ياۋايى ئوق زەربىدىن يىقىلدى ناگاه.
پەرلەر توزۇپ، كۆز ئالدىدىن يوقالدى يورۇق،
بىهوش هالدا قاناتلىرى بوغۇچلاندى، ئاه!

بالابانلار چوقىراشتى چىنار ئۈستىدە،
كۆزلىرىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشتى ساناقسىز مارجان.
تۇتقۇنلۇقتا سۇمۇرغ تېنى بولدى شىكەستە،
قارا پەلەي كەيگەن قولغا تامچىلىدى قان.

ئاه، ئاتسىز قۇش ئۇۋىسىن ئانا ئىللىتتى،
ئۆتتى دەمەر، خەۋپ ئىچىدە قالدى ئاشيان.
سەت ۋىژدىلداپ نەشتىرىنى چىقارغان پېتى
زور چىنارغا ياماشتى بىر زەهەرلىك يىلان.

گۈلدۈر - قاراس چاقماق چېقىپ، تۈرۈلدى بۇلۇت،
بوران هۇلاپ، مۆلدۈر سوقتى جاهاننى بىر پەس.
ئانا سۇمۇرغ نەزەر تاشلاپ ئۈمىدكە مەزمۇت،
چۈجىلەرنى قاناتىغا تىزىپ قوپتى دەس.

يىلان سۇمۇرغ ئۇۋىسىدا ياتتى يۆگۈشۈپ،
يۈكسەك تۇرۇپ ماياقلىدى سۇمۇرغلار ئاگا.
بالابانلار ئالدى راسا ئاچچىق كۆلۈشۈپ،
لەرزان ئۇچۇپ يىراقلارغا يول ئالدى ئانا.

قالدى چاڭگا تىزغان چىنار، ئىلىلىق ئاشيان،
پۈتتى كۈلكە، پۈتتى بەخت، قالغىنى تىلەك.
توختىم يارغان شۇ ئۇۋىنى باستى چار يىلان،
ئاه، تۇغۇلغان يەردە قالدى بىر ياتا يۈرەك.

ئانا سۇمۇرغ ئانام ئىرۇر، قۇش بالابان بىزە
ئايۋان - ساراي، باغ - روزىغار كەتتى تالانغا.
ئاق پاختىغا ئوت كەتكەندەك كۆيدى دىلىمىزە
يۈرەكتىكى زەرداپ سۈلار ئۆرۈلدى قانغا.

ئاتام تۇتقۇن بولۇپ، بىزلەر هەيدەلدۇق ئۆيدىن،
ماڭدۇق ئەسكى - تۈسكىلەرنى پالاسقا ئوراپ.
ئاه، ئاسانمۇ ئايرىلماقلىق مەهەللە - كويدىن،
قولۇم - قوشنا، يارۇ - تۇغقان ئۇزاتتى يىغلاپ.

بىر سەهرايى قىيامەتكە ئۇچقان سامان بىز،
ماكانسىزلىق ئازغان كەبى پاتتى بۇ جانغا.
دەيمىز: تەقدىر شۇنداق بولسا قانداق قىلىمىز؟!
سىغماي قالدۇق ئاتا - بوۋام سىققان جاهانغا.

پاسار ياپقان قومۇش كەپە بىزنىڭ ئۆيىمىز،
بوران پاخال سۆرەپ قاچسا ئېچىلار ئۆگزە.
قىشتا توڭلاپ، تۈندە قانچە تىرىك ئۆلىمىز،
يازدا يامغۇر ياغسا دالدا بولالماس بىزە.

تۈن - تۈنلەردە جەينامازدا ئانام هەرقاچان،
شام تۆكۈلەر، ئانام يىغلار، مەن ئۇھ تارتىمەن،
شام تامچىسى تامچىپ - تامچىپ توشىدۇ شامدان،
مەن ياشلارنىڭ ئازابىغا تولۇپ ياتىمەن.

شام ئۆرۈلۈپ چۈشەر تاقەت قىلالماي گاھى،
پەرياد - پەرياد بىلەن كەتسە ھوشىدىن ئانام.
ئوت قاپلىغان قۇمۇشلۇقتۇر دىل بارىگاھى،
ئۇ، تۈنلەرنى شۇ تەرىزدە قىلاتتى تامام.

ئاھلار مەقبۇل بولدىمىكىن، تۈگىدى تۈنمۇ ،
لېكىن قالدى تارىخ بولۇپ ئازابلىق قىسسە.

پات - پات ئەسكە چۈشۈپ جاننى قىينار بۈگۈنمۇ،
چۈشەپ قالسام بىرنەچچە كۈن قاپلايدۇ غۇسسە.

غەمگۇزاردىم، مېھرىبانىم، پۇشتى پاناھىم،
يالقۇن بەرگەن، يورۇق بەرگەن نۇرلۇق شام ئانام.
ھاياتىمنى يېتەكلىگەن جان رەھناماھىم،
تولغۇنىمەن كەچمىشىڭنى ئېسىمگە ئالسام.

## ۷ باب

دولقۇنلارنى دولقۇن قوغلاپ ئاقىدۇ دەريا،
ھەيۋەت ئېقىن تولغۇنىدۇ ئەجدىھا كەبى.
كۆكرىكىنى قاشقا ئۇرۇپ تۇۋلايدۇ راسا،
يۇلقىنىدۇ كۆككە قاراپ شۇنداق ئەسەبى.

داۋام قىلار ئۆز يولىنى ئوقتەك تېز ئېقىپ،
بۇرالمايدۇ كەينىگە بىر دەريانىڭ بېشى.
ئەڭ ئاداققى دەنزىللەرگە كېتىدۇ سىڭىپ،
بىر دەقىقە تېنىم تاپماس ئۇنىڭ ئېقىشى.

چارەك ئەسىر ھاياتىمنىڭ شاھىدىدۇر ئۇ،
مەندۇ ئۇنىڭ ئويچان سىرداش گۇۋاھچىسى ھەم.
ئۇنىڭ بىلەن كۆڭلۈم گاھى بىللە ئاقىدۇ،
گاھ كۈلىمەن، گاھ تامىدۇ ئۈستىگە شەبنەم.

خىياللىرىم باغاشلايدۇ دولقۇننى بەزەن،
جور بولىمەن ناخشىسىغا مۇڭلۇق ۋارقىراپ.
يارۇ - جانان قۇچۇشقاندەك بولىمىز بىر تەن،
ئۆركەش ئۆزرە ئەركىلەيمەن تايدەك ئويناقلاپ.

گاھ ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۇنىڭ قوينىغا تىسرەن،
سېھرى - پىنھان سىرلىرىدىن گۆھەر ئالىمەن.
گاھ ئوينۇشۇپ قايناملاردا بېلىقلار بىلەن،
ھاياتلىقنىڭ ھېكمىتىگە ھەيران قالىمەن.

مەن تۇغۇلغان ياپيېشىل كەڭ قىرغاق بويىدا،
مەن ئاڭلىغان تۇنجى ناخشا ئانامنىڭ كۈيى.
ئەللەيلىنىپ قۇلاق سالسام بۆشۈك قوينىدا،
خۇش مۇزىكا بوپ كەلگەنتى دەريانىڭ سۈيى.

دەريا ئۇنى مۇزىكامدۇر، ئەللەيدۇر ناخشام،
سېزەر ئىدىم ئۇندىن لىرىك ئوتلۇق مۇقامنى،
يىللار ئۆتۈپ مەنمۇ ئالدىم تەمتىرەپ چامدام،
دەريا ئۆزرە باشلاپ كەلدىم كۈندە ئانامنى.

كېلىپ تۇرماق دىل خۇشلۇقۇم بوپ قالدى مۇدام،
دولقۇنلارغا گۈل تاشلىدىم قىرغاقتىن ئۈزۈپ.
ئۆركەشلەرنى تاشلاپ چېپىپ تۆۋەنگە ئىلدام،
قاشتا تۇرۇپ چېچەكىمنى ئالاتتىم سۈزۈپ.

ئامراق بولۇپ قالغان ئىدىم ئاڭا ئانامدەك،
دەريالاردا ئانىلاردەك بىر سېھرى كۈچ بار.
ئاڭا چۆمسەم ئانام سىلاپ سۆيۈندۇرگەندەك،
سۆيۈنەتتىم گۈلنى قۇچقان كەبى نەۋ باھار.

ئەركە - ئويناق بالىلىق چاغ تۈگمەي ھونۇز،
سەبىيلىكتە ئاچچىق تۇرمۇش بوغدى ياقامنى.
تاللار ياپراق تۆكتى، دەريا قۇچاقلىدى مۇز،
بەلكى پىنھان يىغلىغاندۇ مېنىڭ يىغامنى.

www.uyghurkitap.com

گرانىت تاش ئېشىلدۇ تامچىلار تامچىپ،
مۇز كۆكسىنى چاك كەتكۈزدى ئىسسىق ياشلىرىم.
قاراسلاپ مۇز غەرق بولدى ئېقىن يۈز ئېچىپ،
غۇنچە تاقاپ كۈلدى قايتا يېشىل قاشلىرىم.

چاراڭلىدى شاۋقۇنلاردا باھار ناخشىسى،
بۇلبۇللارنىڭ ئاۋاسمۇ كەلدى يىراقتىن.
ئۆز ئەكسىنى سۇدا كۆردى زاغدىن باشقىسى،
سۆيۈندى جان چىمەندە گۈل چاچقان پۇراقتىن.

چۈشتى ئاتقا مىنىپ كەلدى قاشقا باللار،
قەھ - قەھ سېلىپ، موللاق ئېتىپ ئاڭا تاشلاندى.
ئۇندە ھىجران خەنجەر ئۇرغان باغرى يارىلار،
شىپا تاپتى، گۈل قىرغاقتا ۋىسال باشلاندى.

سىرلىرىمنى چارەك ئەسىر ئاڭا تاپشۇردۇم،
سەزدىم ئۇندىن ئانا مېھرى كەبى مېھرىنى.
كېچ - باغرىڭنى داستان قىل، دەپ قانچە يالۋۇردۇم،
مەھۇپى تۇتۇپ كەلدى تىنماي ئاققان سىرىنى.

ئېقىن ئۆززە ئەنە لەرزان تەۋرىمەكتە ئاي،
يۇتۇن — سۇتتەك ئايدىڭ بولغان كېچە چىرايلىق.
يۇلتۇزلارمۇ سۆيۈۋاپتۇ دەريانى قانماي،
نۇر تارىغان زىلال سۇدا ئويناپدۇ بېلىق.

بىر رىتىمدا توختىماستىن ئاقماقتا دەريا،
ئۇندە تەنھا ئويغا پاتتىم ئېقىنغا قاراپ.
شاۋقۇنلارنى باسقۇدەك ئۈن سېلىپ مەن راسا،
قولاق سالغىن ئەزىم دەريا، دەپ قىلدىم خىتاب.

ئەزىم دەريا، ئەزىم دەريا، سەندىن ئۆتۈنەي،
سىرداش بولدۇق، بىز كەم ئەمەس يىگىرمە بەش يىل.
پىنھانلىقنى ئېچىۋەتكىن، قەلبىڭنى بىلەي،
ماڭا ئەمدى ئەسلى - ۋەسلىڭ بىر - بىر بايان قىل.

پۈتمەس چەشمە - بۇلاقلاردىن ھاسىل بولسەن،
دولقۇن - دولقۇن ئۇرۇپ ئېقىپ تۇرمايسەن دەقىق،
ئىچۈك كۈيلەر كۈيلەيسەنكىن شاۋقۇنۇڭ بىلەن،
يەردىن ئۇرغۇپ يەنە يەرگە سىڭدىڭ بىتەھقىق.

مىلىيونلاپ يىل ئېقىپ كەلدىڭ توختىماي بىر پەس،
بەلكى ئوقتەك ئېتىلدىڭسەن شۇنچە ئالدىراش.
ئۆرە بولۇپ سەن ئالەمگە كۆز سالغان ئەمەس،
جىق سوردى بۇنى بەلكى سەندىن ئىككى قاش.

يا كارامەت! بىر تولغىنىپ تىكلەندى دەريا،
كۆكنى تىرەپ، ئاينى سۆيدى ئۇنىڭ بىر بېشى.
كۆز ئالدىمدا بولدى ئېقىن بىر ئادەم سىما،
يۇلتۇزلاردەك ئېقىپ چۈشتى كۆزلەردىن يېشى.

— ئاھ، خەيرىيەت، سوراپ قالدىڭ ئادەم بالىسى،
سېنىڭ تىنماي ئىقشىڭدا نېمە سىر بار، دەپ.
سەن يوق دەمسەن پەقىرنىڭمۇ يۈرەك يارىسى،
سىرلىرىمنى بايان قىلاي ساڭا بىر - بىرلەپ.

مۇشۇ زېمىن ھەممىمىزنىڭ تۇغقان ئانىسى،
مەن تۈرەلگەن بۇلاقلارنى ئۇنىڭ كۆزى دە!
شاۋقۇنۇمدا كۈيلەنگەن ئۈن روھلار نالىسى؛
ئالەم كۆيەر ئۇنى ئېيتسام ئادەم سۆزىدە.

يەردە ھايات ئاپىرىدە بولمىغان ئۆتمۈش،
نە چاغلار ئۇ؟ ساقلانماقتا چۈشتەك ئېسىمدە.
كائىناتتا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى ياش تۆكۈش،
ھەم يوق ئىدى مۇڭ ۋە نالە شاۋقۇن - ئۈنۈمدە.

مەن ئويناقلاپ، كۆكنى چىمدىپ، ئاينى غىدىقلاپ،
گاھى توختاپ، گاھ ئۆرگىلەپ سالاتتىم خەندان.
گۈل - گىياھلار ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈپ ۋىلىقلاپ،
سېزۈك ئۈنچە - قەترەلەرنى سۆيەتتى لەرزان.

تالاي چاغلار ئۆتۈپ جانلىق تۆرەلدى بۇندا،
مەن تەبرىكلەپ بەردىم ئاڭا ئابىھاياتنى.
تۆرلۈك - تۆرلۈك مەخلۇقاتلار تۇغۇلدى ئۇندا،
ئادەم ئالدى پەرمانىغا بارچە ھاياتنى.

مەنمۇ ئادەم باللىرىغا ئامراقتىم قەۋەت،
ساھىلىمدا جاراڭلايتتى ھايات ناخشىسى.
نەدە بولسۇن ئۇدەم ھەسەت، ئۆچ - قەست، ئاداۋەت،
راستلا مىھرۇ - مۇھەببەتتىن يوقتى باشقىسى.

ساھىلىمدا ئاپتاپ تەلئەت ئوغۇل تۇغۇلدى،
قۇياش يارقىن پارلاپ چىققان بىر گۈزەل تاڭدا.
ئىھە، كۆللىيات ئۇنى كۆيلەپ تەھسىن ئوقۇلدى،
مەن قەسىدە زىكرى قىلدىم بەك خۇش ئاھاڭدا.

گويا ئاي — كۈن جۇپ مەڭزىدە، چولپان كۆزىدە،
پاھ، شۇنداق ئۆز ئوغۇل بولدى، قاشلىرى قەلەم،
بۇلبۇللارمۇ مەست بولاتتى شىرىن سۆزىدە،
بار گۈزەللىك، بار لاتاپەت ۋۇجۇدىغا جەم.

ئىگىلەتتى قاشلىرىغا تۇندە ھىلال ئاي،
سابا ئاستا سۆيۈپ خۇش بوي ئېلىپ قاچاتتى.
ھۆر - پەرىلەر ماراپ كۆكتىن ئاڭا تۈيدۈرماي،
يوللىرىغا گۈل، ئۈستىگە گۆھەر چاچاتتى.

گۈل قىرغاقتا ئوينايتتى ئۇ قىيغىتىپ يايراپ،
قۇچىقىمدا ئۇزدۇرەتتىم بىلمىقتەك ھەردەم.
كۆز ئاچقىچە ئاي - ئايلارنى، يىل - يىللارنى قوغلاپ،
پاقلان ئوغۇل يىگىت بولدى مەزمۇت ۋە بەردەم.

كۆكتە ھۆرلەر ئارىسىدا بىر قىز بار ئىدى،
پەرىزاتلار دۇنياسىدا يەكتا، نۇر جامال.
يىگىت ئىشقى سىنىسىنى گۈلخان ئەيلىدى،
ھىجرى - پۇرقەت قىلدى ئۇنى ھەيران، ئەقلى لال.

ئۇ يىگىتنىڭ يوللىرىغا گۈل چاچقۇ چىچىپ،
يامغۇردەك ياش تۆكۈپ قەلبىن قىلدى جىق ئىزھار.
لېكىن يىگىت باقماي قويدى ئاڭا ئېچىلىپ،
ۋە قىلمىدى زارلىرىغا قىلچە ئېتىبار.

يىگىت شەيدا بولغان ئىدى باشقا بىر گۈلگە،
ئۇنداق زىبا، بەرنا قىزنى بىر كۆردى ئالەم.
سۆيگۈ رىشتى چىڭ باغلاندى ئىككى كۆڭۈلگە،
كۈننى گۇۋاھ قىلىپ ئۇلار ئىچىشتى قەسەم.

كاۋاپ بولدى كۆك گۈزىلى گويا قوقاستا،
رەشك تىغى پارە - پارە قەلبىنى تىلدى.
كىرپىك قاقماي يەرگە بېقىپ دەپ: ئاھ، ھەسرىتا،
چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاپ سۆيگۈ تىلىدى.

يىگىت ۋىسال كەيپىدە خۇش، ئىدى ھۆر دەۋران،
مەس بولاتتى ئاي رۇخسار يار قىلسا ناز - غەمزە.
ئاشىق - مەشۇق بىر-بىرىگە بەئەينى تەن - جان،
نىچۈك تاقەت بار ھەمىددار بولماي بىر لەھزە.

يارۇ-جانان چىمەن قاشتا ئولتۇرۇپ بىر كۈن،
لەۋلىرىدە توي ئەھدىگە قويۇشتى ئىمزا؛
«ئەمدى سۆيگۈ بېخىمىزنى قىلايلى گۈلگۈن،
ئۆمۈر شاخى ئۈزرە گۈللەر ئېچىلسۇن تازا!»

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ كۆكتە كۆك مەلىكىسى،
ياقىسىنى يىرتىپ يىغلاپ بولدى سەرگەردان.
جان نەھاجەت ئۆزگىگە گۈل بولسا لەيلىسى،
خەنجەر ئۇرۇپ كۆكرىكىگە تۆكمەك بولدى قان.

تىرەلگەن تىغ قولدىن چۈشتى، يەڭدى بىر سەۋدا،
يەرگە چۈشۈپ ئۆتكۈر خەنجەر كەتتى جاراڭلاپ.
مەلىكىنىڭ خىيالىنى قۇچتى خوپ تەبىر،
يۈز - كۆزلىرى ياش پېتىچە كولدى قاقاقلاپ.

www.uyghurkitap.com

توي ئىشىدىن خەۋەر تاپتى يىگىت ئانىسى،
خۇشاللىقتىن يېرىلىشقا ئاز قالدى يۈرەك.
«قۇتلۇق بولسۇن جۇپ كۆزۈمنىڭ ئاقۇ-قارىسى،
سېنىڭ بەختىڭ، شادلىقىڭسىز ماڭا نە كېرەك؟!

بولغان بولسا قېشىمىزدا رەھمەتى ئاتاڭ،
ئاھ، قانچىلىك سۆيۈنەتتى بىز بىلەن بۈگۈن.
جېنىم ئوغلۇم، پىدا هامان بەختىڭگە ئاناڭ،
كۆرەي بولمىش كېلىنىمنى باشلاپ كەل ئۆگۈن.

يا سورالماي، يا بىلەلمەي پىنھان ئويۇڭنى،
تىت-تىت بولۇپ يۈرگەن ئىدىم، يۈرىكىم بالام.
نىمە ئارمان قىلىۋالسام گۈلدەك تويۇڭنى،
ئۇماق نەۋرەم ئېلىپ كېلەر ئۆمرۈمگە بايرام.»

يىگىت كەلدى چاقىرغىلى قىزنى ئۆگۈنگە،
«بېشىم بىلەن مېڭىپ باراي» دېدى ئۇماق قىز.
هىجران پەسلى مۇشكۇل ۋاقىت بەرمەك جۇپ-تۇنگە،
ئاشۇ ئۆگۈن، شۇ قۇتلۇق دەم كەلسە-ھە تېز-تېز!

يىگىت كەلمىش بەختلەردىن بولۇپ غەرق مەس،
بىردەم يۈردى چىمەن قاشتا ئېقىننى بويلاپ.
قاشتا ئۇنىڭدا يېتىپ تاتلىق خىيالدا بىر پەس،
بىردىن چاچراپ تۇردى گويا كىيىكتەك تاقلاپ.

يىگىت هالى پەرىزاتقا بولدى ھەم ئايان،
دىل پەيمانى چېقىلايلا دەپ قالدى شۇئان.
سۇمۇرغ بولۇپ چۈشۈپ كۆكتىن چېكىپ ئاھ—ئەپغان،
يەرگە ئۇسسۇپ دېدى: سۆزۈم ئاڭلا ئەي جانان.

پەيلىڭدىن يان، كۆڭلۈمنى ئال، قاناتىمغا قون،
ئېلىپ كېتەي سېنى جېنىم توققۇز بېھىشكە.
ساڭا ھەرگىز لايىق ئەمەس ئۇ ئەگرى بويۇن،
دىلئارامىم، ئۆيلىنەلمايسەن زادى نېمىشقا؟!

— بەس، تىلىڭ تارت! — غەزەپلىنىپ سىلكىندى يىگىت،
— كۆزدىن يوقال، كەلگەن يولۇڭ بىلەن تېزدىن كەت.
پەرى دېدى: ئەتىدەمنى بىلمىدىڭ، ئېسىت،
ئاھ، ئەجەبمۇ خورلاندىڭغۇ سۆيگۈ-مۇھەببەت.

شۇ سۆزدىن سوڭ ئايلاندى-دە، سۇمۇرغقا پەرى،
چوقۇلاپلا ئالدى كۆزدىن ئىككى گۆھەرنى.
پەرى دېدى كېتىۋېتىپ ئۇچۇپ كۆكسىرى:
— كۆرمەيلا قوي زېمىندىكى شۇ بەدبەشەرنى.

خاتىرجەم بول، سېنىڭ كۆزۈڭ مېنىڭ ئۆزكۆزۈم،
قايتۇرىمەن، تەرسالىقىڭ پۈتسە، جاھىلىم.
ئىككى كۆزۈڭ هاياتىمغا ئۈمىد يۇلتۇزۇم،
كۆيۈپ-كۆيۈپ پىراقىڭدا قالمىدى هالىم.

خەير، خۇش قال، ئەقلىڭگىمۇ بىر كۈن كېلەرسەن،
بەلكى قوقاس بولۇپ چۈشكەي قەلبىڭگە هىجرىم.
قولۇڭ سوزۇپ كۆككە يىغلاپ ۋەسلىم تىلەرسەن،
شۇ چاغ خەستە يۈرىكىڭنى ياشنىتار مېھرىم.

ئەرش قىزى راۋان بولدى شۇ سۆزنى قىلىپ،
بىر جۇپ نۇرلۇق كۆزلىرىدىن ئايرىلدى ئوغۇل.
غەمخان ئانا كۆرۈپ باغرى يۈزىمىڭ تىلىنىپ،
بەدخۇي پەلەك قىسمىتىگە بولدى بىقوۋۇل.

يىگىت دېدى ئانىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ:
— رازىلىق بەر، ئانا ماكان تۇتاي ئەرشتە.
خالىمايمەن ئەمالىقتا بولۇشنى خاراب،
كۆككە بارسام كۆزلىرىمنى بېرەر پەرشتە.

ئانا قىيماي ئايرىلىشقا جىگەر-پۈشتىدىن،
يەتتە ئاسمان يىقىلغاندەك بولدى بېشىغا.
يەر پىرقىراپ نەچچە قېتىم كەتتى هوشىدىن،
ئانار سۈيى دەيسەن قاراپ ئاققان يېشىغا.

دېدى ئانا: مەيلىڭ ئوغلۇم، ئەركىڭ ئۆزۈڭدە،
نېمە چارە، شورلۇق تەقدىر ئوخشايدۇ شۇنداق،
ئاجىز تېنىم چېچەكلەيتتى شېرىن سۆزۈڭدە،
ئاھ ئىلاھىم، كېتىپ قالساڭ قىلارمەن قانداق؟!

ئۆي ئىچىدە يىغا-زارە، ئەلەملىك بىر ھال،
كار قىلمىدى يىگىت ئۈچۈن يىغلاپ يېلىنىش.
«قويۇۋەتكىن، ئانا، مېنى قىلمىغىن ئايال»
شۇ چاغ ئىشىك تەرىپىدىن كەلدى بىر تىۋىش.

كىرىپ كەلدى بىر نۇرانە ئاق ساقال كىشى،
ئىكرام بىلەن ئىككىسىگە ئەيلىدى سالام.
ئەزدى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئانىنىڭ يېشى،
ساقىلىنى سىيپاپ تۇرۇپ قىلدى خۇش كالام:

— مېنىڭ ئىسمىم خىزىر ئىرۇر، ئەھلى كارامەت،
سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ بىچارە مەزلۇم.
بۇ ئىشلارغا ئۇنچىۋالا چەكمەڭ نادامەت،
بارسا بارسۇن، ئۆزىڭىزگە ئەيلىمەڭ زۇلۇم.

پۇتلىرىغا سەجدە قىلىپ خىزىرنىڭ ئانا:
— خۇدا ھەققى، ئوغلۇم ئۈچۈن قىلىڭ بىر چارە، —
دەپ يالۋۇردى، - قانچە يىراق يەر بىلەن سانا،
ئايرىلغۇچە بولۇپ كېتەي تۈمەن مىڭ پارە.

خىزىر دېدى: ئوغلۇم، قانداق ئاڭلاۋاتامسەن،
چىدالامسەن ئاناڭ يىغلاپ قالسا قاراڭغىدىن؟
— ئانام دەپلا كۆزسىز قارىغۇ ياشالايمۇ مەن،
كۆز بىلەن نۇر كەلمەيدۇغۇ قۇرۇق پاراڭدىن.

غەزەپلىنىپ خىزىر قوپتى پېشىنى قېقىپ،
ئانىغا خوش ئېيتىپ ماڭدى ئىشىككە قاراپ.
ئانا ئۇنىڭ پۇتلىرىغا ئالدى ئېسىلىپ:
— رەھىم قىلىڭ، يۈرەك پارەم بولمىسۇن خاراب.

— ئوغلىڭىزنىڭ داۋاسىغا چىقىنالامسىز؟
— بار دۇنيايىم سەرپ بولسۇن قوشۇلۇپ جېنىم.
— ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر جۈپ كۆزنى چىقىرالامسىز؟
— مانا ئېلىڭ كۆزلىرىمنى، ئەزىز مېھمىنىم.

خىزىر دېدى: قېنى ئوغۇل، سېنىڭچە قانداق؟
قارا، ئاناڭ ساڭا ئامراق تولا، نەقەدەر.
جۈپ كۆزىنى ئېلىپ كۆزۈڭ ئورنىغا سالساق،
ئۇ كور بولسا ئۆرۈلمامدۇ باغرىڭغا خەنجەر؟!

ئۇن چىقارماي تۇردى ئوغۇل تىرناق تاتىلاپ،
ئانا تەگلەپ كۆزلىرىنى قىلدى ئىلتىجا.
خىزىر ئېلىپ ئىككى كۆزنى سالدى ئاۋايلاپ،
لاپپىدىلا يورۇپ كەتتى زۇلمەتلىك دۇنيا.

لاپپىدىلا يورۇپ كەتتى زۇلمەتلىك دۇنيا،
ئانا ئۈچۈن يورۇق دۇنيا زۇلمەتتۇر ئەمما.
يۈزلىرىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئوغلىنىڭ ئانا،
دېدى: ئوغلۇم راست كۆردىمۇ كۆزۈڭ، ئېيتقىنا؟

— ھەئە! — دېدى ئوغۇل، — كۆردۈم ھەممىنى تولۇق،
ئەنە دەريا، ئالماس تاج تاغ، نۇرانە قۇياش.
مانا سەنمۇ ماڭا خۇشال قاراپ تۇرۇۋاتىسەن،
دېمەيسەن ھە، مېنى كۆڭلى قارا، باغرى تاش.

— قويە ئوغلۇم، ئۇنداق گەپنى ئېغىزغا ئالما،
سەن كۆردۈڭمۇ، ماڭا ئوخشاش، كۆزۈممۇ ئۆزۈڭ.
ئايرىلمىقىم ئۆلۈم ئىدى، مېنى تاشلىما،
ھەر دەقىقە قۇلىقىمغا ئاڭلانسۇن سۆزۈڭ.

خىزىر غايىب بولغانىدى، كۆرمىدى ئوغۇل،
ئىزدەپ باقتى، تاپالمىدى، كەتكەن نىجاتكار.
يىگىت ناخشا ئېيتىپ راسا ئويىنىدى ئۇسسۇل،
ئانا ئۇنىڭ شادلىقىدىن بولدى بەختىيار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بىر تۈن بىلەن تاماملاندى قاباھەت كەچمىش،
تاڭلا ئوغۇل شاد ھەم ئانا شادتۇر قەۋەتلا.
ئانا ئۈچۈن ئالەم قارا، مۇشكۇلدۇر مېڭىش،
لېكىن ئانا مەيۈسلۈكنى سەزمەس پەقەتلا.

بۇ غەۋغايى ئۆتكۈن ھالدىن ۋاقىپسىز گۈل قىز،
خۇش مۇبارەك قەدەم تەشرىپ قىلدى،
جان ئانا،
پۇلاڭلىتىپ قولىنى دېدى: قىزىم قېنى سىز؟
يۈرىكىمگە تېگمۇۋالاي كېلىڭ، مەرھابا!

كور كۆزلەردىن سەسكەندى قىز، دېدى: ھۆ،ۋايجان،
جىن تەپكەندەك يۈگۈرگەنچە ماڭدى تالاغا.
كۆز ئورنىدىن تەپچىپ چىقتى ئىككى تامچە قان،
ئانا ئاھى لەرزە سالدى تاغۇ-دالاغا.

يىگىت قوغلاپ ماڭدى قىزنىڭ كەينىدىن شۇئان،
ئانا سېزىپ دېدى: قايتىپ كەلگىن جان بالام.
ئەكەلگۈدەك باھارىڭغا ئۇ قىز زىمىستان
ھەم قىلغۇدەك ئىككىمىزنىڭ بەختىنى ھارام.

لېكىن يىگىت بەس، دېگەنچە چىقتى ئىشىكتىن،
قىزغا يېتىپ پەشلىرىنى سۆيدى قۇچاقلاپ.
ھار ئالمىدى ئەركەكلىكى دەشنەم، سىلكىشتىن،
گويا دەمدەر ئۈنلىگەندەك كەتتى بۇقۇلداپ.

— خالمايمەن يىرىڭ كۆزگە كېلىن بولۇشنى،
يا قول يۇغىن مەندىن ۋەيا ئاناڭنى يوقات.
خىيال قىلما ئاناڭ ئۆلمەي ۋەسلىم قۇچۇشنى،
كورنى ماڭا كۆرسەتكىلى قىلمامسەن ئۇيات.

قىز بىر سىلكىپ كەتتى، ئوغۇل تولغاندى قىلدەك،
ئانىسىغا نەپرەتلەندى دەھشەت، بەك دەھشەت.
ھىجرى بەش كۈن ئۆتتى گويا تۈمەن مىڭ يىلدەك،
پۈتتى سەۋر، قىينالدى جان، قالمىدى تاقەت.

قەسەم بەردى يىگىت قىزغا ئايدىڭ كېچىدە،
قىزنىڭ شەرتى: ئانىسىنى كۆزدىن يوقۇتۇش.
— بەجا قىلاي،— دېدى يىگىت،— ئۈچ كۈن ئىچىدە،
مەيلى ۋىسال ئېلىپ كەلسە ئۇندىن قۇتۇلۇش.

ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ئوغۇل،
ئالداپ-سىلاپ ئانىسىنى مىندۇردى ئاتقا.
ئېلىپ كەلدى باياۋانغا بۇ ۋەھشىي ئۇدۇل،
ئەجەل بەرمەك بولدى ھايات بەرگەن ھاياتقا.

بىر بارخاننىڭ يانباغرىنى كولىدى بالا،
ئادەم بويى چوڭقۇرلۇقتا ئازگال قېزىلدى.
سەزدى شۇندا بىر تەقدىرى شۇملۇقنى ئانا،
ئۈندىمىدى، لېكىن كۆڭلى قاتتىق ئېزىلدى.

ئات سەزگەندەك بىر نېمىنى قالدى چىرقىراپ،
تۇياقلىرى توپا سوروپ كۆتۈردى بوغناق.
كىشنەپ كەتتى نەم كۆزدە ئاسمانغا قاراپ،
بىر نېمىلەر دېمەكچىدەك ئات ئالىلقانداق.

ئاتنى باغلاپ قويۇپ بالا پۇتىغا مەھكەم،
ئانىسىنى ئېلىپ كەلدى ئازگال تۈۋىگە.
بىر كوچەپلا ئىتتىرىۋەتتى ئانىنى شۇدەم،
كۆمدى،
توپا تىنىپ چىقتى ئانا بېلىگە.

توپا تولۇپ چىققان چاغدا تاكى گېلىغا،
— توختا بالام!— دېدى ئانا-سۆزۈمنى ئاڭلا،
خوش دەۋالاي، قىلمۇۋالاي مەن ساڭا دۇئا،
ساڭا بەخت، ئۆمۈر، تەۋپىق بەرسۇن ھەق-ئاللا.

خۇشال بولاي، مېنى مۇشۇ يېتى قويۇپ ماڭ،
چىقالمايمەن، ئاغزىمنى سەن ئوچۇق قويۇپ كەت.
مەن ئۆلمەن بەلكى يەنە ئاتماستا بىر تاڭ،
بەختىڭ تىلەپ قىلمۇۋالاي بىر تۈن ئىبادەت.

ئات كىشنىدى، ئات دېگەنمۇ ئەقىللىق جانىۋار،
بىر چىرقىراپ يۇلقۇنۇپلا چاپتى قويۇۋىدەك.
بالا غۇلاپ تاشتىن - تاشقا سوّرەلدى دار - دار،
ئاڭا گويا زېمىن بىلەن ئالماشتى پەلەك.

ۋارقىرىدى: ۋايجان ئانا! ئانا! ئانا! دەپ،
يۈرىكىنى تىتما - تىتما قىلدى ئانىجان.
چۆلدە پاسىق ئۇستىخانلار قالدى بىر - بىرلەپ،
ئات سۆرىگەن ئىزنى بويلاپ ئېقىپ ماڭدى قان.

— ئاھ ئېزىزىم، جىگەر - پارەم، كۆزۈمنىڭ نۇرى،
ئېسىت، ئېسىت! ئۆلۈپ كەتتىڭ بەكمۇ ياش، بالام.
ساڭا تەگدى مەن ئۆلمىگەن قېرىنىڭ شورى،
بولماسمىدى مەن بۇرۇنلا ئۆلۈپلا قالسام.

ئۆمۈر شاخىڭ چېچەك قىسماي، بۇلبۇلمۇ قونماي،
يۇمران نوتا ھاياتىڭنى سۇندۇردى بوران.
قانداق قىلاي، قانداق قىلاي، ئاھ، قانداق قىلاي،
ئاللا بىزنى كۆرۈشتۈرگەي باقىدا چاپسان.

ئاناشۇنداق يىغلاپ - يىغلاپ ئاخىر ئۈزدى جان،
بولدۇق- بولدۇق ياش ئايلاندى قاينام بۇلاققا.
بۇلاق سۈيى ئاقتى قانىنىڭ ئىزىدىن راۋان،
سىماب ئېقىن ئارىلاشتى ئاھ، قىزىل بوياققا.

شۇم ئوغۇلنىڭ ئانا بەرگەن نۇرلۇق جۈپ كۆزى،
چاچراپ چىققان ئىدى تۇلپار قاچقاندا سۆرەپ.
شۇ ئىككى كۆز بولدى كۆللى سۇنىڭ يۇلتۇزى،
ئىنسانىيەت ئىسىم قويدى ئاڭا گۆھەر دەپ.

دەريا بىر پەس توختاپ قىلىپ سۆزلىدى يەنە:
قان ئارىلاشقان ياش بۇلىقى قوشۇلدى ماڭا.
ھالا قان - ياش ئېقىتماقلىق بولدى ئەنئەنە،
ئاقتى مەندە سانسىز يىگىت، تالاي دىلرەبا.

تاشۇلدىن سوڭ مەن سەسكەندىم ئىنسانىيەتتىن،
پەقەت رايىم قالماي قويدى ئاڭا قاراشقا.
شاۋقۇن سالدىم يىغلاپ ئۆتكەن شۇ مۇسىبەتتىن،
پاك ئېقىنىم غەرق بولۇپ كەتتى قان - ياشقا.

مەن تۆرەلگەن چەشمە - بۇلاق ئانىلار كۆزى،
ئاھ، مەرھۇملار ئەۋلادىم دەپ يىغلايدۇ شۇنداق.
سىڭگەن ھامان ئاڭلىنىدۇ ئۇلارنىڭ سۆزى:
«كەپ قىلغىنە، نەسلىمىزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟»

مەن ئۇقمىدىم، دەپلا تېزدىن ئۆتۈپ كېتىمەن،
يوق ھاياتلىق ئەھۋالىنى بىلمىشكە رايىم.
شۇڭا بۇندا دەقىق تۇرماي ئۇقتەك ئۆتۈمەن،
ئۇن ئاڭلاتماس قۇلىقىمغا شاۋقۇنۇم - ئاھىم.

ئاناڭ قانچە كەلمىدىمۇ تۇندە قىرغاققا،
سىڭدى ئىسسىق كۆز ياشلىرى دولقۇنىمغا ھەم.
ئۇ چاغ ئوخشاپ قالغانمىشقۇ ئالەم دوزاخقا،
مىڭ ۋەيلونغا چۆشكەنمىشقۇ ھەر ياخشى ئادەم.

— ئۇلار ئۆتمۈش، ئۇلار كەلمەس ئۆتمۈش، ئەي دەريا،
تەكشى نەزەر سالە بۈگۈن يۇرتۇم قوينىغا.
پەرۋانىلەر نۇر قوينىدا ئوينايدۇ راسا،
بۇلبۇل قىزىلگۈل ئۈستىدە قىلمىدۇ ناۋا.

تاڭدا پارلاپ چىققان كۈندەك جۇشقۇن بۇھاياتە
ھۆر ئىستىقبالغا شەيدا بۇندا يالقۇنلۇق غايە.
تەبىئەتكە گۈل چەكمەكتە تۈمەن مىڭ پەرھادە
بىز قۇرماقچى بولغان جەننەت ئەمەس ھېكايە.

— دۇرۇس! يۇرتۇڭ گۈللىنىپتۇ، ئويغىنىپتۇ ئاڭ،
ئەنە مەكتەپ، تولغان ئاڭا ئوماق باللار.
نۇر ياغدۇرۇپ كېلىۋاتار يىپيېڭى بىر تاڭ،
بۇ خەۋەردىن ياپراپ كېتەر مەرھۇم ئانىلار.

www.uyghurkitap.com

دەريا چۇشۇپ ئۆز قىنىغا ئاقتى ئويناقلاپ،
يەتكۈزمەك بوپ شاد هاياتنى مەرهۇملارغا تېز.
كۆل تاشلىدىم دولقۇنلارغا ئۇنى تارتۇقلاپ،
كۆزلىرىمدىن غايىب بولدى چېچەك هايالسىز.

ئانامدەكلا يېقىن ئىدى كۆڭلۈمگە دەريا،
دەريالاردا ئانىلاردەك سۆيگۈ - مېهرى بار.
ئۇنىڭ غالىب سىهردى كۈچىن بىلمەيتتىم ئەمما،
بولدى پىنهان دەريا ئېيتقان سۆهبەتتىن ئىزهار.

ئانا كۆزى تۆككەن ياشلار دەريا ياراتمىش،
ئانىلارنىڭ مېهرى بىلەن تويۇنغان ئېقىن.
قاراڭ، قىزىل① كۆرۈندۇ گويا قان قېتىش،
قان - ياش دىلنى قىلدى بولغاي دەرياغا يېقىن.

ئاه، ئانىسىز هايات بولماس، بولماستۇر ئەسلا،
بەختىمىزنى تىلەپ كەلدى ئېزىز ئانىلار.
بەهىر بەرگەچ ئانا دەريا، غەمخور ئانىلار،
چېچەكلىدى هايات پەيزىن قۇچقان داللار.

قانچە تۈنلەر كەلگەندۇ - هە، ئانام قىرغاققا،
ئاشۇ مۇدهىش غەلياندا خورلانغاندا ئەل.
سەتەم قۇتراپ دۇچ كەلسىمۇ سۆڭەك پىچاققا،
يېڭىلگەندۇ پەرزەنت مېهرى ئالدىدا ئەجەل.

ئانام — دەريا، دەريا ئانام، ئىككىسى ئوخشاش،
ئۇلار بەردى ماڭا هايات، ئويغاق سەزگۈ - ئاڭ.
سەجدە قىلىپ ئايىغىغا ئىندۇرەمەن باش،
ياراتسام - هە، ئەجرى ئۈچۈن تاڭدىن پارلاق تاڭ!

## VI باب

ۋەيران قىلدى دەريا ئېيتقان تىراگېدىيە،
خىياللىرىم ئېزىپ گويا بولدى سەرگەردان.
تۇرغۇزاي دەپ ئانامغا مەن روهىي ئابىدە،
جان سەمەندەر، مىسلى بۇدەم جىسمىم زورگۇلخان.

بۇ ئالەمدە ئانىغا تەڭ نېمە بار زادى؟!
نېمە تەققاس بولالايدۇ ئانىغا يەككە.
جاۋاب ئىزدەپ خىياللىرىم هەريەرگە باردى،
تاپقانلىرىم لايىق كەلمەي قالدى تىلەككە.

مەغرۇر، قەيسەر هەم بەرداشلىق خىسلەتتە تاغ
ئانىلارنىڭ ئوبرازىنى قىلدى نامايىش.
ئانىلارنىڭ هىممىتىنى مەندە كۆر، دەپ باغ
ئايان قىلدى كۆزلىرىمگە گۈلىستان — بېهىش.

قۇياش سۆيدى جامالىغا شۇنداق يېقىملىق،
نۇر زاهىدۇ - باتىنىنى پاكلىدى، پاك - پاك.

چېهرىگە لىق نۇر تولدۇرۇپ ئاي باقتى ئىللىق،
دېدىم: ئانام باغرىدەك داغ باغرىن كۆرۈپ ئاه!

شام يىغلىدى ئانىمىزنى مەندە كۆرۈڭ، دەپ،
ئاناڭ مەندەك پىداكار دەپ ئۆرتەندى پەرۋان.
ئاناڭ قەلبى بۇدۇر، دەپ ئوت كۆيدى گۈرۈلدەپ،
هېسلىرىمنى غەرق قىلدى دەريادا چۇقان.

مېنى يەنە كۆپ چاقىردى ئاللىنېمىلەر،
جىمى شەيئى بولسام دەيدۇ ئانىغا سۈپەت.
تەپەككۇردىن ئالەم كارۋان تارتقاندەك ئۆتەر،
تۇغۇلغان يەر — ۋەتەن ئوخشار ئانىغا پەقەت.

مەيلى دەريا، تاغۇ - ئورمان ۋەيايەر - ئاسمان،
ئانا ئۈچۈن لايىق سۈپەت بېرەلمەس يەكتا.
ئانا دېگەن جىمى ئەزگۇ جەملەنگەن جاهان،
تەبىئەتتە يوق نەرسىلەر بار ئۇندا هەتتا.

---

① قىزىل دەرياسى.

ئانا دېمەك ـــ ۋەتەن دېمەك، ۋەتەندۇر ئانا،
ئانىلارغا تەڭداش بارمۇ ئۆزگە بىر يەنە.
تۈندە يۇلتۇز، تاڭدا شەپەق پارلىغان ساما
ئانا مېھرى ئالدىدا، ھەي، ئەمەس ھېچ نېمە!

قۇياش بولماي ئاي بولامدۇ، بۇلاقسىز دەريا؟
باغلار چېچەك قىسالامدۇ تاغلار بولمىسا.
نۇرسىز پەقەت سۇ بىلەنلا كۆكلىمەس گىياھ،
بۇلبۇل قىلماس چېچەكسىز باغ قوينىدا ناۋا.

ۋەتەن دېمەك ـــ ئانا دېمەك ئاي، قۇياشى بار،
ھەيۋەت، ھەيۋەت تاغلىرى بار كۆككە تاقاشقان.
يەلپۈنىدۇ كەڭ كۆكسىدە چەكسىز لالىزار،
سۈزۈك مونچاق، كېپىنەكلەر ئاڭا ياراشقان.

تارام ـ تارام دەرياسى بار، ھايات بېغىشلار،
دولقۇنلىنار تومۇرلاردا ئۇنىڭ ئۆركىشى.
ۋەتەن قوينى يۇلتۇزدەك كۆپ باغدۇر دىل خۇمار،
ئەسكە چۈشمەس رىۋايەتنىڭ جەننەت ـ بېھىشى.

ۋەتەن دېمەك ـــ ئانا دېمەك، ئانىدۇر ۋەتەن،
ئانا ۋەتەن بىلەن ئانام بىر جان ھەم بىر تەن.
ۋەتەننى بىز شۇڭا ئانا يەر، دەپ ئۆگەنگەن،
بۇ مۇقەددەس ھېسنى بىزگە ئانىلار بەرگەن.

ئانا ۋەتەن مېھرى سىڭگەن ئانا سۈتىدىن،
كىرسىز دىلغا چىڭ پۈتۈلگەن بۇ ئىككى ئوبراز.
بەرھەق، يوقتۇر ئىللىق مېھىر ئانا مېھرىدىن،
ئىپتىخاردۇر ئانىغا جان بولسا پايانداز.

يالقۇن بەرگەن يۈرەكلەرگە ئانام ئەللىيى،
تۈن ـ تۈنلەردە بۆشۈكۈمدە مۆلدۈرلەپ ياتسام.
پۈشقاق تۇرگەن پۈتلىرىدا ئېتىزنىڭ لېيى،
تويا قونغان لەۋلىرىدە سۆيەتتى ئاتام.

ئاشۇ ئەللەي، ئاشۇ تويا بىلدۈردى ماڭا،
ئانىلارنىڭ، ئانا يۇرتنىڭ خاسىيىتىنى:
ئەجداد ھىدى ئېلىپ كەلدى خىسلەتلىك تويا،
ئەللەي داستان قىلدى ۋەتەن ھېكايىتىنى.

ئاياغ بېسىپ مەن ئىزدىدىم كىندىك قېنىمنى،
شۇ قۇتلۇق قان سىڭگەن يەرنى سۆيدۈم قۇچاقلاپ.
كۆكسۈم يېقىپ يەرگە ئېيتتىم يۈرەك ئەھدىمنى،
تەن ـ تېنىمدە ئاقتى قېنىم قايناپ ۋاراقلاپ.

ۋەتەن ئانام سۈرىتىگە كىردى دىلىمدا،
پەرق ئېتەلمەي قالدىم ئانام بىلەن ۋەتەننى.
بىر ئېتىقاد بولدى بىركەم ئوتتۇز يېشىمدا،
ھەرلەھزە يۇرت مۈلكى بىلدىم جان بىلەن تەننى.

ئانا، ۋەتەن بەردى بىزگە قۇتلۇق ھاياتنى،
چېچەكلەتتى ئۆمۈر باغىن پاك مېھرى بىلەن.
بەردى ئەقىل ـ تەسەۋۋۇردەك سۇنماس قاناتنى،
قانات قاقساڭ ئون سەككىز مىڭ ئالەم ئۆزرەسەن.

ئانا ۋەتەن بىزلەر ئۈچۈن بەردى كۆپ بەدەل،
ئانا بەردى كۆزكى، ئەقلى، قەددى، ياشلىغىن.
ۋەتەن ئىنسان ھاجىتىنى قىلماق بولۇپ تەل،
يۈرىكىدىن ئالتۇنلارنى ئەيلىدى ئېقىن.

ۋاي دېمىدى بۇرغا تېشىپ يارسا باغرىنى،
مەتىن ئۇرسا ئىچ ـ كۆكسىگە بولمىدى خاپا.
بېغىشلىدى ھاياتلىققا ۋەتەن بارىنى،
تەھقىق ھايات پاسبانى يۇرت بىلەن ئانا.

ئانا بەردى بىزگە سۆيگۈ ھەم پاك مۇھەببەت،
كەچمىشلەردىن دەرس بەردى ياشاش ھەققىدە.
دىلغا ۋەتەن ئىشقىدىن ئۇ سالدى ھارارەت،
چىمدىم تويا، ھەركىياھقا ئېيتتى قەسىدە.

بار مۈلكىمىز ئانىلارنىڭ، ئانا ۋەتەننىڭ،
ئاھ، ئۇلارغا نېمە بەردۇق، نېمە بەردۇق ئاھ؟!
ساناپ بولماس، ئۇلار بىزگە بەرگىنى مىڭ ـ مىڭ...
يۈزدىن بىرنى ياندۇرالماي كەلدۇق، دەرىخاھ.

مەن ئانامغا نىمە بەردىم؟
يوقتۇر ھىچ نەرسەم.
مەن بالامغا ئاتا، لېكىن ئانامغا بالا.
پېشانەمگە سۆيۈپ تۇرۇپ دەيدۇ: جان ئەركەم،
قۇلىقىمدىن تۇتۇپ ئۇنىنى سۆيۈپ قويغىنا!

مەن ئانامغا نىمە بەردىم سۆيۈشتىن باشقا؟!
قوللىرىغا قول بولدۇمىۇ، پۇتلىرىغا پۇت؟!
ئادا ئەمەس ئەجرى يۈدۈپ بارسام قۇياشقا،
مەن ئەجرىمدىن بېغىشلىدىم ئاڭا نىچۈك قۇت؟!

مەن ئانامغا، ئانا يۇرتقا نىمە بىرەلىدىم؟!
بەرگەنلىرىم مەدھىيىدۇر، قەسەمدۇر تۈگەل!
مەن ئانامدىن ئانا يەرگە نىچۈك تۆرەلدىم؟!
ئاھ، ئويلايلى،
زادى قانداق ياشىماق ئەۋزەل؟!

سەن ئاناڭغا نىمە بەردىڭ؟!
ئۇ نىمە بەردى؟!
ئاقلاندىمۇ بىر تۈن بىدار چەككەن جاپاسى؟!
ئۇ بىر ئۆمۈر دەردىمىزنى يۈدۈپ كۆتەردى،
بولدۇقمۇ بىز مۆكچەيگەندە يۆلەك ـ ھاسىسى؟!

ئەنە تارىخ، دەريالاردا ئۆتمۈش سۈرىتى،
ئەقلى ئالىي ئەجداد سانى يۇلتۇزغا سانداش،
دانالارنىڭ ئانا يۇرتچۈن چەككەن مىھنىتى
ئەۋلاد روھى ئاسمىنىدا پارلاتتى قۇياش.

دەۋر قىلدى ئۆز ئوقىدا توختىماي زېمىن،
بىر رىتىمدا ئالماشتى ھەم كۈن، تۈن بىتەخىر،
تارىخ شۇنداق تارىخ پېتى تۇرمىدى لېكىن،
يىللار ئەمەس يېڭىلاندى بىرقانچە ئەسىر.

تارىخ بولاي دېدى ئايدا ئادەمنىڭ ئىزى،
ئىنسانلارنى چىللىماقتا قويىنىغا چولپان.
ئوت كەتكەندەك ۋىلىلدايدۇ پەقىرنىڭ يۈزى،
باقسا سوئال نەزەرىدە گاھى ئانىجان.

باقسام ئانام كۆزلىرىگە بىرخىل ئۆتۈنۈش ـ
يېزىپ تەسۋىر قىلىپ. بولماس تەقەززا ـ تىلەك.
كۆزلىرىدىن دىلغا سىڭسەم ئۆرلەپتۇ كۆيۈش،
مەندىن كۈتكەن ئۈمىدلىرى يۈكسەك، بەك يۈكسەك.

ئانا ۋەتەن ئۈمىدىدۇر ئانا ئۈمىدى،
ئەل ـ دىيارنىڭ قايغۇسىدۇر ئانا چەككەن مۇڭ.
قەدەم قويماق قەرز، ئانا قايان بۇيرىدى،
شان ـ نۇسرەتنىڭ مەنزىلىگە باشلار شۇ يولۇڭ!

مەن چۈشەندىم ئانام قەلبى ـ ۋەتەن قەلبىنى،
پارلاق بىر يول كۆز ئالدىمدا سامان يولىدەك،
قول سىلكىيدۇ چىللاپ مېنى ئىقبال سەنىمى،
باشلىرىمغا يۇلتۇزلارمۇ چاچار گۈل ـ چېچەك،

ئانام بەرگەن ئۈمىد مېنى يېتەكلەر ھامان،
ئەتە يەردىن يۇلتۇزلارغا تاخلاپ ئۇچىمەن.
تارىخ دېگەن تارىخ،
ئۆتمۈش ئۆتمۈش ھەرقاچان،
يېڭى تارىخ بەرپا قىلىپ زەپەر قۇچىمەن.

تارىخ دېگەن تارىخ!
ئۆتمۈش ئەگلى جۇل چاپان،
مەن چاپانغا ئەمەس، قادىر ئەجدادقا ۋارىس.
جەندە سۆرەپ چىقساڭ چوقۇم كۈلىدۇ جاھان،
ساھىب روھقا زەر ياقا تون يارىشار قالتىس.

ئەللەيدىكى مۇڭلار ئەينەن ئېسىمدە ھازىر،
ئانام تۆككەن ياشلار تامغان يۈرەكلىرىمگە.
دانا ئېيتۇر، تەدبىرىڭدىن يارىلار تەقدىر،
كۆمۈلگۈسى ئانام زەپەر چېچەكلىرىمگە.

دانىش، باتۇر ئەجداد روھى ئۇستازدۇر ماڭا،
تومۇرۇمدا ئايلىنىدۇ يۈزلىگەن قۇياش.
ئانام كۆزى تۆككەن زىيا ماڭا رەھنامە،
مانا خىزىر مەنزىلىمدە ۋاپادار يولداش.

دەۋران روھى ئىرۇر مېنىڭ خىزىر دېگىنىم،
ئۇ بېغىشلار ھەر لەھزىدە ماڭا غەيۇرلۇق.
جۇشقۇن ھايات ئىچرە يۈكسەكلىنەر تىلىكىم،
ياشلىقىمنى ئۆز ئىلكىگە ئالدى جەسۇرلۇق!

مەن سورىدىم: گۈل قىسارمۇ ئەجرىمدىن تىلەك؟
قەترە سۈتكە لايىق قىممەت ياراتسام ئىدىم.
خىزىر دېدى: بارىكاللا غايەڭگە ئەركەك،
يۈزلۈك ئاياپ كەم يېرىڭنى تېخى دېمىدىم.

خىزىر دېدى: ئوغلۇم، سەندە ئىككى نەرسە كەم
ھەم چاپلاشقان ئىككى نەرسە بولۇپ رودىپاي.
سەندە مۇتلەق جان پىدا روھ، تىغ ئىرادە كەم،
سەن شۈكرىدىگە ھەم ئۆتمۈشتىن ماختىنىشقا باي.

بولمىسا گەر قۇربان بېرىش، جان بېغىشلاش روھ،
تاغنى تۇگۈل داڭگالنىمۇ كۆتۈرۈپ بولماس.
ھەرىكەت بولماي غايە قۇرۇق،
قەسەم دېگەن ھو،
تىنماي ئۇشكە قويغاچ تاشنى تېشىدۇ ئالماس.

خەۋپلىكتۇر ئارتۇق بولسا قانائەت ـ شۈكرى،
ئۇ، روھىڭنى بىخۇد قىلار بولۇپ مەرگىمۇش.
نىچۇك پەرۋاز قىلسۇن بىھوش ئادەمنىڭ پىكرى،
مەستىنىڭ ئىشى سايىسىغا بۇتتەك چوقۇنۇش.

سەندە ئەقىل ـ پاراسەت بار، ئوتتەك يۈرەك بار،
كۆڭگە قەدەم قويغۇدەك ھەم يۈكسەك تىلەك بار.

مەدەتكارىڭ ئاناڭ،
يۇرتۇڭ،
ساڭا يۆلەك-يار،
ئەجرىڭ ئەزىم دەريا بولسا چۆلدە چېچەك بار.

يانپاشلىنىپ ياتساڭ چۈش بار، خىيال بار، غەم بار،
پەقەت ئويدا مەۋجۇت، ئۇڭدا غايىب سەنەم بار،
ۋەسلى، جىسمى يوق سۆيگۈدىن جانغا ئەلەم بار،
ئۇنداق ھايات قىيامىدا قانداقمۇ تەم بار؟!

بۇگەپ ھەقتۇر، ھەرىكەت-بەرىكەت،
ھەرىكەتتە ھايات.
چاڭقاق قانماس مىڭ دەريانى چۈشىدە ئىچىپ،
يېنىڭدا قۇش تۇگۈل پاشا قاقمىغاي قانات،
باغ قىلمىساڭ تاغ باغرىدىن ئۆستەڭلەر چېپىپ.

* *

ئەجدادلاردىن مەدەت ئېلىپ، زاماندىن ئۆرنەك،
ئانا ۋەتەن، ئانا يۇرتنى قىلساق گۈلۈستان؛
ئاپىرىن، دەر ئەزىز ئانا ـــ مېھرىبان يۈرەك،
يۇرتىمىزغا ھەۋەسلىنىپ ئىگىلگەي ئاسمان!

**خادىمە**

ئۇزات مېنى ئىقبالىڭغا ئانا،
ئەي ۋەتەن،
يوللىرىڭغا ئالتۇن، كۈمۈش، ئالماس ياتقۇزاي!
دەشتىڭ تاڭلا بولسۇن مىسلى جەننەتتەك گۈلشەن،
چېچەكلەرگە دۇردانىدىن زۇننارلار ئاساي!

ئۆزلۈك بەرگەن ئەزىز جاننى ساڭا بېغىشلاي،
شۇدۇر ماڭا ئالىي ئارمان، بۈيۈك ئىپتىخار.
سېنىڭ زەپەر داستانىڭغا بىر مىسرا قوشاي،
ئاڭدەك پارلاق، كۈندەك يارقىن، ئايدەك جىلۋىدار!

سېنىڭ ھايات تومۇرۇڭدا قان بولۇپ ئاقاي،
لاۋا دەريا ئېقىنىدەك ھارارەت بىلەن.
ئۆلسەم قۇتلۇق قان تامغان يەر قوينىدا ياتاي،
خاكىم ئەجداد تۇپىسىغا قوشۇلغاي جەزمەن!

ئانا يەردىن قىزىل گۈل بوپ بىخلىنىپ چىقاي،
شاخلىرىمدا پورەك ئاچقاي غۇنچىدە چېچەك،
نەۋرىلىرىم خۇش ھويۇمدىن مېنى تونۇغاي،
گۈل ـ غۇنچەمنى چېكىسىگە قىسار كىبىلچەك!

1990-يىل، فېۋرال.

ئۈرۈمچى

ئەرشىدىن تاتلىق

# ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟

(ھېكايە)

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ ھاۋاسى تۇتۇق، سوغۇق كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، قار شىددەت بىلەن ياغماقتا ئىدى. بۇ يەردە ئېچىلىدىغان پاك - دىيانەتلىك بولۇش چوڭ يىغىنى ئەتە ئېچىلاتتى، يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن مەلۇم ناھىيىدىن يېتىپ كەلگەن مەسئۇل كادىر ئابدۇراخمان ئۇشتۇمتۇت بىتاپ بولۇپ قالدى.

يىغىننىڭ تىببىي خادىمى ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئېغىرلىقىنى بايقاپ، ئۇنى شۇ ئەتراپتىكى چوڭ بىر دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردى. ئىچكى كېسەللەر دوختۇرى ئۇنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— ئەتە ئەتىگەندە ناشتا قىلماي كېلىڭ، قان ۋە كىچىك تەرەتنى تەكشۈرۈپ كۆرەيلى، بىر قۇتا ئالغاچ كېتىپ، سەھەردىكى كىچىك تەرىتىڭىزدىن ئېلىپ كېلىڭ، — دېدى ۋە ئۈستىگە تەكشۈرۈلىدىغان سۈيدۈك قۇتىسى دېگەن خەت چاپلانغان كىچىك بىر قۇتىنى ئۇنىڭغا بەردى. شۇنداق قىلىپ ئابدۇراخمان ئۆزى چۈشكەن ھېلىقى مېھمانخانىغا بوشاشقان ھالدا قايتىپ باردى.

ئۇ تاماقتىن كېيىن ئىنجىقلاپ ياتقىغا چىقىپ، ساق يېرىمنىڭ تايىنى يوق، ئاغرىق يېرىنىڭ ھالى يوق، دېگەندەك يېتىپ قالدى، كاشكى، — دېدى ئۇ ئىچىدە بېشى ياستۇققا تېگىشى بىلەن، — بۇنداق چاغدا ئۆز ئۆيۈمدە بولسامچۇ؟ بالىلىرىمنىڭ ئانىسى باش - كۆزۈمنى سىلاپ، پۇت قولۇمنى تۇتۇپ قوييار ئىدى... ئۇ شۇ ئويلار بىلەن يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

كەچتە ئۆزىنىڭ خورىكىدىن ئۆزى چۆچۈپ كېتىپ ئويغاندى، ئەمما ئاشخانىغا چىقمىدى. ئازىراقلا پېچىنە بىلەن چاي ئىچىپ يەنە يېتىپ ئۇخلىدى. پۈتۈن بەدىنى ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى.

گاھى، گاھى قورسىقىدا قانداقتۇر بىر نېمە مىدىرلىغاندەك قىلاتتى، ئارىلاپ ھۆ قىلغۇسى كېلەتتى، ئەمما زەرداپ سۇدىن باشقا ھېچ نېمە يانمايتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇ پات - پات سېسىق كېكىرىپ قوياتتى. ئۇ ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ بۇنداق ئاغرىپ باقمىغانلىقىنى بىردىنلا ئەسلەپ، كۆڭلى سەل تىندى. لېكىن پۈتۈن بىر كېچىنى ئىنجىقلاپ دېگۈدەك ئا-

ئاران ئۆتكۈزدى.
تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇردى،
ھېلىقى قۇتىنى ئېلىپ ھاجەتخانىغا چىق-
تى، كىچىك تەرىتىدىن ئازراق قاچىلىدى.
چوڭ يەپ - چوڭ ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان
ئاشقازىنى غىزا تەلەپ قىلىپ، بۇچاغدا
ئۇنى خېلى ئالدىراتتى، كەچتە غىزالانماي
يېتىپ قالغانلىقىنى ئەسلەپ تۇرۇپ قال-
دى. قولىدىكى قۇتىغا كۆزى چۈشۈپ، دوخ-
تۇرنىڭ تەلىپىنى يادىغا ئالدى ۋە ئەت-
تىگەنلىك تاماقتىن يالتايدى. ئاندىن دەم
ئېلىش ئۈچۈن بىنانىڭ ئالدىغا چىقتى،
ھاۋا تۇتەك ئىدى. نېمە ئۈچۈندۇر بۇ
ھاۋا ئۇنىڭغا ياقمىدى. شۇنداق بولسىمۇ
بىنانىڭ ئالدىدا بىر دەم تۇرماقچى بولدى.
مېھمانخانىنىڭ ئايال كۈتكۈچىسى ئۆزى
قارايدىغان ئۆيلەرنى تازىلاۋاتاتتى. ئۇ، يان-
دىكى ھۇجرىدىن چىقىپ، قولىدىكى ئۇزۇن
دەستىنىبار سۈرتكۈچ لاتا بىلەن ئابدۇراخ-
مانىنىڭ كارىۋىتىنىڭ تېگىنى سۈرتكەنىدى،
لاتىسى ھېلىقى سۈيدۈك بار قۇتىغا تېگىپ
كېتىپ، قۇتىنى ئۆرۈۋەتتى. قۇتادومىلاپ ئۇنىڭ
ئالدىغا چىقتى. چوكان قۇتىنى كۆرۈپ قو-
لىغا ئالدى، ھوي بۇ سۈيدۈك قۇتىسىغۇ؟!
ئىچىدە ئازراقمۇ قالماپتۇ، سەت بوپتۇ...
ئۇ ئۆز - ئۆزىگە شۇنداق دەپ، ئۇنىڭغا
قاراپ تەڭلىكتە بىردەم تۇردى.
بىردىنلا بىرەر ئۇنۇملۇك چارە ئېسى-
گە كەلگەندەك قۇتىنى ئېلىپ ھاجەتخانى-
غا كىردى. ئىچىنى سۈيدۈك بىلەن تولدۇ-
رۇپ، چاندۇرماي ئۆز جايىغا قويۇپ قوي-
دى. ئۇ، كارىۋاتنىڭ تېگىنى ئاۋايلاپ يەنە
بىر قۇر سۈرتۈپ تازىلاپ قويۇپ چىقىپ
كەتتى.
ئۇنىڭ ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقتى بول-
ماي ئىدى. ئۇ نۆۋەتچىگە ئىشنى ئۆتكۈ-
زۈپ بېرىپ، ئۆزى خاتىرجەم ئۆيگە كەت-
تى، ئابدۇراخمان مېھمانخانىنىڭ قورۇسىدا
بىردەم ئايلىنىپ يۈرۈپ ھاۋا يېدى، كې-
يىن ياتاققا كىرىپ كىيىمىنى يەڭگۈشلىدى.
سۈيدۈك قۇتىسىنى ئېلىپ ماشىنىغا چۈش-
تى، شوپۇرمۇ ئۇنى ھەش - پەش دېگۈچە دوخ-
تۇرخانىغا يەتكۈزۈپ قويدى. ئۇ قولىدىكى
قۇتا بىلەن قەغەزنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە
بەردى. ئۆزى ئىشىك تۈۋىدىكى كۈتۈش
ئورۇندۇقىدا كىچىك تەرىتىنىڭ نەتىجىسى
بىلەن قېنىنى تەكشۈرتۈش نەتىجىسىنى
كۈتۈپ ئولتۇردى. خېلىدىن
كېيىن سۈيدۈك تەكشۈرۈش بۆلۈمىدىكى
سېستىرالار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى
ئۇشقاش چىقىپ، ئابدۇراخمانغا يېنىشلاپ
قاراپ كىرىپ كېتىشتى، بۇئىش ئابدۇراخمان-
غا غەلىتە تۇيۇلدى. مەن قىز - چوكانلار-
نىڭ دىققىتىنى تارتقۇدەك كېلىشكەن يې-
گىت ئەمەسقۇ؟! تەڭنىمدەك يوغان قورسى-
قىم تۈۋەنگە ساڭگىلاپ چۈشكەن، مەڭزىمـ-
دىكى گۆشمۇ پولتىيىپ چىققان، كۆزۈم
پۈرۈلگەن چوڭ ياشلىق كىشىمەن، بۇلار
مېنىڭ نېمەمگە شۇنداق قىزىقىپ قارىدىكى-
نە؟! دېگەنلەرنى ئويلىدى ئۇ ئەجەبـ-
لىنىپ، قان تەكشۈرىدىغان سېستىرا قان
ئېلىش نۆۋىتى كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۇ-
نىڭ قېنىنى ئېلىشقا كىرىشتى، قان ئېلى-
نىپ بولغاندىن كېيىن سېستىرا ئابدۇراخمانغا:
— نەتىجىسى ئەتە چىقىدۇ، — دېدى.
شۇ چاغدا يەنە بىر سېستىرا ئۇ-
نىڭ ئىسمىنى چاقىرىپ، كىچىك تەرەت نەتى-
جىسى يېزىلغان قەغەزنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى.
سېستىرانىڭ نازۇك قولى نېمىشقىدۇ تىترى-

گەندەك قىلاتتى، كۆزى بولسا ئابدۇراخماننى ھازىرلا كۆرگەندەك بۆلەكچىلا ئاياننىچ بىلەن قارايتتى، بۇ قاراشمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئانچە ياقمىدى. بەلكىم ئۇنىڭغا شۇنداق تۇيۇلغاندۇ. شۇڭا ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى سوراشقا پېتىنالمىدى، بۇنداق گۇمانلىق قاراش ئۇنىڭ بايىقى ئوي ـ خىيالى بىلەن بىرلىشىپ كەتتى.

ئۇ قەغەزنى كۆتۈرۈپ دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇنىڭ بەختىگە ئالدىنقى كۈنىدىكى دوختۇر بۈگۈنمۇ ئىشخانىدا بار ئىدى. قەغەزنى كۆرۈپ، دوختۇرنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگىرىپ، غەلىتە بىر تۇسكە كىردى، گەپ ـ سۆز قىلماي بىردەم ئولتۇردى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلىش تەس ئىدى، ئاخىرى ئۇ قەغەزنى كۆتۈرۈپ تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە چىقتى.

— بۇ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى ئەركىشى تۇرسا سىلەر قانداق قىلىپ بۇنداق خۇلاسە چىقاردىڭلار؟! — دەپ سورىدى ئۇ قاتتىق ئەجەبلىنىپ.

— ئامال قانچە، — دېدى تەجرىبىلىك باش تەكشۈرگۈچى، — بىزمۇ بۇ چاققىچە بۇنداق ھادىسىنى كۆرۈپ باقمىغان، ئۇنىڭ كىچىك تەرىتى ئەنە، بىز ئۇنى شۇ پېتى ئايرىم جايغا ئېلىپ قويدۇق. ئۆزىڭىزمۇ بىر قۇر تەكشۈرۈپ كۆرۈپ بېقىڭ.

باش تەكشۈرگۈچى دەرھال ئۇنىڭغا تەكشۈرۈش سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇپ بەردى. ۋىراچ كىچىك تەرەتنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قالدى. ئۇ بۇ نەتىجىنى ئېلىپ ئاياللار كېسەللىنى تەكشۈرۈش بۆلۈمىگە كىرىپ، ئۇلارنىڭمۇ بۇ ھەقتىكى پىكرىنى ئېلىپ باقماقچى بولدى ـ يۇ، شۇ زامانلا بۇ نىيەتتىن ياندى.

ۋىراچنىڭ بېشى ھەقىقەتەن قاتـقانىدى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟! ئەلۋەتتە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ چىقتى، ئۈستەلىگە كېلىپ، يەرگە قارىغىنىچە بىر دەم بېشىنى تۇتۇپ ئولتۇردى. كېيىن تەسلىكتە قەغەزنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا:

— سىلىنىڭ بويلىرىدا بار ئىكەن!

دېدى.

بۇ غەلىتە سۆز ئابدۇراخمانغا بېشىغا چېقىلغان چۈشكەندەك بىلىندى.

— نېمە ... نېمە؟! — دېدى ئابدۇراخمان ئولتۇرغان ئورنىدىن يەل توپقا ئوخشاش قاڭقىپ تۇرۇپ — مېنىڭ بويۇمدا بارمىكەن؟!

ئۇ، دەرھال ئۆيي ئىچىگە قارىدى، غەيرىي ئادەم يوق ئىدى.

— ھە ... ئە ... شۇنداق، تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن قارىغاندا سىلە ھامىلدار! — دېدى دوختۇر ھەيرانلىق بىلەن.

ئۇ مىڭ جىڭ يۈكنى كۆتۈرگەندەك ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى. يۈزى قىزىرىپ ۋىلىلداپ كۆيدى، كۆزىدىن ئۇچقۇنلار چاچرىدى. شۇ ھالەتتە دەلدەڭشىپ مېڭىپ بېرىپ ئىشىكتىن چىقتى. گاھى تامغا يۆلىنىپ، گاھى رىشاتكىنىڭ بالدىقىنى تۇتۇپ دېگۈدەك تۆۋەنگە چۈشتى، ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل مېھمانخانىغا قايتتى. ياتىقىغا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋىتىغا تاشلىدى. ئۇ ئاھ...ئۇھ... بىلەن ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇپ ئېغىنايتتى، بەزىدە ھامىلدار ئاياللارنىڭ كېلەڭسىز قورسىقىدەك ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان كىندىكىنىڭ ئۇستۇن ـ تۆۋىنىنى سىلاپمۇ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ئۇ: راست شۇنداقمىدۇ — ھە، دەپ ئۆزىگە پىچىرلايتتى.

ئۇ بىردەم مۇشۇنداق ئاۋارە بولغانـ

www.uyghurkitap.com

دىن كېيىن، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشقا
باشلىدى، توغرا، سەۋەبسىز توخۇمۇ قونداققا
چىقمايدۇ، كېيىنكى كۈنلـەردە تـۇرلـۇك
كىشلەردىن ھەر خىل يوللار بىلەن كەلگەنـ
لىكى؛ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېرى - بېرىـ
ـسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا پاك - پاكىزە كېكىردەكـ
كە سوقۇۋەتتىم. لېكىن بۇلارنىڭ ئارىسىدا
ماڭا ئوخشاش يېسە ھامىلدار بولـدىـغان
بىرەر گۇمانلىق نەرسە يوقتەك قىلاتتىغۇـھە؟!
بىرەر ھارامزادە مېنى شەرمەندە قىلىـش
ئۈچۈن قەستەن شۇنداق شۇملۇقنى قىلغان
بولسىچـۇ؟! ھەي ئادىمى شەيتان! بۇنى
ھېچنېمە دەپ بولمايـدۇ. ھەي نەپسىم،
ھەي گال، ھېلىمۇ ياخشى، كونىلار سېنى
بىلگەندەكلا «گال» دەپ قويۇپتىكەن. «ئىتـ
تىك» دېگەن بولسا گەپ بار ئىكەن - دە...
ھەي! بۇ كەلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىلا
مەن يالغۇز يېمەدىم - غۇ! چوڭلارغىمۇ كەتـ
تىغۇ؟! ئۆيدىكى باللارنىغۇ كىچىكمۇدەيلى،
ئۇنىڭ ئاپىسىچۇ؟! مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ھېچنېـ
مىدىن خەۋىرى يوق ئادەمدەك بىغەم يۈرمەمـ
دۇ؟! بوپتۇ... مەيلى ئۇنىڭمۇ مۇشۇ كۈنلەردە
قورسىقىـدا بار دەيلى، ئۇنـىڭـغا بۇ ئىـش
ھېچقانداق ئەيىب ئەمەس، چۈنكى ئۇنىـڭ
مەنـدىك ئەل ئىچىدە نوپۇزلۇق ئىبرى بار!
مېنىڭچۇ؟! ئۇنىڭ مېڭىسى بىردىنلا ئىشلەشـ
تىن توختىدى.

ئابدۇراخمان خېلى ۋاقىتقىچە تورۇسقا قاراپ
مىدىر - سىدىر قىلماي ياتتى. ئۇنىڭ كۆزى
ئوچۇقتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئۇلۇكنىڭ كۆزىـ
دەك نۇرسىز ئىدى، ئاغزىمۇ ئابىدالنىڭ
يانچۇقىدەك ئوچۇق ئىدى. بىردەمدىن كېيىن
ئۇ ئېسىنى يىغدى. تۆۋەندىن ھەر خىـل
يوللار بىلەن تۈرلۈك مۇددىئا ۋە مەقسەتتە
كەلگەن ماددىي نەرسىلەر ئىچىدىكى يېمەكـ
لىكلەردىن سۈرلەنگەن گۆش، تاي گۆشى،
كالا ۋە موزاي گۆشى، پۈتۈن - پۈتۈن پاقـ
لان گۆشى، ئۈلار، قىرغاۋۇل، كەكلىك، توشـ
قان، چىل، غاز، ئۆردەك، ھەر خىل تۇخۇملارنى،
ئىچىملىكلەردىن قېمىز، دورىلانغان ئېسىل
ھاراقلارنى كۆز ئالـدىـدىن بىرمۇ بىر ئۆتـ
كۈزدى.

— ئەستەغپۇرۇللا! - دېدى يـوتى ساقـ
لىنى سىلاپ تۇرۇپ ئۈنلـۈك ئاۋازدا، — بۇ
نېمىدېگەن رەسۋاچىلىق! بۇ، ئۇرۇق قىمىزـ
دىمۇ ياكى مەن پىشۇرماي خام پېتى چېلىپ
ئىچكەن تۇخۇملاردىمۇ؟! بۇ نەرسىلەرنىڭ
مېنى بۇنداق شەرمەندە قىلىدىغانلىـقىنى
بۇرۇنراق بىلگەن بولسام ھەرگىزمۇ ئىچمەيـ
دىكەنـمەن. ھەي دەردى بالا نەپسىم، ئىچـ
كەنگە، يېگەنگە تويۇڭ!

ئابدۇراخمان ئىككى قات ئايالنىڭكىدەك
تومپىيىپ تۆۋەنگە ساڭگىلاپ چۈشكەن قورسـ
قـىنى ئېھتىيات بىلەن سىلـىدى، دەل شۇ
چاغدا ئۇنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى
ئۈچىيىدە بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك بولدى.

گۇمان ئىمانىنى قاچۇردى. ئۇنىڭ ئەرـ
ۋايى ئۇچتى، بەدىنى تىكەنلىشىپ، يۈزىنى تەر
باستى، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟! بۇ
سوئالغا ھازىرچە ئۆزى جاۋاب تاپالمىـدى.
ئادەمنى نەس ياكى تەشۋىش باسـسا قولـ
پۇتى، بەزىدە مېڭىسىمۇ كارغا كەلمەي قاـ
لىدۇ. ئۇ ئەنە شۇ ئەھۋالنىڭ نەق ئۆزىدە
ئىدى. ئۇنىڭ باشقا دوختـۇرغا بېرىپ كۆـ
رۈنكىسىمۇ يوق، ئۇ بۇ ئىش ئاشۇ دوختۇر
بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدىلا قالغىنى تۈـ
زۈك، دەيتتى ئۆز - ئۆزىگە. شۇڭا بۇ ئىشـ
نى باشقا بىرسىگە ئېيتىپ مەسلىھـەت ئېـ
لىشقا زادى كۆڭلى تارتمىدى، يېپىقلىق
قازاننىڭ يېپىقلىق تۇرۇشىنى ئەۋزەل كۆرـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دى. بۇرۇن ئاياللارغا سوقا سەندەلدەك بويىنى
كۆرسىتىپ كېرىلىپ، تىكىلىپ ماڭىدىغان
ئابدۇراخماننىڭ ئەمدى بېشى چۈشۈپلا
كەتكەندى.

ئۇ يىغىن باشلىنىپ تۈگىگىچە بول-
غان كۈنلەرنى غەم - غۇسسە، تەشۋىش، ئەن-
دىشە بىلەن بەك بىئارامچىلىقتا ئۆتكۈزدى.
مۇزاكىرىلەرنىمۇ پىكىر قىلماي تۈگەتتى.
يىغىن ئارىلىقىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى
كەلگەنلەرنى «هازىر مېنىڭ تاۋىم يوق!»
دەپ قايتۇردى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرىگە ئاتاپ
ئېلىپ كەلگەن سوۋغاتلىرىنىمۇ بەرمىدى، ئۇ
بۇ يىغىننىڭ تېزرەك تۈگىشىنى كۈتەتتى.
يىغىن ئاخىرلاشقان كۈنى هېچكىم بىلەن
خوشلاشمايلا يولغا چىقتى. بۇ قېتىم خو-
تۇن - بالىلىرىغىمۇ بۇيرۇتما ۋە بازارلىق
ئالماي قايتىۋاتاتتى.

ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئەم-
دى كىشىلەرنىڭ ماڭا بۇنداق بىئاراملىق
تېپىپ بېرىدىغان غەرەزلىك نەرسىلىرىنى
ئالمايمەن، بولۇپمۇ يەيدىغان نەرسىلەرگە
كۆز قىرىمنى سالمايمەن. هۇ نائەھلىلەر،
ماڭا يېگۈزىدىغاننى يېگۈزۈپ بولۇپ، ئۇنىڭ
تاماشىسىنى قاچان كۆرەرمىزكىن دەپ ما-
رىلاپ يۈرىشىدىغانسەن - ھە!؟ قېنى، كىم-
كىمنىڭ تاماشىسىنى كۆرىدۇ، بۇنى كېيىن
كۆرىمىز. ئالدىرىماي تۇرۇش...دەيتتى ئۇ
ئۆز - ئۆزىگە. ئۇھ...ۋايەي... ئەجەب سەت
ئىش بولدى - ھە بۇ! بويۇمدىكى تۆرەل-
مىنى بىچارە ئايالىمغا قانداقمۇ ئۇقتۇرار-
مەن. ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ يۈرىدىغان
خۇش خۇي خوتۇنۇم هازىرقى ئەھۋالىمنى
ئۇقسا قانداق قىلار، ئۆزىنى يوقىتىپ قوي-
ماسمۇ؟! مەن ئەمدى ئۇنىڭ يۈزىگە قان-
داقمۇ قارارمەن! باللىرىمغا نېمەمۇ دەر-
مەن؟! ئەھلى ــ مەھەللە، ئىدارە - جەمئىيەت
كادىرلىرى، مەن بىلەن ھەردائىم باردى-
كەلدى قىلىشىپ تۇرىدىغانلارچۇ؟! ئېسىت،
ھەي - ئېسىت! ھەي بۇ پاك دىيا-
نەتلىك بولۇش چاقىرىقى نېمىشقا بۇرۇنراق
چىقمىغاندۇ. بۇ يىغىن نېمىشقا بۇرۇنراق
ئېچىلمىدى - ھە؟! ئەمدى كېسەلنى
داۋالاپ، ئادەمنى قۇتقۇزىمىز دەپ ئاچ-
قان يىغىننىڭ نېمىمۇ پايدىسى بار؟!

ئۇنىڭ خىيالى يەنە چىگىشلىشىپ
كەتتى، بېشى شۇنچىلىك قايدىكى، ئۆيگە
ساق - سالامەت يېتىپ بېرىشقا كۆزى يەت-
مەي قالدى. ئۇ ئۆزىنى بولغۇسى «ئانا»
قاتارىغا قويغاندا ئۆز - ئۆزىدىن چۆچۈپ
كەتتى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا
روشەنلىشىپ چاقناپ كەتتى. ئۇنىڭ ئېسىگە
كىچىك چېغىدا دادىسى ئېيتىپ بەرگەن بىر
چۆچەك چۈشكەن ئىدى: بۇرۇنقى زامانلار-
نىڭ بىرىدە لوقمان ھېكىم ئىسىملىك دانىش-
مەنلىك ھەم تىبابەتچىلىكتە تەڭدىشى يوق
بىر كىشى ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ بارلىق تې-
ۋىپ - ھۆكۈمالارنىڭ پىر ــ ئۇستازى ئىكەن.
ئالدىغا بارغان ھەرقانداق ساقايماس ئاغ-
رىق، مەرەز بىلەن ئاغرىغان كىشى بولسىمۇ
ئۇنىڭ قولىدا شىپالىق تاپىدىكەن. ئاشۇ لوقمان
ھېكىمنىڭ ئالدىغا يېقىن بىر دوستى ئاغرىپ
ئىششىپ كەتكەن كۆزىنى كۆرسەتكىلى كې-
لىپتۇ، لوقمان ھېكىم دوستىنىڭ كۆزىنى كۆڭۈل
قويۇپ ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ كۆزىتىپتۇ،
كېيىن:

ــ دوستۇم، سىز كۆزىڭىزنىڭ يان
تېرىسى بىلەن پەردىسىنى قولىڭىزدا ھەد-
دىدىن زىيادە ئۇۋۇلاپ - ھىمرىپ زەخىم-
لەندۈرۈپسىز، بۇنىڭغا مۇۋاپىق تەدبىر قول-
لانمىساق، ئاۋۋال كۆزىڭىزنىڭ پەردىسى،

كېيىن قارىچۇقى نابۇت بولىدۇ، — دەپتۇ.

كۆزى ئاغرىق ئادەم بۇنىڭغا جاۋابەن:

— سىزدەك دانا تېۋىپ دوستۇم بار يەردە مەندەك نادانىدا نېمە چارە بولسۇن؟ ھەرنېمە قىلسىڭىز مەيلى، كۆزۈمنى ساقايتىڭ! — دەپتۇ.

بۇ چاغدا لوقمان ھېكىم ئۇنىڭ تومۇرنى تۇتۇپ كۆرۈۋاتقان ئىكەن، ئۇ بىردىنلا تومۇر تۇتۇپ تەكشۈرۈشنى توختىتىپتۇ-دە، جىددىي قىياپەتتە ئۇنىڭغا دەپتۇ:

— دوستۇم، ئىشىڭىز چاتاق، سىزنىڭ بويىڭىزدا بار ئىكەن!

ئۇ، ئادەم ئۆڭۈپلا:

— بۇرادەر، سىز نېمىدەپ بىلجىرلاۋاتىسىز؟! بۇ گېپىڭىز چاقچاقمۇ ياكى مەسخىرىمۇ؟! دانىشمەن ئادەممۇ ئەڭ يېقىن دوستىغا شۇنداق تېتىقسىز گەپ قىلامدۇ؟! بۇ سۆز سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قانداق پاتتى! — دەپتۇ.

— ياقەي! — دەپتۇ لوقمان ھېكىم، — ھازىر مېنىڭ سىزگە چاقچاق قىلىدىغان ۋاقتىم ئەمەس، بۇ ئورۇنمۇ ئۇنداق ئورۇنلاردىن ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا، ئەمدى مەن قانداق قىلسام بولىدۇ؟! دوستۇم، مەن بۇ يۈزۈمنى نەدىمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن! — دەپتۇ لوقمان ھېكىمنىڭ دوستى يىغلىغۇدەك بولۇپ.

— بۇنىڭ چارىسى ئاسان. سىز بىر ھەپتىگىچە قولىڭىز بىلەن قورسىقىڭىزنى ئۈستۈن تەرەپتىن تۆۋەنگە قارىتىپ بېسىپ سىرىپ بېرىڭ! شۇ چاغدا تۈرەلمە يوقايدۇ، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم دوستىغا چۈشەندۈرۈپ.

ئۇ كىشى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىدىن ئىنتايىن پەرىشان ھالدا قايتىپتۇ. بىر ھەپتىگىچە كۆزى بىلەن كارى يوق، قورسىقىنى ئۈستۈندىن تۆۋەنگە سىرىپ بېرىپتۇ، ھەپتىدىن كېيىن لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈنۈپتۇ.

لوقمان ھېكىم ئالدى بىلەن ئۇ كىشىنىڭ كۆزىنى تەكشۈرۈپتۇ. ئاندىن كېيىن تومۇرنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— دوستۇم، سىز تەلەيلىك ئىكەنسىز. كۆزىڭىز ھەقىقەتەن ياخشىلىنىپ، بالدۇرقى ھالىتىگە كېلىپتۇ، — دەپتۇ.

ھېلىقى كىشى ئالدىراپ-تېنەپ:

— بۇرادەر، قورساقتىكى تۈرەلمىچۇ؟! — دەپ سوراپتۇ. لوقمان ھېكىم كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئەسلىدە بۇ سىزنىڭ قولىڭىز بىلەن كۆزىڭىزنى قايتا قاتتىق ئۇۋۇلاپ سالماسلىقىڭىز ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان چارە ئىدى. سىزگە بۇنىڭدىن باشقا ھەرقانداق گەپ-سۆز بۇنىڭدەك ياردەم قىلالمايتتى. سىزنىڭ قورسىقىڭىزدا زادىلا بالا يوق. شۇنداق ۋەھىمىلىك چارە بىلەن سىزنىڭ قولىڭىزغا ئىش تېپىپ بەرمىسەم بولمايتتى. قولنى ھەرقانچە پاكىز دېگەن بىلەنمۇ، ئۇنىڭدا يەنە بەزىبىر زىيانلىق نەرسىلەرنىڭ يۇقۇندىسى قالىدۇ. بۇ نەرسە كۆزىڭىزنىڭ ئىششىقىغا تەگسە، ئۇ، يەر يىرىڭداپ، ئىششىپ، ئىش چوڭىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆز داۋالاپ ساقايتقۇسىز دەرىجىگە بېرىپ قالىدۇ. ئەمدى بولدى، خاتىرجەم قايتىڭ، مېنىڭ بۇ چارەم ياخشى ئۈنۈم بېرىپ كۆزىڭىز ساقايدى! — دەپتۇ.

ھېلىقى كۆزى ساقايغان كىشى دوستى لوقمان ھېكىمدىن بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئۈستىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك خۇ-

شال بولۇپ:

— ئۇھ! ئەمدى مېنىڭ يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. سىز مېنى شۇنداقمۇ ئاۋارە قىلامسىز!؟ مۇشۇ بىر ھەپتە ئىچىدە كېچە-كۈندۈز غەم-ئەندىشە بىلەن ئۆزۈممۇ تۈگۈشۈپ كېتەيلا دېدىم، — دەپتۇ.

بۇ چۆچەك ئابدۇراخماننى يەنە ئويغا سالدى. توختا! لوقمان ھېكىمغۇ دوستى قولىدا كۆزىنى يەنە ئۇۋۇلاپ قويۇپ كېلىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالمىسۇن ئۈچۈن شۇنداق دەپتۇ، بۇ دوختۇرچۇ؟ ئۇ مېنى تونۇمايدۇ، بۇرۇنمۇ كۆرمىگەن، ئۇ مېنىڭ ھېچنېمىدىن يانمايدىغانلىقىمنى بىلىپ قېلىپ سەنمۇ ئالدىڭغا كەلگەن نەرسىنىڭ قايسىسى يوللۇق، قايسى يولسىز، قايسىسى ھالال. قايسىسى ھارام. كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ، گالدىن ئۆتكەن غېنىمەت، دەپ ئاغىماي قارا-قويۇق يەۋەمە! ئۇنىڭغا يەنە بەزى يامان خەرەزلىك كىشىلەر نېمىلەرنى ئارىلاشتۇرغان، بۇنىڭدىن مەقسىتى نېمە؟! سېنى مۇشۇنداق رەسۋا قىلىشمۇ؟! كۆرۈپ بېقىپ يېگىن دېگىنىمۇ-يە؟! ھە... بۇمۇ بىر ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىگۇدەك. بىراق ماگا دوختۇر بۇ گەپنى كىچىك تەرىتىمنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ بەك خىجالەتچىلىكتە دېدىمۇ؟! ئۇنىڭ ئالدىغا ماگا ئوخشاش كېسەلدىن بۇرۇن كېلىپ باقمىغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. ئۇ بەكلا جىددىيلىشىپ كەتتى.

ئۇ بېشىنىڭ ئوقۇلداپ ئاغرىۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمىدى. ئۆيگە يېقىنلاشقانسېرى بېشى ئېغىرلىشىپ تاشتەك قاتتى، كۆزدىكە قاراڭغۇلۇق تىقىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ تونۇش كوچىلارنىڭ بىردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى پەملىدى. بەزى تونۇش كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولدى. ئوغرى گۇمانخور دېگەندەك، بۇلار نېمە دېيىشىۋاتىدىغاندۇ؟! مېنىڭ ئىشلىرىمنى بىلىپ قالدىمۇ-يە؟! دەپ ئويلايتتى ئۇ گۇمان ۋە ئەندىشە ئىچىدە.

بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ كېلىپ بىر-بىرىگە ئۇنى ئىشارەت قىلىپ كۆرسىتىپ: ھە، بىزنىڭ باشلىق ئۈرۈۋەچىدىكى بۇ قېتىمقى يىغىندىن ھامىلدار بولۇپ قايتىپتۇ! دېيىشىۋاتقاندەك قىلىشتى.

ئۇنىڭ قورقۇدىغىنىمۇ شۇ ئىدى. بۇ قورققانغا قوش كۆرۈنۈپتۇ، دېگەندەك ئىش بولدى. شۇدەم ئۇنىڭغا ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق تۇيۇلدى، ئۇ ئەمدى قانداق قىلىشى كېرەك؟!

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

نىياز ئىمىن

# نەسرلەر

## ئۈرۈك چېچىكى

مەن باھارنىڭ ناتىۋان ئەلچىسى. مەن بۇ دۇنياغا باھار ئاپتىپى بىلەن ئاپىرىدە بولغان، شۇڭا مەن ھۆسنۈمگە تولغۇچە سېخى قۇياش ئالتۇن نۇرلىرى بىلەن باش-كۆزۈمنى سىلايدۇ. زۇمرەت ئاسمان مەن ئۈچۈن زەنگەر پەردە تارتسا، باھار قۇشلىرى مەن ئۈچۈن زوق-شوق بىلەن ناخشا ئېيتىدۇ. مەن باغلارنىڭ گۈل تاجىسى، مەن تازا ئېچىلىپ ۋايىمغا يەتكەندە باغلار شاپتۇل چېچىكى كىرىپ كۆڭلەك كىيگەن قىزلاردەك گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. مۇنداق چاغلاردا مەستخۇش بولغان ئوماق قىزلار ئامراق جۈپتىلىرى بىلەن مېنى يانلىرىغا ئېلىپ سۈرەتكە چۈشۈشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىدىنلا ئەمەس، بەلكى ماڭا ئوخشاش ئەلگە مېۋە بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەنلىكىدىندۇر.

ئىنسانلارنىڭ كۈلكىسى بەختتىن دېرەك بەرگىنىدەك، مېنىڭ مەۋجۇتلۇقۇم مېۋىدىن دېرەك بېرىدۇ. بولمىسا ياپراقسىز شاختا مۇنداق ئېچىلىپ تۇرغانىنىڭ نېمە پايدىسى؟ دېمەك مەن مېۋىگە ھامىلدار بولۇپ ياشايمەن. مەن كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاياتىمنى مېۋەم ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سالىمەن، مېۋەمنىڭ خاسىيىتى بىلەن ئۇلارنىڭ سۆيۈپ ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولىمەن. شۇڭا پەرىلەر مېنى ئەتىۋارلاپ چېكىسىگە قىستۇرسا، نازىنىنلار پۇراپ قانمايدۇ، لېكىن ئۇلار ھۆسنى چىرايلىق، ئەمما مېۋىسى يوق ئازغان چېچەكلەرگە كۆز قىرىنىمۇ سېلىپ قويمايدۇ. بۇ ئالەمگە يارالغان مەۋجۇداتلارنىڭ ھاياتى مەڭگۈلۈك بولمىغىنىدەك، مەنمۇ پات ئارىدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلىشىمەن، لېكىن مەن ئۆمرىنى بىكار ئۆتكۈزۈپ، ئاخىرىدا پۇشايمان ئىلكىدە ھەسرەت-نادامەت يېشىنى تۆكىدىغانلارغا ئوخشىمايمەن. چۈنكى، مېۋە مېنىڭ چەككەن رىيازەتلىرىمنىڭ مەھسۇلى، مېۋە-مېنىڭ قەدىر-قىممىتىمنىڭ شاھىدى، مېۋە — مېنىڭ شادلىقىم، لېكىن مەن ھېچقاچان ۋىسال شادلىقىمنى مەنپەئەت تەمەسىگە تېگىشىپ قويغان ئەمەسمەن، شۇڭا مەن ئەجرىم مېۋىسىنىڭ چېكىسىگە چاكىنا نەپ بېزەكلىرى تاقاپ باقمىدىم.

مەن ئاستا يەرگە چۈشكەندە سەپ سېلىپ قاراپ بېقىڭلار، چېھرىمدىن تېخىچە پەخىرلىنىش تۇيغۇسىنىڭ ئوماق جىلۋىسى كەتمىگەنلىكىنى كۆرەلەيسىلەر. مەن گۈللەردەك ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمىسەممۇ نامۇ-نىشانسىز توزۇپ كەتمەيمەن. مېنىڭ شاخ بىلەن خوش-

لىشىشىم مېۋىنىڭ تۇغۇلۇشى ئۈچۈن، شۇڭا مەن بۇ دۇنيادىن ئارمانسىز كېتىمەن. جىسمىمغا ئانا يەر باغرى قۇچاق ئاچىدۇ، مايسىلار يېشىل مەخمەلدىن پايانداز سالىدۇ.

## ھايات پەسلى

قەدىرلىكىم، سەن باھار قۇياشى ئۇپۇقتىن بالقىغاندا باغۋەن چېكىسىدىكى تەر تامچىسىنىڭ كۆمۈشتەك كۆزنى قاماشتۇرغانلىقىنى كۆرگەنمىدىڭ؟ بىز باغلاردا ۋىسال قۇچۇپ يۈرگىنىمىزدە بۇلبۇللارنىڭ چاكىلداپ سايرىغانلىقى ئېسىڭدىمۇ؟ چېچەكلەرنىڭ ئىپاردەك پۇرىقى چاڭقىغان كۆڭلىمىزنى شېرىنلىك بۇلقىنىڭ چەشمىلىرىدە قاندۇرغانلىقىچۇ؟ بىلەمەن، قۇياش نۇرىنى قانغۇچە سۆيگەن ئاشۇ ھال رەڭ چېچەكلەر شەبنەمدەك ساپ تەرىنىڭ ئاپىرىدىسى، شۇڭا پەرىلەر ئۇنى پۇراپ قانمايدۇ، ھەسەل ھەرىسى سۆيۈپ ھارمايدۇ. ئۇ جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىقنىڭ سىماسى.

پاھ، كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ياز كەپتۇ! سۆيۈملۈكۈم ئاڭلىدىڭمۇ؟ كاككۇك سايراۋاتىدۇ. جۇر، باغقا كىرەيلى، گۈللەر يىلتىزىنى سۆيۈپ ئابى كەۋسەردەك ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچەيلى، شادلىق بوستانىدا قاقاقلاپ كۈلەيلى، ئاۋۇ ئانار شېخىغا قارا، ناخشىچى قىزدەك ئىككى يانغا ئىرغىنىپ، ناز بىلەن كاككۇك سايراۋاتىدۇ. ياق، ئۇ باغۋەننىڭ ئەمگىكى بەرپا قىلغان ھايات بېغىغا مەدھىيە ئوقۇۋاتىدۇ. بىلەمەن ئامرىقىم، كاككۇك قۇرۇق شاختا سايرىمايدۇ. چۆلنى يېشىل بوستانغا پۈركىگەن ياز — مەنىلىك ئۆتكەن ھايات پەسلىنىڭ قىران مەۋسۇمىگە ئوخشايدۇ.

قۇلاق سال، كۈز شەپىسى كېلىۋاتىدۇ.

ئىختىيارسىز ھايات پەسلىم كۆڭۈل ئېكرانىمدا گەۋدىلەندى. قارىسام باھار چېغىم كۆز يەتكۈسىز ئارقامدا — يىراق تۇمانلار ئارىسىدا قاپتۇ. ھازىر تازا ياز پەسلىنىڭ چىمەنلىكىدە كېتىۋېتىپتىمەن. ئەقىل كۆزۈم بىلەن ھوسۇل بېغىمغا سەپ سالسام، ئۈمىد شاخلىرىمدا ئەلگە ئاتا قىلغۇدەك تۈزۈكرەك غورىمۇ يوقكەن، شۇڭا يىللار ئالدىدا پۇشايمان دەرياسىغا چۈشۈپ كەتكەن مەجنۇندەك تولغاندىم. باغنىڭ قىممىتى مېۋىدە، ئادەمنىڭ قىممىتى ئەلگە قوشقان تۆھپىسىدە ئەمەسمۇ؟ مەن بۇ دۇنياغا يېگىلى، ئىچكىلى كەلگەنمۇ؟ قېنى مېنىڭدىكى ئىرادە؟ قېنى مېنىڭ ھايات پەسلىمنىڭ مېۋىسى؟ ئەكس سادايىمدىن يەر تەۋرىدى. كۆل سۈيى ئۈگدەپ ياتقان غەپلەت قىرغىقىغا قەھرى بىلەن ئۇرۇلدى. سۆيۈملۈكۈم، ئەمدى ئۇقتۇم، مېنىڭ شىجائەت تۇلپارىمغا ھورۇنلۇق شامىلى دارىپتىكەن. شۇڭا لايغەزەللىك كۆرپىسىدە ئۈگدەپ قاپتىمەن. كۆردۈڭمۇ؟ بېشىمنى سىلكىپ ئۇيقۇمنى ئاچتىم. مەن ئەمدى كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە يېتىپ كېلىدىغان كۈز پەسلىدە، ماڭلاي تەرىم بىلەن ئۈمىد مېۋىلىرىمنى ئەلگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن بېلىمنى مەھكەم باغلىدىم.

## يول

مەن ئۈچ ئاچا يول ئالدىغا كېلىپ، قايسى يولغا مېڭىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. كەينىمدىن گۈپۈرلىگەن ئاياغ شەپىسى ئاڭلاندى. قارىسام توپا - چاڭ توزۇتۇپ، يو-

لۈچىلار كېلىۋېتىپتۇ. ئاشۇلاردىن سوراپ ماڭارمەن، دەپ ئويلىدىم. سەپ سالسام قا-
زاندەك سەللە ئورىغان بىر كىشى بىر توپ ئادەمنى باشلاپ، ئوڭ تەرەپتىكى تۇپا يولغا
چۈشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بېشىغا تەقيې دوپپا كىيگەن، قولىدا ساپايى تۇتقان بىر بوۋاي
كۆرەن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، بوغۇلۇپ يىغلاپ تەلقىن ئېيتاتتى. «ھەي ئەخمەق،
سەن ئۆلمەمسەن؟ جۆرە بىز بىلەن، بۇ يول ئۇدۇل جەننەتكە ئاپىرىدۇ». مەن ئۇ كىشىگە
قارىدىم. ئۇنىڭ يالڭاياق پۇتلىرى سېغىزدەك يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، قاقتەك قورۇلۇپ
كەتكەن يۈزىدە تەسۋىي ئۇرۇقىدەك پىلدىرلاپ قالغان كۆزى ئۈمىد بىلەن چاقنايتتى.
ئاھ بىچارە... دېدىم ئىچىمدە. مەن باقىي ئالەم ۋەھىمىسىگە ۋاقىت سەرپ قىلىش نىيە-
تىم بولمىغاچقا بۇ يولغا مېڭىشنى خالىمىدىم.

بىردەمدىن كېيىن ماتور ئاۋازى ئاڭلاندى. پىرقىراپ كېلىۋاتقان رىقابەت چاقىنى
كۆرۈپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالدىم. زامانىمىزنىڭ ئۈچ دەرىجىلىك بايلىرى ماشىنا، موتې-
ىكلىت، قول ھارۋىسىدا گۈلدۈر-تاراقلاپ، ئۇدۇل ئوتتۇرىدىكى يولغا ماڭدى. ئەقلىم
ھەيران، بۇ يولدا كېتىۋاتقانلارنىڭ پاتاڭلىرى يۇتازىدەك تۇرۇلۇپ كەتكەن، چىرايى
ياغلاپ قويغان توقاچتەك پارقىرايتتى. بىردىنلا ماشىنىغا پىكاپ سوقۇلدى. ئىككى ئادەمگە
بۇ داغدام يولنىڭ نەرى تار كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمىدىم. كابىنكىدىن ئېتىلىپ چىققان
بۇدۇر چاچ يىگىت ساقاللىق ئادەمنىڭ ياقىسىدىن ئالدى. ئۇنىڭ ئامبۇردەك بارماقلىرىدى-
كى ئالتۇن ئۈزۈكلەر كۆز قاماشتۇراتتى. كۆزلىرى چەكچەيگەن ئىككى ئادەم يولنى تال-
ىشىپ بوغۇشماقتا. قول ھارۋىسىدا كېتىۋاتقان كىشى ماڭا قاراپ ۋارقىرىدى: «ھەي ئاداش،
ئۇقەت قىلامسەن؟ ھارۋامغا چىقىۋال، بۇ يول پايدا قەسرىگە تۇتىشىدۇ». ھارۋىدىكى
ئادەمنىڭ گېپى قۇلىقىمغا خۇش ياقتى. قارىسام ئالدىمدىكى يول كۈمۈشتە ياسىغاندەك
كۆز قاماشتۇراتتى، پاساھەت جاغچىسىدەك ئادەمنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. مەن بىر قە-
دەم چامداپ بولىۋاراق ئويلىنىپ قالدىم. مەن نېمىشقا بۇ يولغا ماڭىمەن؟ ئەكس
سادايىمدىن تاغلار تىترىدى، دەريا دولقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. مەن چاقماقتەك تېز
ئۆتۈپ كېتىدىغان ھاياتىمنى ئۇ ئالەمنىڭ ھۆر-پەرىلىرىگە، بۇ ئالەمنىڭ سىرلىق تۇتىيا-
سى — پۇلغا تېگىشمەيمەن، دەپ خىتاپ قىلدىم. شۇ ھامان يۈرىكىم ئادەمنىڭ يۈرىكىدەك
گۈپۈلدەپ سالدى. قانلىرىم ئۇرغۇدى. مەن يەنە بىر يولغا سەپ سالدىم. قورام تاشلار
بىلەن قاپلانغان، يىلان باغرى يولدا كىتاب كۆتۈرگەن ئۈچ كىشى بىر-بىرىنى يۆلەپ
پىيادە كېتىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ چېھرى تاڭ شەپىقىدەك جەزىبىلىك، گەۋدىسى مەخمۇت
قەشقەرى، سەككاكى، فارابىدەك گىگانت ۋە جەسۇر ئىدى. يول مۈشكۈلات تېغىغا تۇتى-
ىشىپ كەتكەن، ئىككى چېتىنى ئوتقاشتەك ئېچىلىپ كەتكەن ياۋا گۈللەر قاپلىغانىدى. ئاس-
مانپەلەك داۋان ئۈستىدە قۇياش نۇرى چاقنايتتى. مەن نادانلىق كېسەللىمىنى داۋالاش
ئۈچۈن ئاشۇ ئىلمىي ھېكمەت داۋىنىدىن مېھرىگىيا يىغىش قارارىغا كەلدىم. شۇڭا مەن
دادىل قەدەم تاشلاپ، مەرىپەت يولىغا قاراپ ماڭدىم. ئاھ، ئادەملەر، سىلەرمۇ مەندەك
مۇشۇ يولغا ماڭغان بولساڭلار بىز دەسسەپ تۇرغان بۇ زېمىندە كېسەل دىيارى بولمىغان
بولاتتى، دەپ ئۇلۇغ — كىچىك تىنىدىم. مەن ماڭغان يولۇمدىن پەخىرلىنىپ، ئۈمىد بىلەن
كۆككە قاراپ قاقاقلاپ كۈلدۈم. تۇرنىلار ئۈستۈمدە پەرۋانىدەك ئايلاندى. زۇمرەتتەك ئاس-
مان نۇر ئىلكىدە چاراقلىدى. ئاۋازىم قۇياشقا سىڭىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئادىلجان تۇنىياز

# كۆڭۈل گۈلدەستىلىرى

(نەسىر)

1

ئەي قىز، قولۇمدىكىنى تارتىنماي ئال! سەن ئىشىكىمنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مەندىن ئۇسسۇزلۇق سورىدىڭ، مەن لام — جىم دېمەستىن، شەربەتلىرى ئېقىپ تۇرغان يوغان بىر ئانارنى ئەپچىقىپ بەرگىنىمدە، سەن ئۇنى قولۇمدىن ئالماي شۈبھە بىلەن تىكىلدىڭ، ئىشەنگىنكى، بىز بۇرۇنمۇ ناتونۇش ئىدۇق، بۇندىن كېيىنمۇ ناتونۇش پېتى قېلىۋېرىمىز. سەن ئۇسسۇزلۇقۇڭنى قاندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن مەن ھەرگىز ئارقىڭدىن قوغلاپ بېرىپ، ئەي يولۇچى، يۈرىكىمنى قايتۇرۇپ بېرىۋەت، دەپ يۈزسىزلىك قىلمايمەن.

ئال ئەي قىز، ئۇسسۇغان بولساڭ قولۇمدىكى بۇ يۈرەكنى خۇددى ئانارنى ئېلىۋاتقاندەك تارتىنماستىن بىمالال ئېلىۋەر!

2

مەن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، پەقەت سېنىڭ كۆزلىرىڭنىڭ باشقىلارنىڭ كۆزلىرىدىن نۇرلۇق ئىكەنلىكىنى، سېنىڭ ئادەتتىكى سۆزلىرىڭنىڭمۇ باشقىلارنىڭ ناخشىسىدىن تەسىرلىك ئىكەنلىكىنىلا بىلىمەن.

مەن مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيمەن، ھەتتا گۈل بەرگىدىكى شەبنەم تامچىسىنىڭ نېمىشقا تىترەيدىغانلىقىنىمۇ، ئاي بىلەن كۈننىڭ نېمىشقا بىر-بىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيمەن.

3

ئېيتقىنا، ئاناڭ ساڭا: ئۇنىڭ كۆزىدىن يىراق بول، كۆزلىرىنىڭ يۈرىكىڭنىڭ بىر تۇتام پاختا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ، دەپ ئاگاھلاندۇرامدۇ؟ داداڭ ساڭا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن پەخەس بول، يۈرىكىڭگە كۆزلىرى بىلەن چوغ تاشلاپ قويىدۇ دەپ جېكىلەمدۇ؟ سەن بۇلاق بويىغا سۇغا بارغىنىڭدا، ئېنىقكى، ئۇلارنىڭ ئەينى چاغدىكى ئىزلىرىدىن پەيدا بولغان نۇرغۇن چىغىرىيوللارنى، ئېقىن بولۇپ ئېقىۋاتقان نازۇك تۇيغۇلارنى، سۇ ئاستىدىكى رەڭلىك تاشلارنىڭ ساڭا قاراپ كۈلۈمسىرەۋاتقىنىنى كۆرىسەن. دولقۇنلار سېنىڭ سۈرە-

تىگىنى تارتىپ، نېپىز پەردىلەرگە ئوراپ چايقىلىۋاتقان چەمبىرەكلەر بىلەن قوشۇپ مېنىڭ قولۇمغا تۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئېقىتىپ كېتىۋاتىدۇ. يالپۇزلار قولىدىكى چىرايلىق ھاۋارەڭ گۈللىرىنى پۇلاڭلىتىپ: ئېيخ قىز، بۇ گۈللەرنى بىزگە كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ دېيىشىدۇ، بىر ياۋا كەپتەر ئالدىمدىكى ئېقىنىدا نازۇك تۇمشۇقىنى سۇ ئاستىدىكى پارقىراق قۇمغا تەگكۈزۈپ سۇ ئىچىشكە باشلىغىنىدا يەنە بىرسى قىرغاقتا قاناتلىرىنى تىترەتكىنىچە ئىچكۆيەرلىك بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىدۇ.

سەن شۇ بۇلاق بويىدا ئۆسكەن بۈك-باراقسان ئالمىدىن سوراپ باق، ساڭگىلاپ تۇرغان قىپقىزىل ئالمىلار ساڭا ئاناڭ بىلەن داداڭ ئۇچراشقان تۇنجى باھارنى — ئۆزىنىڭ زېمىن قەلبىگە ئۇرۇق بولۇپ سېلىنغان كۈننى ئېيتىپ بېرىدۇ.

مۇنىرە خالىق

# قەدەم

كىچىككىنە ئىنىم ئانا تۇپراقتا تۇنجى قېتىم قەدەم باستى. ئەنە، ئۇ ئالدى-كەينىگە دەلدۈگۈنۈپ، تايتاڭلاپ مېڭىپ كەتتى.

مەن ئۇنىڭ قالدۇرغان كىچىككىنە قەدەم ئىزىغا تىكىلگىنىمچە ئىختىيارسىز ھالدا خىيال شاماللىرىغا ئەگەشتىم.

مانا مەن ئۇلۇغ 90-يىللارنىڭ بەيگىچى ياشلىرى قاتارىدا ئەجدادلار ئىزىنى بويلاپ ئۇچقاندەك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتىمەن. شۇ تاپتا ئەجدادلار خىتابى ئارزۇ كۆلچەكلىرىمنى ھەقىقىي ھايات سۈيى بىلەن تولدۇرماقتا. شادلىق لەشكەرلىرى كۆكرەك قەپىسىمگە ئۇرۇلۇپ، يۈرىكىمنىڭ ھاياجانلىق تېپىرلىشى بىلەن بەسلەشمەكتە. مەن يىراق-يىراقلاردا قالغان ئۇنتۇلغۇسىز، ئۆچمەس قەدەم ئىزلىرىمغا ھەم ئەجەبلىنىش، ھەم خۇشاللىق بىلەن نەزەر تاشلىدىم. مەنمۇ خىتاب قىلدىم: ئېھ، ئەجدادلار قەدىمى! مەنمۇ كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن سىلەردەك ئۆچمەس ئىز قالدۇرىمەن. ئىزلىرىم ئەۋلادلارغا ئىلھام، مەدەت ھەم نۇرلۇق چىراغ بولۇپ قالغۇسى.

ئاھ، خىيال شاماللىرى، مېنى نەگە ئېلىپ كەتتىڭلار؟ مەن خىيالدىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ، كىچىككىنە ئىنىمغا قارىدىم. ئۇ، يىقىلىپ-قوپۇپ داۋاملىق ئالدىغا كېتىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا مەزمۇت قەدەم بېسىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن يۈگۈردۈم.

# يېزىنىڭ ئەدىبلىرى

## شائىر ئىمىن ئەخمىدى



ئىمىن ئەخمىدى 1944 - يىلى 4 - ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ ياندۇما يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ مەكتەپنى ئۆز يېزىسىدا تاماملاپ، 1960 - يىلغىچە ۋىلايەتلىك بىرىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ۋە ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە، 1960 - يىلدىن 1962 - يىلغىچە بېيجىڭ مەركىزىي مىللەتلەر ئىنىستىتۇتىدا، 1968 - يىلغا قەدەر بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئۇنىۋېرسىتېتنى پۈتتۈرۈپ 1983 - يىلى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا سوتتا، 1986 - يىلى 11 - ئايغىچە ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومدا ئىشلىگەن. 1986 - يىلى 11 - ئايدا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە يۆتكىلىپ كېلىپ، بىرلەشمە پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولغان، ئۇ هازىر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ۋە بىرلەشمىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئىمىن ئەخمىدى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي هەيئەت ئەزاسى.

ئىمىن ئەخمىدى كىچىك ۋاقىتلىرىدا قىزىق چۆچەك، رىۋايەتلەرگە زوقمەن ئىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىلا دىنىي جەھەتتە چىقارغان ساۋاتى ئارقىلىق «نامەھەق»، «سوپى ئاللايار»، «ناۋائىي»، «خوجا هاپىز»، «هۇۋەيدا»، «قىسسەسۇل ئەنبىيا»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «شاھ مەشرەپ» قاتارلىق كىتابلارنى ئوقۇغان. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە پۇشكىن، لېرمونتوۋ، ئابدۇللا توقاي، ئۆمەر مۇھەممىدى، ئىسمائىل ساتتاروۋ، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى، تېيىپجان ئېلىيېۋ، رەخىم قاسىم قاتارلىق شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشقان.

ئىمىن ئەخمىدى 1959 - يىلى ئۆكتەبىردە «قەشقەر گېزىتى» گە بېسىلغان «ئۆكتەبىر» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىغا كىرىپ كەلگەن. ئۇزۇن ئۆتمەي «سۇ»، «سۈچىمەن»، «كومسومول» قاتارلىق شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. ئۇ 1960 - يىلى بېيجىڭغا ئوقۇشقا بارغاندىن كېيىن مەشھۇر خەنزۇ شائىرلىرىدىن دۇفۇ، لى

بەي، بەي جۇيىي، گومۇرو، زاڭ كېجا، گۇشاۋچۇەن قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى بىلەن تونۇشقان.

ئىمىن ئەخمىدى پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى باھارىغا ئېرىشتى. ھەرقايسى گېزىت-ژۇرناللارغا ئۇنىڭ «مىڭئۆي»، «ئارزۇ بوستانى»، «كۇچا كۆرپىسى»، «بوز تورغاي»، «قەبرە»، «ياشلىقىم سەندە قالسا ئىدى ۋەتەن»، «مېنىڭ قەلبىم دالىلاردا» قاتارلىق شېئىر، داستانلىرى كەينى - كەينىدىن بېسىلدى. «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» (ئا. قەييۇم بىلەن بىرلىشىپ يازغان)، «بەخت ناخشىسى»، «گۈلگۈن دالىلار» ناملىق توپلاملىرى نەشىردىن چىقىپ، جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن شۇغۇللىنىپ، «يەتتە تال سەرەڭگە»، «دۇڭ سۇنرۇي»، «سازلىقتىكى كەچكى تاماق» قاتارلىق قىسقا ھېكايىلارنى، جۇ كېچىننىڭ «شۇي ماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى» رومانىنى (ئەيسا مۇسا بىلەن بىرلىكتە) تەرجىمە قىلىپ، كىتابخانلارغا سۇندى. ماۋدۇن مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن بۇ رومان جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلدى.

ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ئومۇمىي ئىجادىيىتىگە نەزەر سالساق، شېئىر ئىجادىيىتى، بولۇپمۇ لىرىكىلار ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئۇنىڭ داستانلىرىمۇ لىرىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇنىڭ لىرىكىلىرىنىڭ مەركىزىدە ئىنسان گۈزەللىكى چاقنايدۇ. تەبىئەت گۈزەل، پاك، سەممىمىي ۋە مىننەتسىز، شۇڭا شۇ تەبىئەت ئانا تۇغۇپ تەربىيىلەپ چوڭ قىلغان ئىنسانىمۇ پاك، سەممىمىي، مىننەتسىز ۋە گۈزەل بولۇشى كېرەك، دېگەن تۇپ ئىدىيە نۇر چاچىدۇ.


ئىمىن ئەخمىدىنىڭ ئا. قەييۇم بىلەن بىرلىشىپ يازغان «مۆلجەر تاغ بورانلىرى» ناملىق دىرامىسى مەدەنىيەت مىنىستىرلىكى، مەملىكەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتى تەرىپىدىن «ئىتتىپاق» مۇكاپاتىغا ئېرىشىپ، سەھنىلەردە ئوينالغان ھەم تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلگەندىن كېيىن، تاماشىبىنلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

ئىمىن ئەخمىدى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭىچە شېئىرلارنىڭ بەزى ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلدى، يەنى پىكىرنى قېلىپلاشقان، ئۇقۇملاشقان، شوئار ۋە چۈشەنچە دۇرمە ھالەتتە ئىپادىلىمەي، چوڭقۇر ئىچكى ھېسسىيات، سىمۋولىستىك ۋاسىتىلەر بىلەن ئىپادىلەش يولىنى تاللىۋالدى. ئۇ بۇرۇن يازغان «بوز تورغاي»، «مۇقەددەس سېپىل»، «مىلتىقىمنى سىنمىغىن قار» قاتارلىق خېلى كۆپ شېئىرلىرىدىمۇ پىكىرنى مۇشۇنداق ئىپادىلەشكە تىرىشقانىدى. بىز ئۇنىڭ ئىزدىنىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، تېخىمۇ يېڭى، تېخىمۇ مول نەتىجە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com

# شائىر، ئەدەبىي تەنقىدچى ماخمۇتجان ئىسلام



ماخمۇتجان ئىسلام 1947-يىلى 7-ئايدا قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ تەلۋىچۇق دەرياسى بويىدىكى يايلاق يېزىسىدا دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1955-يىلدىن 1963-يىلغىچە باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە، 1963-يىلدىن 1968-يىلغىچە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تىل-ئەدەبىيات پاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن، شىنجاڭ قاتناش نازارىتىنىڭ قەشقەر تاشيول بىرىنچى قۇرۇلۇش ئەترىتىدە ۋە قىزىلسۇ تاشيول باش ئۇچاستكىسىدا تەرجىمانلىق ھەم ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، ئىشچىلار ئويۇشمىسىنىڭ خىزمەتلىرىنى ئىشلىگەن. 1980-يىلى 9-ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكىلىپ مۇھەررىر بولغان. 1982-يىلى «باھار قوشاقلىرى»، 1987-يىلى «يۈرەك كۈيلىرى» ناملىق شېئىر توپلاملىرى، 1988-يىلى «تاڭ شەبنەملىرى» ناملىق ئەدەبىي ئوبزورلار توپلىمى، 1990-يىلى «كاككۇك قونغان تال» ناملىق نەسر، ھېكايىلار توپلىمى ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدىبلىرى» (ئابلىمىت ئىسمايىل بىلەن بىرلىشىپ ئىشلىگەن) ناملىق كىتابىنىڭ 1-تومى نەشر قىلىنغان، بىر قىسىم ئەسەرلىرى «باھار جىلۋىسى»، «توي چاچقۇسى»، «قەشقەر ناۋاسى»، «ئەدەبىي ئىجادىيەت ھەققىدە مۇلاھىزىلەر»، «ئۇيغۇر رومانچىلىقى توغرىسىدا» قاتارلىق كوللېكتىپ توپلاملارغا ۋە ئوتتۇرا مەكتەپ ئەدەبىيات دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈلگەن. «دوستلۇق كۈيى» ناملىق شېئىرى 1981-يىلى ئاپتونوم رايون بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئاز سانلىق مىللەت يازغۇچىلىرىنىڭ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى باھالاش، مۇكاپاتلاش پائالىيىتىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا. «مۇئەللىمىم-ئۇستازىم» ناملىق ناخشا تېكىستى 1986-يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن «كىچىك بۇلبۇل» ناخشا مۇسابىقىسىدە 3-دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ماخمۇتجان ئىسلام ئۆسمۈر چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلىغان. يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە كىشىلەر بوستانلار، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى ۋە ھويلىلارغا جەم بولۇپ ھېكايە، چۆچەك ئېيتىشقاندا، ئۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا قۇلاق سالغان ۋە ئاڭلىغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېسىدە تۇتۇۋېلىشقا تىرىشقان. باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئۆگىنىش، ئەخلاق، ئەمگەك توغرىسىدا ئاددىي قوشاقلارنى توزۇشقا باشلىغان. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن كىتاب ئوقۇشقا بېرىلىپ، جۇڭگو ھەم چەتئەل يازغۇچىلىرى-

نىڭ نۇرغۇن داڭلىق ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ چىققان، بولۇپمۇ پۇشكىن، لېرمونتوۋ، خەمىت ئالىمجان، ئۇيغۇن، ئۆمەر مۇھەممەدى، لۇتپۇللا مۇتەللىپ، نىمشېھىت، تېيىپجان ئېلىيېۋ قاتارلىق شائىرلارنىڭ شېئىر، داستانلىرىنى سۆيۈپ ئوقۇپ، ئۇلاردىن مول بەدىئىي زوق ئالغان.

ماخمۇتجان ئىسلام 1960 - يىلى 6 - ئايدا «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان «مەكتىپىم — گۈلزار بېغىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئەدەبىيات سېپىگە كىرگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگەن ئالتۇن بۆشۈك ئانا ۋەتىنىنى، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نىجاد يۇلتۇزى كومپارتىيىنى، سوتسىيالىزم يولىدا مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ ئالغا بېسىۋاتقان ھەر مىللەت خەلقىنى، ۋەتەن قەھرىمانلىرى ۋە يېڭى، بەختىيار تۇرمۇشنى كۈيلەيدىغان، رېئالىزملىق روھ ۋە يېڭى دەۋر جۇشقۇنلۇقى بىلەن تولغان شېئىرلىرى مەتبۇئاتلاردا ئارقا - ئارقىدىن كۆرۈنۈشكە باشلىغان.

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىل ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «باھارغا يار بىزنىڭ قەلبىمىز»، «سەۋرى قىل، يىگىت»، «ۋەتەن»، «سۆزۈم» «پارتىيە شەنىگە» قاتارلىق شېئىرلاردىن باشقا يەنە «كاككۇك قونغان تال»، «سۆيگۈ خەتلىرى»، «ئۇيغۇر قىزى»، «ياشلىق سىرى» قاتارلىق ھېكايىلارنىمۇ يازغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكىگە خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، ماخمۇتجان ئىسلام شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىغا يۆتكىلىپ، ئىجادىيەتتە كەڭ زېمىنگە ئىگە بولغان، ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتە بېيىغان، چىنلىقتا تېخىمۇ يېقىنلاشقان. «قۇياشقا باققاندا»، «باھارگۈل، ئەسلىدىم سېنى باھاردا» «باھار كۈيلىرى»، «دوستلۇق كۈيى»، «سېنىڭ قەبرەڭ بىزنىڭ يۈرەكتە»، «باھار سۆيگۈسى» قاتارلىق شېئىرلىرى بۇنىڭ روشەن دەلىلى.

شائىر ماخمۇتجان ئىسلام 80 - يىللاردىن باشلاپ ئاساسىي زېھنىي كۈچىنى ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا قاراتقان. ئۇ ئىلگىرى - ئاخىر «ئەدىبنىڭ بۇرچى»، «ئوبزورچىلىقىمىزدىكى بەزى ئېغىشلار توغرىسىدا»، «جانلىق يارىتىلغان ئوبراز»، «ئەلقەم ئەختەم ۋە ئۇنىڭ لىرىك شېئىرلىرىنىڭ بەدىئىي ئالاھىدىلىكلىرى»، «رومانچىلىقىمىزنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى قاراشلىرىم»، «ئىسلاھاتچىغا خاس روھتا يېزىلغان ياخشى ئەسەر» قاتارلىق ئوتتۇز نەچچە پارچە ئەدەبىي ئوبزورىنى ئېلان قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئاجىز ھالقا بولۇپ كېلىۋاتقان ئەدەبىي ئوبزورچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇشقا مۇناسىپ ھەسسە قوشقان.

ئەدەبىي تەرجىمە — ماخمۇتجان ئىسلامنىڭ ئەدەبىي پائالىيىتىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ماخمۇتجان ئىسلام شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدە ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئىرىشىپ ئۆگەنگەندىن باشقا خەنزۇچە ئۆگىنىشنىمۇ ئىنتايىن چىڭ تۇتقان، بىر نەچچە يىل ئىچىدىلا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى مۇستەقىل تەرجىمە قىلالايدىغان سەۋىيىگە يەتكەن. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەدەبىي تەرجىمە بىلەن ئىزچىل شۇغۇللىنىپ، جۇڭگو ھەم چەت ئەل يازغۇچىلىرىنىڭ «قۇياش ئىللىتقان باھار»، «دالىن ۋە شياۋلىن» «قىرىق

www.uyghurkitap.com



بېرىنچى»، «ئابرويى تۆكۈلگەن كاتالىنىنا»، «گۈل نېمشىكە مۇنچىۋالا قىزىل»، «مارىنا بېرىنچى»، «نىقاب ئاستىدىكى مۇھەببەت»، «تەشنالىق»، «نىلىنىڭ غازغا مىنىپ ساياھەت قىلىشى»، «چۈشكۈن ئايال»، «ياش ۋە كۈلكە»، «گۈلخان»، «ھەش-پەش دېگۈچە»، «ئەيىچىلىك شېئىرلىرىدىن تاللانما» قاتارلىق كۆپلىگەن رومان، پوۋېست، ھېكايە، شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلغان. بۇ ئەسەرلەر كىتابخانلارغا مول مەنىۋى ئوزۇق بېرىپلا قالماستىن، بەلكى يازغۇچى، شائىرلار ۋە ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرى ئۈچۈنمۇ ئۈبدان ماھارەت ئۆگىنىش قوللانمىسى بولۇپ قالغان.

ماخمۇتجان ئىسلام ئەدەبىي تەھرىرلىك ساھەسىدىمۇ بەلگىلىك ئەمگەك سىڭدۈرگەن. ئۇ «ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى»، «ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى»، «ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى»، «ئەمىر تۆمۈر كوراگان ھەققىدە قىسسە»، «خارلانغانلار»، «يېزىقچىلىق بىلىملىرى»، «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پىروزا» قاتارلىق نۇرغۇن ئەسەرلەرنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىنى ئىشلىگەن. 1988-يىلى مەملىكەت بويىچە ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى تەھرىرلىك نۇقتىسىدىن باھالاشتا ئۇنىڭ «يېزىقچىلىق بىلىملىرى» ناملىق كىتابى 2-دەرىجىلىك تەھرىرلىك مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ماخمۇتجان ئىسلام جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ، جۇڭگو ئازسانلىق مىللەت يازغۇچىلىرى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، جۇڭگو خەلق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ئەزاسى. كاندىدات ئالىي مۇھەررىر. ئۇ 1989-يىل 1-ئايدىن باشلاپ «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلەۋاتىدۇ.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ئىلاۋىسى:

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شۇجىچۇسى يېقىندا ئۇيغۇر ئەدىبلەردىن مەھەممەت شاۋۇدۇن، ئىمىن ئەخمىدى، ماخمۇتجان ئىسلام، ئارسلان قاتارلىق تۆت نەپەر يولداشنى جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلدى. ژۇرنىلىمىزنىڭ بۇ سانىدا ئۇلاردىن ئىككىيلەننى تونۇشتۇردۇق.

# قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن

جاڭ گۇيتىڭ (خۇيزۇ)

## ۋەتەنگە مەدھىيە

داپ ۋە نەيگە دومبىرانى جور قىلىپ چالسام راۋان،
شاد-خۇراملىقتىن سەھەرپە ئاچتى ئىلھامىم شۇئان.
توقسىنىنچى يىل بېشىدا كەلدى تۇنجى نەۋ باھار،
ئېيتىمەن ناخشا ۋەتەننى تائەبەد بول دەپ ئامان.

بىز ئەزەلدىن بىر ئانا پەرزەنتى، قوشماق، جان-جىگەر،
مېھرىبان سۆيگەن دىيار بەرگەچكە ئاش، سۇ ھەممە نان.
ھەم ھاياتلىق، ھەم ماماتلىقتا قوشۇلدۇق ئەتە-كەچ
تەڭرىتاغنىڭ قۇچىقىدا نەچچە مىڭ يىل يانمۇيان.
ياندى تارىخ ساھىلىدا سان-ساناقسىز جەڭ ئوتى،

يەڭ شىمايلاپ ئۆتتى قانچە قەلبى بىر مەرد-قەھرىمان.
جەڭگە چۈشتۇق بىزنى پارە ئەيلىگەنلەر دەستىدىن،
زەربىمىزدىن شۇم رەقىبلەر بولدى تەسلىم، بەردى جان.
بىرسىنىڭ ئىشقىڭدا يامغۇردەك تۆكۈلدى ياش ۋە تەر،
ئۇينىتىپ باققان بېغىڭغا لالە رەڭلىك ئاقتى قان.
ئانا تۇپراق بىرلىكىگە قىلدى ئەجداد جان پىدا،
گەۋدىسىدىن تام سوقۇپ، ئەۋلادلىرىغا قۇچتى شان.
ھەر تىنىق، ھەربىر قەدەمدە قوش يۈرەكنىڭ رىشتى بار،
نەچچە مىللەت قىز-ئوغۇلنىڭ بەختى سەندىن ھەر قاچان.
يېڭى جۇڭگو بىزنى ئوخشاش ئالدى ئىللىق باغرىغا،
ھەرنە ئارمان، غايىنى قىلدىڭ بالاڭغا ئەرمىغان.
بىزگە تەڭلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمنەپەسلىك بولدى يار،
بىزنى روناق تاپسا، كۈچلۈك بولسا دەپ يۈردۈڭ ھامان.
بىز ئېرىشكەن ھەر زەپەردىن كۈلكە تاپتى يۈزلىرىڭ،
ھەر نەتىجە نۇرغا رەڭداش، بولدى ھۆسنۈڭدىن ئايان.
ھۆر-پاراغەتتە خەتەرنى ئويلىماسلىق كۆپ خەتەر،
بۇ قەدىم سۆزلەرنى ئۇنتۇش بىز ئۈچۈن زىنھار يامان.
كۆكتە دائىم تاڭ قۇياشى، ئاق بۇلۇت بولغان ئەمەس،
يىغلىتۇر گاھى تۇيۇقسىز سوغ ئېقىم، مۇدھىش تۇمان.
يولدا بەزەن گۈل ۋە شادلىق، بەزى چاتقال، بەزى دۆڭ،
قىلمىساڭ پەرۋا، چىرايىڭ سارغىيىپ بولغاي سامان.

uyghurkitap.com

ئابى كەۋسەر سۈلىرىڭدۇر تەنگە قۇدرەت، ئەلگە كۈچ،
كۈنگە ئوخشاش ھەممىتىڭدىن بىزگە قايىل كەڭ جاھان.
بىزنى چوڭ قىلدىڭ كىچىكلىكتىن قاتارغا تۇرغۇزۇپ،
سال نەزەر، ئۆسمەكتىمىز بۇ يۇرتتا زەپمۇ شادىمان.
بىزنى بۈركۈت چاغلىغىن، پەرۋاز ئۈچۈن قاقتۇق قانات،
ئەمدى ئاسمانغا بولالماس جۇت-بورانلار ھۆكۈمران.
بىزنى يايلاق بىل ئەگەر، ھەربىر گىياھ قەلبى دېڭىز،
بىر ساداقەت مەيدىنىدە لالە يەڭلىغ بىپايان.
بىز ئەزم دەريا، ئىبدىرلىق تامچىمىز گۈل تاجىسى،
ئايىغىڭغا باش قويۇپ دولقۇن ياسايمىز بىگۇمان.
بىز ئىگىز تاغلار كەبى ھەمدەم بولۇرمىز ھەر مىنۇت،
بۇ مۇقەددەس چېگرا بەختىگە ئۆمۈرلۈك پاسىبان.

توقسىنىنچى يىل بېشىدا كەلدى تۇنجى نەۋ باھار،
ئېيتىمەن ناخشا ۋەتەننى تائەبەد بول دەپ ئامان.

ئىمىن ئەخمەدى تەرجىمىسى

ئاتىكەم زەمىرى (تاجىك)

## باھار ئىلھامى

ئىپار چاچقان باھار شامىلى
يەلپۈپ ئۆتەر سىكىلەكلەرنى.
كۈلكە تۆككەن رەڭمۇرەڭ گۈللەر
مەپتۇن قىلار كېپىنەكلەرنى.

باھار بىلەن جانلىنار زەپمۇ
ئانا زېمىن، ئانا تەبىئەت.
قونۇپ قاپتۇ چىمەن قىرغاققا
ئالتۇن شولا، ئالتۇن مۇھەببەت.

ئاشىقانە باقتىم جاھانغا،
چېچەك تەردىم، گۈللەرنى تەردىم.
باھار مېنى شائىر بول دېدى،
مەيلى دېدىم، قەلەم كۆتەردىم.

## پارچە

بەزىلەر دوستىمەن دەپ يۈرمىگەن بىلەن، بەزىلەر «دوست» كەبى سىرداشقان بىلەن.
شادلىقىڭ، قايغۇڭغا تەقدىرداش ئىكەن. ئالدىڭدا گۈل ئىكەن، كەينىڭدە تىكەن.

بۇ ساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى مەمتىمىن بارى



# بىر سىقىم تۇپراق

تۇرغانباي ئىلەچىبېك (قىرغىز)

(ھېكايە)

بىزنىڭ بۇ يەرنى تاغلار قورشاپ تۇرىدۇ. يىلنىڭ قايسى مەۋسۇمى بولمىسۇن ئاقباش تاغ چوققىلىرى كۈن نۇرىدا چاقنىلىپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ. تەپتەكشى سوزۇلۇپ ياتقان قاتار تاغلارنىڭ ئارىلىرىغا ئاۋۇل - قىشلاقلار جايلاشقان بولۇپ، ئۇ يەردە ھەر مىللەت كىشىلىرى ياشايدۇ. مانا شۇنداق ئاۋۇلنىڭ بىرسى ئەرمەنبۇلاق.

ئەرمەنبۇلاققا قوشنا مەملىكەتلەردىن تۇغقان يوقلاشقا كەلگەنلەر توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بۇ يەردىكى ئادەملەر ئادەتتە چارۋىلار ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئەھۋالى، بۇغا - ماراللارنىڭ كۈنسېرى ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى، ياكى بولمىسا كىملەرنىڭ بوزاخور، ھاراقكەش ئىكەنلىكى، كىملەرنىڭ بىر ئولتۇرۇشتا قانچىلىك گۆش يەۋەتكەلەيدىغانلىقى، قانچە ئاپقۇر قىمىز ئىچىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پاراڭلار بىلەن بىكار ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتەتتى.

قوشنا ئەلدىن تۇغقان يوقلاپ كېلىدىغانلار توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا بايىقىدەك ئەپقاچتى پاراڭلار نەلەردە قېلىپ، ھەممىلا كىشى شۇ ھەقتە غۇلغۇلا قىلىشتى.

— قىمىنداي موماي بالىسى بەردىگە بىلەن بىللە كېلىۋېتىپتىمىش.

— ئۇ تېخى ھاياتمىكەن؟

— ھايات بولغاچقا كېلىدۇ - دە.

— نەزامانلاردىكى ئايال ئۇ. ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خەۋەر خاتا بولمىسۇن دەيمىنا؟

— ھوي، راست ئىكەن، شەھەرگە بارغانلار كۆرۈپتۇ، بەك تېتىكمىش. ئوغلىنى قايرىپ قويۇپ، ئۇچرىغانلىكى قىرغىزغا سىنچىلاپ قاراپ، ئەرمەنبۇلاقتىن كەلگەنلەر بارمۇ، دەپ سوراپ يۈرگۈدەك تېخى.

— يېشى توقسانغا بېرىپ قالدىغۇ دەيمەن.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ــ ئېشىپمۇ كەتتى، قىزى جۇرما چېغىدا قېرىغىنىدىن مۆكچىيىپ، ئولتۇرسا قوپالماس بولۇپ قالغان تۇرسا.

شۇ خىلدىكى گەپ ـ سۆزلەر ئۇ مومايىنىڭ ئېتىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلار ئارىسىدىلا ئەمەس، پۈتۈن ئاۋۇل خەلقى ئارىسىدا دەبدەبىلىك ھاياجان قوزغىۋەتتى. مومايىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، ئەۋرە ـ چەۋرىلىرى مومايىنىڭ ئالدىغا كېتىپتۇ،دېگەن گەپ تارقالدى. بۇ خەۋەر زېرىكىپ تۇرغان ئادەملەرگە ئەرمەك بولدى. پۈتۈن ئاۋۇل خەلقى قوزغىلىپ، مومايىنىڭ ئالدىغا ئاتلاندى. بوۋايلار ئات ئۈستىدە قىممىنداي موماي توغرىسىدا سۆزلەشكەچ ماڭسا، يەنە كىملەردۇر ئۆزلىرىنىڭ ئاتىلىرىنىڭ نەسلىنى، يۇرۇشلىرىنى ماختىشاتتى.

ــ مەن ئەرمەنبۇلاق بويىدا تۇغۇلغان، قېرىغاندا كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەرنى تاشلاپ نەگە بارىمەن، دەپ كۆز يېشى قىلغانىدى، لېكىن ئۇنى ئوغلى بەرىدىگە ئۇنىماي تۇرۇۋېلىپ ئېلىپ كەتكەنىدى،ــ دېدى سېرىق ۋە سېمىز كەلگەن بىر بوۋاي.

ــ ئۇ زامانلار تولىمۇ تار زامانلار ئىدى. قىممىنداي مومايىنى كېتىدىكەن دەپ ئاڭلىغان ئاپام مېنى ئەگەشتۈرۈپ خوشلىشىشقا بارغانىدى، موماي مېنىڭ قولۇمدىن سۆيۈپ، ئاپام بىلەن قۇچاقلىشىپ يىغلاپ خوشلاشقان، ئەسلىپ تۇرارسەن دېپ ئاپامغا بىر تال ئۈيمىقىنى بەرگەنىدى. شۇ چاغدا «يەتمىش ياشتىمەن» دېگىنى ئېسىمدە،ــ دېدى ئېتىنى يورغىلىتىپ كېتىۋاتقان قىزىل يۈزلۈك بىر كىشى.

ــ مەن ئۇ چاغدا ئاۋۇل ئاكتىپى ئىدىم، ئاپامنى كۆرۈشۈۋېلىشقا ئەۋەتمىگەنىدىم. كېيىن ئاڭلىسام قىممىنداي موماي خاتىرە بولسۇن دەپ قىزلىرىدىن ئىككى تال يىڭنە ئەۋەتىپتۇ، مەرھۇم ئاپام ھەر دائىم شۇ توغرۇلۇق تاپا قىلىپ كايىپ يۈرگەنىدى، ــ دېدى چاچ ـ ساقىلى كۈل رەڭگە مايىل، مەمەدانىراق كەلگەن ياداڭغۇ بىر بوۋاي.

بىز يىراقتىن كېلىۋاتقان مومىسىنىڭ ئالدىغا كەتكەن چوڭ توپقا ئۇلار توغرا ئېقىندىن ئۆتۈۋاتقان چاغدا يېتىشىۋالدۇق. ئۇلار ناھايىتى جەمەتلىك خەق ئىدى، بىزنىڭ قوشۇلۇشىمىز بىلەن بۇ توپ تېخىمۇ زورىيىپ كەتتى.

قۇرغاق توپا يولدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق چاڭ ـ توزان كۆكنى قاپلاپ، توپنىڭ ئارقىسى قېلىن توپا ـ تۇمان ئىچىدە قالدى. بىركەمدە يىراقتىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان ماشىنىنىڭ قارىسى كۆرۈندى، بىزنىڭ توپىمىز تىزگىن تارتىپ جايىدا توختىدى. شۇ ئارىدا ماشىنىمۇ يېتىپ كەلدى. قارىساق دەرۋەقە شۇلار ئىكەن. كىمدۇر بىرى چاچلىرى كۈمۈشتەك ئاقارغان، قورايدەك ئورۇق ۋە ۋىجىك بىر قارا موتۇق مومايىنى كەپىنىكىدىن يۆلەپ چۈشۈردى. بىزنىڭ توپىمىزدىن ئىككى ئۈچ موماي «ئاپا...» دېگىنىچە يۈگۈرەپ بېرىپ ھېلىقى ئاقباش مومايىنىڭ ئالدىغا يىقىلدى. بۇ مومايلار قىممىنداي مومايىنىڭ قىزلىرى ئىكەن.

ــ بارمۇسەن، قارىچۇقۇم، ئامان كەلدىڭمۇ جان ئاپا...! ــ دېگەن بوزلاشلار كۆكنى تىترەتتى.

ــ ئۇسسۇزلۇق بېرىڭلار!ــ دېدى كىمدۇر بىرى.

— ئۇ چوڭ ئانىمىز تۇغۇلغان يېزىنىڭ تۇزى تارتقاچ ئۆز يېزىسىگە ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى.

— ئۆپكە قېقىۋېتىڭلار، — دېدى يەنە بىرى. شۇ ئارىدا كىمدۇر بىرسى ئالغاچ بارغان سېرىق ئۇغلاقنى بوغۇزلاپ، ئۆپكىسىنى سۇغۇرۇپ تەييار قىلىپ تۇرغانىدى. ئۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، قېرىغىنىدىن غورۇلايدەك كىچىكلىدەپ كەتكەن مومايىنىڭ غولىغا ۋە مومايىنىڭ ئاللىقاچان بوۋاي بولغان ئوغلىنىڭ غولىغا ئۇغلاق ئۆپكىسىنى قاقتى، ئاندىن ئۆپكىنى تاشلىۋەتتى. ئاۋۇل خەلقى مومايىنىڭ ھۆرمىتىگە ئۇغلاق تارتىپ ئاۋۇل تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىشتى، ھايت-ھۆيت دېگۈچە توپ شالاڭلاپ قالدى. مەن قىمىنداي مومايىنىڭ جيەنىنىڭ جيەنى بولغىنىم ئۈچۈن ئۇرۇق-تۇغقانلار بىلەن مومايىنىڭ قېشىدا قالدىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مىنگەن ئېتىممۇ ئۇغلاق تارتىشقا يارىمايتتى، ئاتلىق جامائەت يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن قىمىنداي ئانىمىز بىلەن بىر-بىرلەپ تىنچلىق-ئامانلىق سوراشتۇق. مەن مومايىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۆزۈمنىڭ كىملىكىنى ئۇنىڭغا تونۇشتۇرغاندا، موماي:

— ئەلىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار، دېيىشىدۇ، سىلەر ياشلارنى دېگەندەك پەرق ئېتەلمەيمەن، ئامان بولۇڭلار، — دەپ تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قولۇمنى سىلىدى، پېشانەمگە سۆيۈپ قويدى. مومايىنىڭ لەۋلىرى يۇمشاق ۋە سوغۇق ئىدى، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قارىچۇقى پىلدىرلاپ قالغانىدى. بىز ئولتۇرۇپ، ئاللايتەن ئېلىپ كەلگەن قاتتىق-قۇرۇقلارغا ئېغىز تەگكۈزگەندىن كېيىن، ئاۋۇلغا قاراپ يول ئالدۇق. مېنىڭ ئېتىم ماشىنىدىن ئۈركۈمەيتتى، شۇڭا مەن ئاستا كېتىۋاتقان ماشىنىغا ياندىشىپ كېتىۋاتاتتىم، بىز توغرا ئېقىنىغا يېتىپ كەلدۇق، ماشىنا توختىدى، بىر كەمدە موماي قولىنى سىلكىپ ئىشارەت قىلدى، مەن ئۇنىڭ يېنىغا باردىم. موماي ماڭا قاراپ:

— ئوغلۇم، ئاۋۇ سۇدىن بىر ئاپقۇر ئېلىپ بەرگىن، بىر ئوتلىۋالاي، ئاپام كېچىپ، ئاتام ئىچكەن سۇ ئەمەسمۇ... — دېدى پەس ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، مەن ئاتتىن چۈشۈپ مومايغا بىر چاشكا سۇ ئېلىپ بەردىم، موماي تىترىگەن قوللىرى بىلەن چاشكىنى ئېلىپ، مۇزدەك سۇنى ئاجايىپ ھۇزۇرلىنىپ سۈمۈردى.

— سوغۇق سۇ بەرمە! — دەپ چۇقۇراشتى ئەتراپتىكىلەر ماڭا قاراپ.

موماي سۇنى ئىچىپ بولۇپ، ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن لەبلىرىنى سۈرتتى، راھەتلىنىپ ئۇھ تارتتى ۋە:

— كۆيۈپ تۇرغان يۈرىكىم بىر ياشاردى، خاسىيىتىڭدىن ئايلىناي تاغ سۈيى، مۇشۇ سۇنى دەپ كەلسەم، بەرمە! دېيىشكىنىنى قاراڭلار، كۆپ ياشا، بالام، مەندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگىن... — دەپ ماڭا دۇئا بەردى ئۇ.

* *

ئەرمەنبۇلاق ئاۋۇلىدىكى ئەرمەكبايىنىڭ ئۆيى مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن بېرى بۇنچىلىك قىزىمىغانىدى، ماشىنا ئىشىك ئالدىغا يېتىپ كېلىشىگە تۇشمۇتۇشتىن ئادەملەر يىغىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر يىراقتىن كەلگەن مومايىنى تۆردىكى قاتمۇقات كۆرپىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى. ساماۋارلارغا ئوت يېقىلىپ، ماللار سويۇلدى. بەجايىكى توي بولۇۋاتقاندەك ئىدى، داستىخان سېلىنىپ چاي ۋە تات-

www.uyghurkitap.com

لىق - تۇرۇملەر تارتىلدى، چايدىن كېيىن مومايغا سالام بەرگۈچىلەر بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى مومايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتتۈشتى. ئاۋۇلدا 70 — 80 ياشتىن ئاشقانلار كۆپ ئەمەس ئىدى.

— مېنى تونۇدىڭىزمۇ چوڭ ئانا...

— قارىپ ئاتىنىڭ ئەۋلادىدىن ئوخشىمامسەن، ئاۋازىڭ ئوخشاپ تۇرىدۇ.

— تاپتىڭىز، شۇ كىشىنىڭ نەۋرىسى بولىمەن...

— دۇرەك ئاكىنىڭ باللىرى ئوخشايسەن، ئاۋازىڭ گۈركىرەپ چىقىۋاتىدۇ.

— ھە... شۇ ئادەمنىڭ كىچىك ئوغلىمەن.

— بۇ چوڭ ئانامنىڭ چىچەنلىكىنى قارا، ھەممىسىنى دەل تېپىۋاتقىنىنى...

— كونىلار ئەقىللىق بولىدۇ ئەمەسمۇ.

ئۇشمۇ تۇشتىن مانا مۇشۇنداق سۆزلەر ئاڭلىنىپ تۇراتتى. موماي بىلەن ئامانلاشقانلار سەل سىلىككەندىن كېيىن، قىمىنداي مومايى ئۆز كۆڭلىدىكى ئادەملەرنى بىر - بىرلەپ سورىدى، مومايىنىڭ قىزى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى مومايغا ئىزىپ چۈشەندۈرۈپ ئولتۇردى، قازا قىلغانلارنىڭ ئىسمى چىققاندا قىمىنداي موماي:

— ئىمانى بىللە بولسۇن، ياتقان يېرى جەننەتتە بولسۇن، — دەپ پەيلىرى بۆرتۈپ تۇرغان ئورۇق قوللىرى بىلەن يۈز - كۆزىنى سىلاپ دۇئا قىلدى ۋە «كېپەن كىيگەندىن ئۈمىد ئۈز، مۇساپىر بولۇپ كەتكەندىن ئۈمىدنى ئۈزمە» دېگەن سۆز بار، مۇساپىر بولۇپ كەتكەنلەردىن ئۈمىد ئۈزۈش توغرا كەلسە مەندىن ئۈزسەڭلار توغرا بولاتتى، ئۆلۈش توغرا كەلسە مەن ئۆلسەم بولاتتى، لېكىن مانا مەن تېنىچ - ئامان قايتىپ كەلدىم، — دەپ ئۆھسىنىپ قوياتتى.

موماي ئۆزى بىلىدىغان قىرغىزلارنىڭ ھەممىسىنى سوراپ بولدى بولغاي، تۇساتتىنلا، — ناقىسبەك دېگەن قازاق بارمۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ئولتۇرغانلار ھاڭ-تاڭ بولۇپ بىر بىرىگە قاراشتى، قايسى ناقىسبەكتۇ؟ دېيىشىپ بىر بىرىدىن سوراشتى ۋە كىملىكىنى ئاڭقىرالماي جىم بولدى، ئارىغا جىمجىتلىق چۈشتى، شۇ ئەسنادا بىر دېيەلەن:

— قايسى ناقىسبەككى؟ بىز بىلىدىغان ناقىسبەك ياش ئادەم. سىزنىڭ قايسى ناقىسبەكنى دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلمىدۇق، چوڭ ئانا، — دېدى.

— ھەي ئۇمۇ ۋاپات بولدىمىكەن، ناقىسبەك دېگىنىمىز ناخشىچى ئىدى، قىزىل بەلباغ باغلاپ، تۈلكە تۇماق كىيىپ يۈرەتتى، چوڭ - چوڭ سورۇنلاردا ناخشا توۋلاپ، قىزىقچىلىق قىلىپ، كىشىلەرنى كۈلدۈرۈپ يۈرەتتى.

سېنىڭ گۈزەل جامالىڭ
كۆلۈپ تۇرغان كۈن ۋە ئاي.
ئۇچۇشقا قاناتىم يوق،
ئەمدى مەن قانداق قىلاي.

دەپ توۋلىسا، ھەممىمىز ئاغزىغا قاراپ قالاتتۇق، ئۇ چاغلاردا تازا تولغان كېلىنچەك ۋاقتىلىرىمىز ئىكەن.

موماي قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ئۇھ تارتتى، مومايىنىڭ ياشلىقنى ئەسلەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئىچ - مىز سىيرىلىپ، جىممىدە ئولتۇرۇپ قالدۇق، سەكسەن بىر ياشقا كىردىم، دەپ ماختىنىپ مەيدىسىگە مۇشتلاپ يۈرىدىغان سىيرىق ئۆڭ بوۋاي:

— ۋاي چوڭ ئانا، ھېلىقى ناخشىچى

ناقىسپەكنى سوراۋېتىپسەن - دە، ئۇ، سە-
لەر قوشنىا ئەلگە چىقىپ كەتكەن يىلى
قازا تاپقان، ئۇنىڭ باللىرى بار، ھېلىقى
ئىشلار ھېلىمۇ يادىڭدا ئىكەن - دە، ئۇ
بەچچىغەر.

— تىنىچ ئولتۇر، كونا خامانىنى سوراپ
ئالجىمىاي، كۆرگەن - بىلگەن قۇرداش -
تەڭتۇشلار كىشىنىڭ يادىغا كېچىپ قالىد-
كەن. شۇنداقلا سوراپ قويغىنىم، — دېدى
قىمىنداي ئانا قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ
كۆزىنى يورۇقتىن قاچۇرۇپ. ھەممىمىز
كۆلۈمسىردىپ بىر - بىرىمىزگە قاردۇق، شۇ
تاپتا ياشلىق ئەستىلىكى ھەر كىمنىڭ كال-
لىسىدا ھەر خىل خىياللارنى تۇغقاندەك
بولۇۋاتاتتى. گەرچە ھېچكىم ئۇنى ئېيتمى-
سىمۇ، كۆڭۈللەردىكى ئوخشۇشلار كىشلەر-
نىڭ چىرايىدا جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

— ئىمانى تازا بولسۇن، ناخشىچى،
نەغمىچى، چاقچاقچى يىگىت ئىدى، — دېدى
قىمىنداي ئانا چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.

گويا بۇ گەپلەرنىڭ تې-
گىدىكى سىرلار يېيىلىپ كەتمىسۇن
دېگەندەك، كىشلەر مومايىنىڭ سۆزىگە ئۈن-
چىقماسلىق بىلەن جاۋاب بەردى.

— مىيخۇا تەيتەي بارمۇ؟ بوۋىيى ۋە
باللىرىچۇ؟ — ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى
قىمىنداي ئانا.

— مىيخۇا تەيتەي ۋە ئۇنىڭ بوۋىيى
ئىككىلىسى تەڭلا ئۆلۈپ كەتكەن، باللىرى
تىلماچ بولۇۋالدى، ئالدى ئۈرۈمچىدە، كەينى
ۋىلايەتتە، — دەپ جاۋاب بەردى سېرىق
ئۆكلۈك بوۋاي.

— ياتقان يېرى ئامان بولسۇن، چى-
قىشقاق، ئادەمگەرچىلىكى بار ئادەملەر ئى-
دى. ئىلگىرى مەن ئاغرىپ قېلىپ، يىراق-
تىكى بىرتېۋىپقا تومۇر تۇتقۇزسام «سېرىق
كېسەل بولۇپسەن، ئىسسىق ئۆتتۈپ كېتىپتۇ،
سۇ ئىچكىن» دەپ، دورا چۆپلىرىنى بېرىپ
يولغا سالدى. قايتىشىمىزدا يامغۇر يېغىپ
كەتتى، يول بويىدا بېلىگە قارا لاتا باغ-
لىۋالغان بىر خەنزۇ ئايال توخۇلىرىنى قوغ-
لاپ يۈرۈپتىكەن، يامغۇردىن پاناھ قىلىپ
ئۆيىگە كىرىۋالدۇق. ئۇ يەرلىك تىلنى ياخ-
شى بىلىدىكەن، بىزدىن سىپايىغىنە تىنچلىق-
ئامانلىق سوراپ، ئالدىمىزغا چاي قويۇپ
كۈتۈۋالدى، بوۋىيى تېۋىپلىقنى بىلىدىغان
ئادەم ئىكەن، تومۇرۇمنى تۇتۇپ «سىلەر
سېرىق كېسەل دەيسلەر، كېسەل جىگەردە،
مەن داۋالاپ باقاي، مۇشۇ ئەتراپتا بىر-
نەچچە كۈن تۇرۇڭلار» دېدى. شۇنداق قى-
لىپ بىز سىرتقا ساتما ياساپ، شۇ يەردە
تۇرۇپ قالدۇق، گۆش - ياغ يېمىسگىن دەپ
شۇۋگۇرۇچتە باقتى، خەنزۇ بوۋاي شەھەرگە
كىرىپ مەن ئۈچۈن دورا دەرمەك سېتىۋې-
لىپ چىقتى، قاينىتىپ ئىچكۈزدى، شۇنىڭ
بىلەن تېزلا ساقىيىپ كەتتىم. شۇندىن ئې-
تىبارەن سىرداش، مۇڭداش، دوست - ئاغىنە
بولۇپ كەتكەنىدۇق. مەن ساقايغاندا خۇش
بولۇپ ئوغلاق سويۇپ، تېۋىپ بوۋايغا ئات
تەقدىم قىلغانىدۇق، مەرھۇم بوۋاي ئاتنى
ئالغىلى ئۇنىماي تەسلىكتە بىر قوي ئالغا-
نىدى، بۇ جاھاندا ھەرخىل ئادەملەر تېپى-
لىدىكەن، مەن ھاياتىمدا ياخشى ئادەملەرنى
كۆپ كۆردۈم.

— توغرا ئېيتتىڭ، مەن سېنى يوق-
لاپ كەلگەن چاغدا ئۇ بوۋاي ساڭا دورا
قاينىتىپ ئىچكۈزۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، شۇ-
نىڭدىن كېيىن بىزمۇ ئارىلىشىپ ئۆتتۇق.
سەن ئېيتقاندەك، ياخشى ئادەملەر ئىدى،
ھويلىسىنىڭ ئورنى ھېلىمۇ بار.

— زەگىدى موماي بارمۇ؟ باللىرىچۇ؟

— موڭغۇل زورغان سۇمۇننى دەيسىزغۇ؟ ئۇ ئادەم ئۇزاق ياشىدى، ئۇنىڭ قازا تاپقىنىغا تېخى ئىككى يىل بولدى، ئۇنىڭ باللىرى بار.

— ھېلىقى ئاچارچىلىق يىللىرى ئىككىمىز ئۆچكە بېقىپ، ئىككى يىل قوشنا ئولتۇردۇق، شۇ چاغدا «كوممۇ نالاشتۇق» دەپ باللارنى ئۆيگە كەتكۈزمەي كېچە - كۈندۈز تام قوپارغۇزدى. بىچارە زەگىندى تازا كۈن قىزىلى بولغان مەھەلدە قايىنتىۋاتقان چېيىدىن بىر ساپلىق ئېلىپ، بېشىدىكى قارا قالپىقىنى سول قولىدا تۇتۇپ بىر نېمىلەرنى ئوقۇپ، ساپلىقتىكى چاينى كۈنگە قارىتىپ چېچىپ تىلەك تىلەيتتى، ئاندىن ئۆچكىلەرنى قوشاغداپ، ئىككىمىز تەرەپتىن سېغىشقا باشلايتتۇق، ئۆچكىنىڭ سۈتىنى پۇشۇرغاچ ئۆزىچە «كۈن ئالماق تەسلىشىپ كەتتىغۇ، باللىرىمىز ئامان بولسۇن» دەپ قورۇق باسقان پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈپ شۆرلايتتى ۋە سۈت پىشقاندا پىششىق سۈتنىڭ باش بۇرنىدىن بىر ساپلىق ئېلىپ، بايىقى ئايەتلىرىنى قايتىلاپ ئوقۇپ، كۈنگە قارىتىپ چاچاتتى، ئاندىن ئېغىر ئۇھ تارتىپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا كىرىشىپ كېتەتتى. ئىككىمىز قېتىق ئۇيۇتاتتۇق، سۈزمە سۈزەتتۇق. كۆك ئۆكۈزگە قېتىق قايماقلىرىمىزنى ئارتىپ باللار ئىشلەۋاتقان تەرەپكە جۆنەيتتۇق... — قىمىنداي ئانا يېنىدا ئولتۇرغان قىزلىرىنى ۋە ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئوغلى بەردىگە بوۋاينى كۆرسىتىپ قويدى، — ئۇ چاغدا بۇلار سەن قالماق، بىز قىرغىز، دېمەستىن قېتىق - ئايران تۇتۇشۇپ ئىچكەچكە كۈن بويى بىلىگىچە لاي كېچىپ، كېسەك تۆكۈپ يۈرسەمۇ يۈزلىرىدىن قىزىللىق كەتمىگەنىدى. شۇ يىللىرى مەن زەگىندىدىن قايماقتا ئۆرۈم دېگەن تائامنى ئېتىشنى ئۆگەنگەنىدىم، قوشنا ئەلگە چىققاندىن كېيىن پۇت - قولۇمدا ماغدۇرۇم بار چاغلىرىمدا باشقىلارغا ئۆرۈم ئېتىپ بەردىم. موڭغۇل خەلقى ئۆزلىرىنىڭ چاغان ئايىمىدا بىر - بىرىنىڭ ئۆيىگە ئۆرۈمدە تاۋاق قىلىپ باراتتى، ئۇ تائامنى ئۇدۇل كەلگەن كۈندىلا ئېتىۋەرمەيتتى. كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن بۇ ۋەتەندە ھەر مىللەت كىشىلىرى بىلەن بىللە ياشاپ، ئىناق ئۆتكەنىدىم، شۇلارنى سېغىنىپ، كۆرسەم، ئۇلارنىڭ ھالى - كۈنىنى بىلسەم دەپ كەلدىم، شۇنىڭ ئۈچۈن سوراۋاتىمەن باللىرىم...

ئېتى سىزىلىپ قاق سۆڭەك بولۇپ قالغان ئاق چاچ ئانا يەنە شۇنچە تېتىك ئولتۇراتتى، مومايىنىڭ سورايدىغانلىرى تېخى تۈگىمىگەندەك ئىدى، لېكىن قازاندىكى گۆش پىشىپ كەتكەچكە، داستىخان تارتىلىپ، سۆز ئۈزۈلدى. مېھمانلار تاماقتىن كېيىن مومايىنى دەم ئالسۇن دېيىشتى بولغاي، جىممىدىلا تارقاشتى.

* *

بىز ئەرمەن بايغا قوشنا ئىدۇق. ئەتىگەن تۇرۇپ تالاغا چىقسام قىمىنداي ئانا، ئەرمەن باينىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدا مەخمەل پەلتۇسىنى يېپىنچاقلاپ ئولتۇرغان ئىكەن، تاغ بېشىدىكى ئېرىمەس قارلار ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈننىڭ قىزغۇچ نۇرىدا تاۋلىناتتى.

— چوڭئانا ياخشى تۇردىڭىزمۇ، — دېدىمەن، مومايغا سالام بېرىپ.

— ياخشى قارىچۇقۇم، ياخشى، ئەزايىبەدىنىم يەڭگىللەپ تېتىكلىشىپ قاپتىمەن،

www.uyghurkitap.com

كۆڭلۈمەمۇ شۇنچە ئوچۇق ... خاسيەتنىڭدىن
ئايلىناي تۇغقان يەر، تۇپرىقى ئالتۇن،
سۈيى دورا، دېگەن شۇ، تۈنۈگۈن ئىچكەن
توغرا سۇنىڭ سۈيى يېقىپتۇ،— دېدى مو-
ماي قولىنى پېشانىسىگە قويۇپ، قارلىق تاغ
چوققىلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ،— ئاۋۇ ئەۋلىيا
چوتقا، ئاۋۇ كۆك ئوتلاق، ئاۋۇسى بولسا
تىك قىيا، ئاۋۇنى سېرىق قاپتال دەيمىز،
مانا ھەممىسى بۇرۇنقىدەك كۆزۈمگە ئىللىق
كۆرۈنۈۋاتىدۇ، نەقەدەر كاتتا يەر بۇ؟!

— بەكلا سېغىنىپسىز - دە؟

— ۋاي - ۋۇي قۇلۇنۇم، سېغىنمامدى-
غان، كۆزۈم تېشىلگۈدەك بولۇپ كەلدىم،
ياراتقان ئاللا تېلىكىمگە يەتكۈزسە، ئاتا -
بوۋىلىرىمىنىڭ يېنىدىكى ئىللىق تۇپراقتىن
ئورۇن ئالسام تولىمۇ ئۇلۇغ ئىش بولاتتى.

— ئۇنداق دېمەڭ موما، يۈز يىل يا-
شاشقا نىسىپ قىلار.

— ۋاي چىراغىم، ئەمدى ئىككى پۇ-
تۇم گۆرگە ساڭگىلىدى دېگىنە!

بىز سۆزلىشىپ تۇرغىنىمىزدا ئەرمەك
باينىڭ ئايالى يېنىمىزغا كەلدى.

— يۈر بالام، مېنى ئەرمەنبۇلاققا
ئاپىرىپ كەلگىن، بۇ بالامىمۇ بار ئىكەن،
ئىككىڭلار ماڭا ياندىشاڭلارلا بولىدۇ، ئۆ-
زۈم ماڭالايمەن.

قىمىنداي ئانا ھاسىسىغا تايىنىپ، مۈك-
چەيگىنىچە يۈرۈپ كەتتى. بىز مومايغا ئە-
گەشتۇق، ئەرمەنبۇلاق قىشلاقىنىڭ چېتى-
دىكى پاكارغىنە كۆك قۇملۇق يارنىڭ تۈ-
ۋىدىن سىزىپ چىقىپ دەرياغا قۇيۇلاتتى،
بۇلاقنىڭ كۆزى تولىمۇ سۈزۈك بولۇپ، چۆ-
رىسىنى ئەرمەن قاپلاپ كەتكىنى ئۈچۈن
«ئەرمەنبۇلاق» دەپ ئاتىلىپ قالغاندى.
كەمپىر بۇلاق بېشىنى ھېچ تەمتىرىمەيلا

تېپىۋالدى. ئۇ بۇلاق بېشىدىكى يالپاق
كۆك تاشقا ئولتۇردى - دە، سۆزلەپ كەتتى.

— خاسيەتىڭدىن ئايلىناي، سۈزۈك
بۇلىقىم، كۆزى بۇزۇلماپتۇ. بۇ تاشىمۇ بۇ-
رۇنقىدەك تۇرۇپتۇ، مەرھۇم بوۋىيىم كۆز
يۇمىدىغان چاغدا مۇشۇ بۇلاقنىڭ ئوخچۇپ
چىققان سۈيىدىن بىر ئىچسەم دەپ ئارزۇ
قىلىۋىدى، مەن مۇشۇ بۇلاقنىڭ كۆزىدىن
بىر تولۇپ سۇ ئېلىپ بېرىپ ئۆز قولۇم
بىلەن ئىچۈرۈۋىدىم، جېنى ئارام تېپىپ،
راھەتلىنىپ كۆز يۇمغانىدى. شۇ ئىشقا
قىرىق يىل بوپتۇ، ئۆلمىگەن ئادەم جۇپتى-
دىن ئايرىلار دېگەن شۇكەن، مانا ئەمدى
شۇ چەشمىدىن ئۆزۈم قولۇم بىلەن ئېلىپ
بىر يۇتاي، بوۋىيىمنىڭ روھى قوللاپ مۇ-
شۇ يەردە جان ئۈزسەم ئەجەب ئەمەس،—
كەمپىر پەي قوللىرى بىلەن بۇلاق سۈيى-
دىن ئارقىمۇ ئارقا ئۈچ ئوچۇم ئىچتى،—
پاھ چېكەمگە چىقتىغۇ ... مۇزدەك ئىكەن،
تۇغۇلغان يەرنىڭ سۈيىنىڭ تەمى باشقىچە
ئىكەن - دە! — موماي يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ،
چېكە چاچلىرىنى سىپىدى، تومۇز ئىسسىق-
دىمۇ مۇزدەك سوغۇق بولىدىغان بۇلاق سۈ-
يى بۇ كەچكۈزدە قولىنىڭ ئۇچىنى مۇزلى-
تىپ ئۇيۇشتۇرىدىغىنى ھەممىمىزگە مەلۇم
ئىدى، بىراق توقسان ياشلىق ئاق چاچ ئا-
نىنىڭ سېغىنىشى يەڭدىمۇ، ئۇ يۈزىنى يۇ-
غىچە قىلچە شۈركەنمىدى. بىر چاغدا مو-
ماي قولىنى سۇدىن تارتتى ۋە،— ئىچ -
باغرىمنى سوۋۇتۇپ، تىنىمنى يايرىتىۋەتتى،—
دېگىنىچە بېرىپ كۆك تاشقا ئولتۇردى، ئا-
دىن ماڭا قاراپ:

— ئاۋۇ يالپۇز بىلەن ئەرمەندىن يۇ-
لۇپ كەلگىن، پۇرۇۋالاي،— دېدى. مەن يۈ-
گۈرۈپ بېرىپ ئەرمەن ۋە يالپۇزدىن بىر

تۇتام يۇلۇپ كەلدىم. قىممىنداي ئانا يالپۇز بىلەن ئەرمەننى ھەۋەس بىلەن پۇراپ بىر ھازارغىچە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئاندىن ئۆز-ئۆزىگە سۆزلىدى:

— مۇشۇ ئەرمەن بىلەن يالپۇزنىڭ پۇرىقى دىمىقىمدىن زادىلا كەتمىدى، ئەمدى ئارمىنىم يوق.

قىممىنداي ئانا قولىدىكى چۆپنى پۇراپ ئولتۇرۇپ ئەتراپتىكى چوققىلارغا كۆز يۈگۈرتتى، تاغ چوققىلىرى دەسلەپكى قار بىلەن ئاپئاق بېزىلىپ مەغرۇرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، كەمپىر ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ:

— ياش ۋاقىتلىرىمدا ئەتىگەندە بۇلاققا سۇغا كەلگىنىمدە چوققىلار مانا مۇشۇنداق چاقناپ تۇرىدىغان، ھېلىھەم شۇ پېتى چاقناپ تۇرۇپتۇ، خاسىيەتلىك چوققىلار مۇشۇنداق تىپتىنچ ھالىتىدە قانچىلىغان ئادەملەرنى ئۇزاتتىكىن؟— دېدى. بىر ئاز تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بېرىپ دېدى،— ساناقسىز، ساناقسىز... شۇلارنىڭ بىرى مانا مەن ...— بۇ سۆزلەرنى قىلىۋاتقاندا مومايىنىڭ ئاق چاچلىق بېشى خۇددى ئاشۇ ئاقباش چوققىلاردەك چاقناپ كەتتى، بىز مومايغا سوغۇق تېگىپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى يۆلەپ ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدۇق، دۆڭدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان چېغىمىزدا موماي ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ قاراپ سازلىقنىڭ بويىنى كۆرسەتتى:

— مېنىڭ كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەر— ئاشۇ سايىنىڭ ياقىسى. كىچىك ۋاقتىمدا ھەر قېتىم سۇغا كەلگىنىمىزدە ئاپام ئۇ يەرنى ماڭا كۆرسىتىپ قوياتتى. سېغىنغان يېرىمنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، ئەرمەن پۇرىقىنى پۇرىدىم، تۇغۇلغان جايىمنى كۆرۈۋالدىم، ئىچىم بوشاپ كۆڭلۈم تىندى.

قىممىنداي ئانا مۈدۈرۈپ چوقۇرۇپ ئۆزىلا مېڭىپ كەتتى، ئۆيگە يېتىپ كەلگىنىمىزدە، كىشىلەر مال-ۋارانلىرىنى جوڭقۇرۇپ، ناشتىغا تەرەددۇتلىنىپ تۇرغان ئىكەن.

* *

قىممىنداي ئانا كەلگىنىگە بىر ھەپتە بولدى دېگەن كۈنى تاڭ سەھەردە ئىشىك چېكىلدى. ئىشىكنى ئاچسام ئەرمەكباي بوۋاي ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆڭسىلى يوق كۆرۈنەتتى، ئۇ ئالدىراپ:

— دوختۇرغا بېرىپ كەلسەڭچۇ؟ موماي ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى،— دېدى.

— قايسى موماي؟

— قېيىنئانام.

— خاسىيىتىڭدىن ئايلىناي، مومايغا ئۆز يېرىنىڭ تۇپرىقى بۇيرىغاندۇ، نېمىشقا دوختۇرغا بارىمىز؟

— بارغىن، بېرىپ دوختۇرنى چاقىرىپ كەلگىن!— دېدى ئەرمەكباي قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

مەن كىيىنىپ دەرھال يولغا چىقتىم. ئاۋۇلدىكى دوختۇرمۇ يىراق ئەمەس ئىدى. مەن دوختۇرنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆيگە يېقىنلاپ كەلگىنىمدە يىغا-زارە كۆتۈرۈلدى. دوختۇر ئىككىمىزمۇ يىغىغا قوشۇلۇپ كەتتۇق. ئەتراپقا خەۋەرچىلەر ئەۋەتىلدى. ئاياللار ئەرمەكباينىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كىگىز ئۆي تىكىشتى، بۇ يەردە مېيىتنى كىگىز ئۆيدىن ئۇزىتىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەنىدى، كىگىز ئۆي تىكىلگەندىن كېيىن ئاياللار «كۆپ ياشىغان ئانىدىن تەۋەرۈك ئالىمىز» دەپ قىممىنداي ئانىنىڭ خالتىلىرىنى ئاقتۇرۇشۇپ، قەن-گېزەك، يىپ-يىڭنە، تۆگمە، توپچىغا ئوخشاش نەرسىلەر-

نى ئىرىملىك ئۈچۈن تالىشىپ ئېلىۋېلىشتى. مومايىنىڭ ئىچ يانچۇقىدىن كىچىككىنە بىر تۈگۈنچەك چىقىپ قالدى، يالتىراققا ئورىلىپ يىپ بىلەن مەھكەم چىگىلگەنىكەن، مومايلار ئالتۇن تېپىۋالغاندەك بولۇشۇپ، تۈگۈنچەكنى شۇ ھامانلا يەشتى، يالتىراقنى يەشكەندىن كېيىن ئاق لاتا كۆرۈندى. لاتىمۇ ئېچىلدى، لاتا ئىچىدە قوڭۇر رەڭلىك بىر سىقىم ئوۋاق نەرسە كۆرۈندى، — دورا - دەرمەكمۇ، نېمە؟ چوڭ ئانىمىز شۇنچىۋالا ئەتىۋارلاپ ساقلىغان ئىكەن، ئەرزىمەس نەرسە ئەمەس - تە، — دېيىشىپ بىر - بىرلەپ كېلىپ ھېلىقى ئوۋاق نەرسىنى تىلىغا ئېلىپ تېتىپ بېقىشتى.

— تەمىگە قارىغاندا تۇپراق ئوخشايدۇ...

— تۇپراقنىمۇ شۇنچىۋالا سىر تۇتۇپ ساقلىغان بارمۇ؟

— دورا بولمىسۇن - يەنە؟

ئەر - ئاياللار ئاق تۈگۈنچەك ھەققىدە بەس - بەس بىلەن ئۆز قىياسلىرىنى ئېيتىشىپ تالىشىۋاتقاندا، قىمىندايي ئانىنى جايلاشتۇرۇپ قول - پۇتلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ يۈرگەن سېرىق ئۆكلۈك بوۋاينىڭ كەمپىرى شارىخان توپنى يېرىپ كىرىپ، كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان ئاق تۈگۈنچەكنى قولىغا ئېلىپ يۇقىرى كۆتۈردى. مومايىنىڭ قوللىرى تىترەپ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى، مومايىنىڭ ئاۋازى يىغىدىن بوغۇلغان، لېكىن سۆزى ئېنىق ئىدى.

— مەرھۇم يەڭگەم ئەينى ۋاقىتتا چېگرىدىن ئۆتەر چېغىدا مېنى ئەگەشتۈرۈپ تۇپراق بېشىغا بارغانىدى، ئۇ شۇ چاغدا بىلگەن دۇئاسىنى ئوقۇپ، روھ - ئەرۋاھلار بىلەن خوشلىشىپ قايتاردا ماڭا «ياخشى كۆرگەن تۇغقىنىم ئىدىڭ، ئاتا - ئانام ياتقان يەرنىڭ تۇپرىقىدىن بىر سىقىم تۈگۈپ بەرگىن، تىرىكلىكىمدە پۇراپ، ئۆلگىنىمدە بىللە ياتاي» دېگەنىدى. شۇ چاغدا مەن تۇپراق بېشىدىن مۇشۇ بىر سىقىم تۇپراقنى ئېلىپ تۈگۈپ بەرگەنىدىم. شۇنىڭدىن بۇيان تالاي يىللار ئۆتتىمۇ، ئىچكىرى تىقىپ ساقلاپ كەپتۇ، ئەمدى ئانىمىزنى يەرلىككە قويغاندا بېشىغا سېپىپ قويۇڭلار، ياستۇق بولسۇن، — دېدى.

ئەتراپتا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئاق تۈگۈنچەكتىكى بىر سىقىم تۇپراقنى كۆرۈپ بوششىپ، خىيالغا چۆكۈشتى. غۇربىلايچىلىك قالغان بۇ مومايىنىڭ ئانا ۋەتىنىگە، تۇغۇلغان يېرىگە بولغان ھەقىقىي سۆيگۈسىنىڭ پاكىتى بولمىش بىر سىقىم تۇپراق جىمى كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چەكتى. كىشىلەرنىڭ بۇ ئاق چاچلىق ئانىغا بولغان ھۆرمىتىنى ئاشۇرۇپ ئۇلارنىڭ كۆز - يېشىنى يامغۇردەك تۆككۈزدى.

مېيىت تۇپراق بېشىغا ھەيۋەتلىك ئۇزىتىلدى، ئاسمانغا تاقاشقان ئاقباش چوققىلار ئاق چاچ ئانىغا ئەل بىلەن بىللە ھازا بىلدۈرۈپ، توپ يېنىغا يىغىنلاپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. ئاق تۈگۈنچەكنى مەھكەم تۇتقان ئەرمەكباي بوۋاي ھازا توپىنىڭ ئالدىدا كېتىۋاتاتتى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مۇھەممەت باغراش

مەسئۇل مۇھەررىر ئارسلان

www.uighurkitap.com



# ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى توغرىسىدىكى بەس-مۇنازىرە

يۈي پياۋ

بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتكەن چاغلاردا، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلىدىغان بىر تەتۈر قۇيۇن كۆتۈرۈلگەنىدى. بۇ تەتۈر قۇيۇن ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»نى، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىشتا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ليۇبىڭيەن: «ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىش، جەڭگە تەييار تۇرۇش، جۇڭگو تارىخىغا چوقۇم قايتىدىن باھا بېرىش، ماۋ زېدۇڭنى چوقۇم ئۈزۈل-كېسىل ئىنكار قىلىپ، ماۋزېدۇڭنىڭ خاتالىقلىرىدىن يېڭىباشتىن ھېساب ئېلىپ، ئۇنىڭ ئەرۋاھىدىن تولۇق قۇتۇلۇش كېرەك» دېدى. فاڭ لىجىز ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى: «جۇڭگو ماۋزېدۇڭغا قاچان ئاشكارا، تولۇق باھا بېرەلەيدىغان ۋە ئۇنى پېپەن قىلالايدىغان بولسا، بۇ جۇڭگودىكى ماھىيەتلىك ئىلگىرىلەش بولغان بولىدۇ» دېدى.

ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بەزى گېزىت-ژۇرناللار ئۆتكەن يىلى ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن سىياسىي ۋەقەدىن كېيىنكى كۈنلەرگىچە ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىگە ھۇجۇم قىلىدىغان سەپسەتىلەرنى داۋاملىق بازا بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. بەزى ماقالىلەردە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى «سۇيىقەستلىك ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يىلتىزى، بۇ ئىدىيە «زامانىمىزدىكى ئەدەبىيات-سەنئەت سەھنىسىگە تىنچسىزلىق ئامىلىنى ئېلىپ كەلدى» دېيىلسە، بەزى ماقالىلەردە ماۋزېدۇڭ «فېئوداللىق ئاڭ»غا تەسلىم بولدى، «نەتىجىدە، زىيالىيلارنىڭ ئۆزىگە خاس كىشىلىك قەدىر-قىممىتى، ئىجادكارلىق روھى يوقالدى» دېيىلدى. يەنە بەزى ماقالىلەردە ماۋزېدۇڭ «4-ماي ھەرىكىتى ۋاقتىدىكىدىنمۇ كۆپ ئارقىدا قالغان ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قوراللارنى ئىشقا سالدى»، شۇنىڭ بىلەن «4-ماي ھەرىكىتىنىڭ بارلىق مەنىۋى مىراسلىرى ئۈزۈل-كېسىل دەپنە قىلىندى، جۇڭگو جەمئىيىتى 4-ماي ھەرىكىتىدىن ئىلگىرىكى مەدەنىيەت ھالىتىگە چېكىندى» دېيىلدى.

ئۆتكەن يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن بۇيان، «جۇڭگو يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت ئىلمىي جەمئىيىتى»، «ماركسىزملىق ئەدەبىيات سەنئەت نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىش ئورنى» قاتارلىق ئورۇنلار يۇقىرىقى ئەھۋاللارنى نەزەردە تۇتۇپ، سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىگە توغرا باھا بېرىش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە

قىلدى. نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرناللار ماقالە ئېلان قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىـ
دىيىسىنى بۇرمىلايدىغان، ئىنكار قىلىدىغان سەپسەتىلەرگە دەسلەپكى قەدەمدە رەددىيە
بەردى. بۇ ئىددىيە، نەزەرىيە جەھەتتە ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇھىم تەرەپ،
شۇڭا مۇنداق مۇھاكىمىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك.

مۇھاكىمىدىكى مۇھىم نۇقتىئىنەزەرلەرنى تۆۋەندىكىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز:

### 1. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مەسىلىسى توغرىسىدا

بىرمۇنچە يولداشلار ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلغاندا
ۋە ئۇنىڭغا باھا بەرگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەسلى قىياپىتىگە ھۆرمەت قىلىش كېرەك،
دەپ كۆرسەتتى. بۇ بىرىنچىدىن، ئەسلى ئەسەرنىڭ ئەسلىدىكى مەزمۇنىنى، ئۇنىڭدا ئىپا-
دىلەنگەن بىر پۈتۈن ئىدىيىنى، ئىككىنچىدىن، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى
كىلىپ چىققان ۋە راۋاجلانغان كونكرېت تارىخىي شارائىتنى، ئۇ ئىدىيىنىڭ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئەمەلىيىتىگە كۆرسەتكەن كونكرېت تەسىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇلارنىڭ
ھەممىسى ئىلگىرىكى ئەمەلىيەت. بەزى ئادەملەر ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيە-
سىگە ھۇجۇم قىلىشنى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشنى تارىخنىڭ قىياپىتىنى بۇرمىلاشتىن باشلى-
دى. بەزىلەر قەستەن ئويدۇرمىچىلىق قىلدى، بەزىلەر ساختىپەزلىك ۋاسىتىلىرى بىلەن يال-
غان ـ ياۋىداق گەپلەرنى تارقاتتى. شۇڭلاشقا، ئالدى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىدىيىسىنىڭ ئەسلى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك.

جىڭ بۇنىڭ: «ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى توغرىسىدا مۇنازىرە» دېگەن
ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ئالدى بىلەن ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى بۇرمى-
لاش ۋە خۇنۇكلەشتۈرۈشنى تۈزىتىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.
بەزى ئادەملەر ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، پاكىت ئوي-
دۇرۇپ چىقىرىش، تارىخنى ئۆزگەرتىش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشتىن يانمىدى. ئۇلار يولداش
ماۋزېدۇڭنىڭ سۆزلىرىنى سۇبيېكتىپ ئېھتىياجى بويىچە خالىغىنىچە ئۆزگەرتتى، ئاندىن بۇ
ئۆزگەرتىلگەن سۆزلەرنى مەسخىرە قىلدى ۋە ئەيىبلىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدا ماركسىزم،
لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش، ئۆگىنىش ئىشلىرى بەك بوشاشتۇرۇۋېتىل-
گەنلىكى، بۇ خىل ئويدۇرمىلار ھەر خىل جامائەت پىكرى قوراللىرى ئارقىلىق تەكرار-
لىنىۋەرگەنلىكى ئۈچۈن بەزىلەر بۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىپ، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىدىيىسى راستىنلا بەزىلەر ئېيتقاندەك شۇنداق ئاددىي، قوپال، دوگما، قورقۇنچلۇق نەر-
سە ئوخشايدۇ دېگەن تونۇشقا كېلىپ قالدى. مەسىلەن، بەزىلەر گويا راستەك ماۋ زېدۇڭ-
نىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى«بەش شەمشەر»دېمەكتۇر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئالدى
بىلەن دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى، ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ تەشكىللىلىك،
رەھبەرلىكى بولغان كۈرىشىنىلا ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرىنىلا يېزىش كېرەك، دېگەنلەرنى
تەشەببۇس قىلدى. ئاتالمىش «بەش شەمشەر» ئەسلىدە خۇفېڭنىڭ 50 ـ يىللارنىڭ باشلى-

رىدا لىن مۇخەن بىلەن خې چىفاڭنىڭ ئىككى پارچە ماقالىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلەر توغرىسىدىكى يەكۈنى ئىدى. بۇ يەكۈن لىن مۇخەن بىلەن خې چىفاڭنىڭ مۇددىئاسىغا ئۇيغۇن بولۇپ، تەتقىق قىلىشقا تولىمۇ ئەرزىيتتى... بىراق، بۇ يىل 7 - ئايغا كەلگەندە، بەزىلەر سېپىرگەرلىك قىلىپ، «بەش شەمشەر»نى كەشپ قىلىش ھوقۇقىنى يولداش ماۋ زېدۇڭغا تەۋە قىلىپ قويدى. ئۇلار بۇ «بەش شەمشەر» باشقا يەردىن ئەمەس «نۇتۇق»تىن كەلگەن دەۋالدى. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، مىسالدىن بىر نەچچىنى كەلتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ بۇ گېپىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىسا بولماسمىدى؟ لېكىن ھېچقانداق مىسال كەلتۈرەلمىدى. يولداش ماۋزېدۇڭ «بەش شەمشەر» دېگەننى قاچان ئوتتۇرىغا قويۇپتىكەن؟ يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئالدى بىلەن ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، دېگەننى ئوچۇق ئېيتقان. ئۇ ئىشچىلار سىنىپى — رەھبىرىي سىنىپ، جىددىي مەسىلە — دېھقانلارنى تەربىيىلەش مەسىلىسى، دېگەننى ئېنىق تەكىتلىگەندى. ئەدەبىيات - سەنئەت ئالدى بىلەن دېھقانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك، دېگەن گەپنى نەدە دەپتۇ؟ «نۇتۇق»تا: «ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار بارلىق كىشىلەرنى، بارلىق سىنىپلارنى، بارلىق ئاممىنى، بارلىق جانلىق تۇرمۇش ۋە كۈرەش شەكىللىرىنى كۆزىتىشى، ئۆگىنىشى، تەتقىق قىلىشى ۋە تەھلىل قىلىشى كېرەك» دەپ ئوچۇق بايان قىلىنغان، يەنە: «ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇخىل ئوبرازلارنى يارىتىشى كېرەك» دېيىلگەن. يولداش ماۋزېدۇڭ ئەزەلدىن ئەدەبىيات - سەنئەتكە «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ تەشكىللىك، رەھبەرلىكى بولغان كۈرىشىنىلا ۋە ئۇلارنىڭ قەھرىمانلىرىنىلا يېزىش كېرەك» دەپ چەكلىمە قويغان ئەمەس.

بۇ ماقالىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «بەزىلەر دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە، پارتىيە ۋە يولداش ماۋزېدۇڭ ئەدىبلەر ۋە سەنئەتكارلارنى ‹ياخشى ئۆزگەرگەنلەر، ئۆزگەرتىمىسمۇ بولىدىغانلار، ئۆزگەرتىلسىمۇ ئۆزگىرىشى ياخشى بولمىغانلار، ئۆزگەرتىلمىگەنلەر› دەپ تۆت خىلغا ئايرىغان، دەپ بىلجىرلىدى. بۇ ھەم ئويدۇرما ھەم بۆلگۈنچىلىك. ئۇلاردىن بۇ گېپىڭنىڭ نېمە ئاساسى بار؟ قايسى ھۆججەتتە مۇشۇنداق دېيىلىپتىكەن؟ قايسى باشلىقمۇشۇنداق دەپتىكەن ياكىقايسى ‹ئىچكى ماتېرىيال›دا مۇشۇنداق دېيىلىپتىكەن؟ دەپ سورىسىڭىز، جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ماركسىزمنىڭ پرىنسىپى بويىچە بولغاندا، كىشىلەر ئوبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، سۇبيېكتىپ دۇنيانىمۇ ئۆزگەرتىپ تۇرۇشى كېرەك. يولداش ماۋ زېدۇڭ بۇ پرىنسىپتا ئىزچىل چىڭ تۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ‹نۇتۇق›ىدا، ئۆز ئىدىيىسىنىڭ ۋە ھېسسىياتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ئۈستىدە مەخسۇس توختالغانىدى. ئۇ تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ھەممە ئادەم ئۆگىنىشى ھەممە ئادەم ئۆزىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، مەن دېگەن ھەممە ئادەم بىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. ناھايىتى روشەنكى، يولداش ماۋزېدۇڭ ئەزەلدىن بىر قىسىم كىشىلەر باشقىلارنىلا ئۆزگەرتىدۇ، ئۆزىنى ئۆزگەرتمىسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىغان ئەمەس».

## 2. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى تۇرغۇزۇش توغرىسىدا

نۇرغۇن يولداشلار، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ــ ماركسىزمنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى، 4 ـ مايدىن بۇيانقى جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمىي بايانى، شۇنداقلا ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەزەرىيىسى، فاڭجېنى ۋە سىياسىتى، بۇ ئىدىيە مەيلى ئىلگىرى بولسۇن ياكى ھازىر بولسۇن، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى غەلىبىگە يېتەكلەيدىغان قىبلىنامە، دېگەن قاراشقا قوشۇلدى.

ئۆتكەن يىل ئەتىياز بىلەن ياز ئارىلىقىدا، بەزىلەر ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىگە «ئەمەلدارلار ئاساس قىلىنغان ئەدەبىيات قارىشى» دەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭدا «ھوقۇق ئۆلچىملا بار» دېدى. بەزى يولداشلار بۇ خىل سەپسەتىنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق دېدى: ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ھەرگىزمۇ بىرەر ئادەم جۇڭگودىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە تاڭغان نەرسە ئەمەس. ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا پەيدابولۇشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىدى. ئۇ مۇئەييەن تارىخىي ئېھتىياجنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، مۇئەييەن تارىخىي ئېھتىياجنى قاندۇرغانىدى. جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ پېشىۋالىرى ۋەتەننى، مىللەتنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، قايتا ـ قايتا ئىزدىنىش ۋە سىناق قىلىش ئارقىلىق ماركسىزمنى تېپىۋالدى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلدى. ماركسىزمنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا، نۇرغۇن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارنى باشتىن كەچۈرۈش، ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتتە مول تەجرىبىلەرنى توپلاش ئارقىلىقلا تونۇش جەھەتتە سەكرەش ھاسىل قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى، جۈملىدىن ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى بارلىققا كەلتۈردى. «يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» ئېلان قىلىنغان چاغدا، پارتىيىمىز تېخى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا مەملىكەت بويىچە ئارمىيە، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ھوقۇقى تېخى گومىنداڭنىڭ قولىدا ئىدى. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، نېمە ئۈچۈن نۇرغۇن ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى گومىنداڭغا ئەگىشىپ ماڭماي يەنئەنگە كەلدى؟ ئۇلارنى يەنئەنگە ھەقىقەتنىڭ تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئېلىپ كەلمەي زورلۇق كۈچى ئېلىپ كەلگەنمۇ؟ نۇرغۇن ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى «نۇتۇق» باشلىغان يولغا چىن دىلىدىن قايىل بولۇپ ماڭماي مەجبۇرىي ماڭغانمۇ؟ مەن «يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىگە قارشى ۋەكىللىك خاراكتېردىكى ئىككى سۆزلەر» دېگەن ماقالەمدە: ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ھەرگىزمۇ «ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلدارلىرى بەلگىلىگەن ... ئەدەبىيات ـ سەنئەت قانۇنىنى ... سەنئەت پائالىيىتى قىلىدىغان ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت ئەمەس»، ئۇ «يازغۇچىلارنى، سەنئەتكارلارنى ئەدەبىيات ـ

www.uyghurkitap.com

سەنئەتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرى بويىچە ئىجاد قىلىشقا يېتەكلەيدىغان، ئەمەلىيەتنىڭ
ئۇزاق سىنىقىدىن ئۆتكەن، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى خەلق بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈدىغان بە-
دىئىي ئىلمىي پرىنسىپ» دېگەنىدىم.

بەزىلەر ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى «تاشقى قانۇنىيەت»كىلا ئەھمى-
يەت بېرىدۇ، «ئىچكى قانۇنىيەت»كە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، دېدى. ھەتتا ئۇنىڭغا ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتنىڭ «ئېستېتىك ماھىيىتى»گە خىلاپلىق قىلدى، دەپ ھۇجۇم قىلدى. بە-
زى يولداشلار بۇ سەپسەتىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:
«ئىچكى قانۇنىيەت»، «تاشقى قانۇنىيەت» دەپ ئايرىش ئىنتايىن بىمەنى-
لىك. قانۇنىيەت دېگىنىمىز شەيئىلەرنىڭ ئىچكى، مۇقەررەر ۋە ماھىيەت جەھەتتىكى باغ-
لىنىشىدۇر. ئەگەر تاشقى ھادىسىنىلا ئېچىپ بېرەلىسە ئۇنى قانداقمۇ «قانۇنىيەت» دېگىلى
بولسۇن؟بىز ئىنسانىيەت ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىپلاقالماستىن،
جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىشىمىز
كېرەك. «نۇتۇق»تا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قانۇنىيەتلىرى شەرھلەنگەن
بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ ئالاھىدە قانۇنىيەتلىرى نۇقتىلىق
ھالدا مۇھاكىمە قىلىنغان. ئەدەبىيات ـ سەنئەت خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ۋە ئارزۇسىنى ئەكس
ئەتتۈرىدۇ، دەۋر روھىغا باي يېڭى پېرسوناژلار ئوبرازىنى يارىتىدۇ بۇ ھەم دەۋرنىڭ
ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىن كۈتكەن تەلىپى، ھەم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ
سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس تەلىپى. بۇنى قانداقمۇ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ سىرتىدىكى ئىش
دېگىلى بولسۇن؟ يەن جاۋجۇ «بىزگە قانداق ئېستېتىكا كېرەك» دېگەن ماقالىسىدە: «‹ئېس-
تېتىكا دۇنياسى› مۇ ئۇنداق ئىناق، تىنچ يەر ئەمەس، ئۇ يەردىمۇ ئەزەلدىن ماتېرى-
يالىستىك ئېستېتىكا بىلەن ھەر خىل ـ ھەر رەڭدىكى ئىدېئالىستىك ئېستېتىكىنىڭ ئايرى-
چىلىقى ۋە قارىمۇ قارشىلىقى مەۋجۇت بولۇپ كەلدى»دەپ يازدى. ئۇ مۇنداق دېدى:
«ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى مول ھەم چوڭقۇر ئېستېتىكىلىق مەزمۇنغا ئىگە،
يولداش ماۋزېدۇڭ ‹يەنئەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق›
دا ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىكىلىق مەسىلىسى توغرىسىدا كۆپ توختالدى، ئەدە-
بىيات ـ سەنئەتنىڭ ئېستېتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە ۋە ئېستېتىكىلىق تەلىپىگە ئىنتايىن
ئەھمىيەت بېرىپ، ماركسىزمنىڭ ماتېرىيالىستىك ئېستېتىكا پرىنسىپىنى ئوچۇق ئىزچىل-
لاشتۇردى. مەسىلەن ‹نۇتۇق› تا: رېئال تۇرمۇش بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەر
ئىككىلىسى گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈل-
گەن تۇرمۇش ئادەتتىكى ئەمەلىي تۇرمۇشقا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ يارقىن،
تېخىمۇ يىغىنچاق، تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ غايىۋى بولىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تېخىمۇ ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان بولىدۇ، ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەن-
ئەت ئەمەلىي تۇرمۇشقا ئاساسەن خىلمۇخىل ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئاممىنىڭ تارىخنى
ئالغا سۈرۈشىگە ياردەم بېرىشى كېرەك› دېيىلگەن.بۇسۆز رېئاللىقنىڭ گۈزەللىكى بىلەن سەن-
ئەتنىڭ گۈزەللىكىنىڭ دىئالېكتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى توغرا يورۇتۇپ، ماركسىزملىق ئېس-
تېتىكىنىڭ بىر ئاساسىي قائىدىسىنى شەرھلەپ بەردى.»

3. «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىگە توغرا باھا بېرىش مەسىلىسى توغرىسىدا

ھەقىقەتنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ئەمەلىيەت. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىگە باھا بەرگەندە، «نۇتۇق» يېتەكچىلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەمەلىيىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشقا بولمايدۇ. بەزىلەر ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، «نۇتۇق» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى ھەتتا «سول قانات يازغۇچىلار ئىتتىپاقى»دىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلدى. بەزىلەر مۇنداق دېدى: «يېقى دەۋردىن ئىلگىرىكى جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىيات تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئەدەبىياتىمىزنىڭ باشتىن ئاياغ دېگۈدەك ئىلگىرىلىشىنىڭ قىيىن بولغانلىقى، ھەتتا توختاپ قالغانلىقى، ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى ... ئەدەبىياتنىڭ ئۆز خىسلىتىنى ۋە سۇبيېكتىپلىقىنى يوقىتىپ قويغانلىقىنى، روھىي دۇنيا ئىنژېنېرلىرىنىڭ روھىي دۇنياسىنىڭ بۇرىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇرۇن ئەدەبىيات ساھەسىدىكى چىقارغان نۇرغۇن تالانتلىق يازغۇچىلار ۋە شائىرلار ئەمەلىيەتتە ھېچنېمە يازالمايدىغان بولۇپ قالدى. ھازىرقى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى سەرخىللارنىڭ ئەقىل ـ پاراستى تۇيۇقسىزلا ئىنتايىن تۆۋەنلەپ كەتتى ... خەلق ئەدەبىياتى خەلق ئىنقىلابى غەلىبە قىلغان يىللاردا مۇشكۈل ھالغا چۈشۈپ قالدى، بۇنى زادىلا چۈشەنگىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىنكار قىلىپ بولمايدىغان ئېچىنىشلىق پاكىت».

نۇرغۇن يولداشلار مۇنداق ھېسابلىدى: ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھەرىكىتىمىزدە ھەر خىل سەۋەنلىكلەر، ھەتتا ناھايىتى ئېغىر سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن پۈتكۈل ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەت تارىخىنى مەغلۇبىيەتلىك تارىخ دېيىشكە بولمايدۇ، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنى خاتا دېيىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتى يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى، كىچىكلىكتىن زورايدى، خاملىقتىن بارا ـ بارا پىشىپ يېتىلدى، بۇ ھېچكىم يوققا چىقىرالمايدىغان تارىخىي پاكىت. جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئىتىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە زورىيىشىنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ توغرا يېتەكچىلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

مەن «مۇلاھىزە» دېگەن ماقالىمدە مۇنداق دېگەنىدىم: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ‹مۇشكۈل ھالغا چۈشۈرۈپ› قويمايلا، ‹خارابلىشىش› يولىغا باشلىمايلا، ‹ئېغىر چىقىم›غا ئۇچراتمايلا قالماستىن، بەلكى ئېلىمىز خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ئۈچۈن توغرا نىشان كۆرسىتىپ بەردى ۋە كەڭ يول ئېچىپ بەردى. ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسى ئېلىمىزدىكى بىرنەچچە ئەۋلاد يازغۇچى، سەنئەتكارلارنى ئۆسۈپ يېتىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئازاد رايونلىرىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەرنىڭ جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا ئۆزۈل ـ كېسىل قارشى تۇرۇش يولىدىكى يېڭى

دېموكراتىك ئىنقىلابىنى ئورۇنداپ، ئۆچمەس تۆھپىلەرنى يارىتىشقا يېتەكچىلىك قىلدى.
دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنـ-
قىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشى، ياشلارۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ سوتسىيالىستىك ئەخلاقىي پەزى-
لەتنى يېتىشتۈرۈشى، خەلقنىڭ ھەر جەھەتتىكى ئېستېتىكىلىق تەلىپىنى قاندۇرۇشى، سوتسى-
يالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە يېتەكچىلىك قىلىشى قاتارلىق جە-
ھەتلەردىكى مۆلچەرلىگۈسىز رولىنى جارى قىلدۇردى». مىن چيۇ «يەنە مەرىپەت ۋە ۋە-
تەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدا» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېـدى: «ئەدە-
بىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ ‹نۇتۇق› ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى نەتىجىلىـرى ۋە سە-
ۋەنلىكلىرىنى كىشىلەر كۆرۈپ تۇرۇپتۇ ... ‹نۇتۇق› دۇنياغا كەلگەندە، پارتىيىـمىز تېخى
ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغدا، پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان يېڭى
ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىدىن باشقا، دۆلەت ئىچىدە يەنە ھەرخىل ئەدەبىيات - سەنئەت
ئېقىـملىرى بار ئىدى. ئۇ چاغلاردا، قانداق ئەدەبىيات - سەنئەت تارىخىنىڭ ئىلگىرىلەش
يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئەدەبىيات - سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ئېقىمىغا ئايلاندى؟
قانـداق ئەدەبىيات - سەنئەت خەلقنىڭ ساداسىنى ھەقىقىي تۈردە ئەكس ئەتتۈرۈپ، كەڭ
ئاممىنىڭ قىزغىن ھىمايىسىگە ئېرىشتى؟ ئەمەلىيەت بۇ مەسىلىلەر توغرىسىدا يەكۈن چىقار-
دى. بىرەر دەۋردىكى ئەدەبىيات - سەنئەت نەتىجىلىرىنى ئۆلچەشتە، ئاز ساندىـكى ئېسىل
سەنئەت ئەسەرلىرىگە قارىغان بىلەنلا بولمايدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىمۇ ئەدەبىـيات -
سەنئەت خىزمىتىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى. بولۇپمۇ جۇڭگودەك مۇنداق مەدەنىـيـىـتى ئارقىـدا
قالغان چوڭ دۆلەتتە، ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتى تېخىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان خىزمەت.
ئەمما بىز پەقەت مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنىلا مىسالغا ئالساق، مۇنداق ئەسەرلەر ‹نۇتۇق›دىـن
كېيىنـمۇ ئۈزلۈكسىز بارلىققا كەلدى. ئېلىمىزدىكى نامايەندە خاراكتېرىدىكى تۇنجـى ئو-
پېرا ــ ‹ئاق چاچلىق قىز› مۇ ‹نۇتۇق› تىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئېلىمىزدىـكى ئەڭ
ئاممىۋى خاراكتېردىكى سەنئەت ــ دراما ۋە ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئىسلاھ قىلىنىش نە-
تىجىلىرىمۇ ‹نۇتۇق›تىن كېيىن ئەڭ كۆپ بولدى. بولۇپمۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغانـدىن كې-
يىن، دراما ۋە ئەلنەغمە سەنئىتىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلىنىشى پۈتۈن دۇنيانى ھەيران
قالدۇردى. ئەدەبىي ئىجادىيەت جەھەتتىكى نەتىجىلەرنىمۇ كىشىلەر كۆرۈپ تۇرۇپتۇ.»

جاڭ جۇننىڭ «ماۋزېدۇڭ ۋە يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىسىـدە، يېڭى
جۇڭگو بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى ئەدەبىيات نەتىجىلىرى قىسقىچە يەكۈنلەنگەن. ماقالىدە
مۇنداق دېيىلىدۇ: 1949 - يىلدىن 1957 - يىلغىچە بولغان ئارىلىـقتا ... مەيلى ئازاد
رايونلاردىن كەلگەن پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلار بولسۇن ياكى گومىنـداڭ
ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردىن كەلگەن پېشقەدەم ۋە ئوتتۇرا ياشلىق يازغۇچىلار بولسۇن،
نۇرغۇن ياخشى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى، كېيىن يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىـڭ سەركەر-
دىلىرىدىن بولۇپ قالغان بىر تۈركۈم ياش يازغۇچىلار تېزلا يېتىشىپ چىقتى. شېئىرىيەت
ساھەسىدە ئەي چىڭ، تيەن جيـەن، زاڭ كېجيا، گۇشياۋ چۈەن، خې جىـڭجى، ۋېـن

جىيې، جاڭ جۇمىن، گۇڭ لىيۇ، لى يىڭ، يەنجىن قاتارلىق شائىرلار نۇرغۇن ياخشى شې‐
ئىرلارنى يازدى. ھېكايىچىلىق ساھەسىدە، لىيۇبەيىيۇينىڭ «يوروۇقلۇق ئالدىمىزدا»، لىيۇ
چىڭنىڭ «پولات ئىستھكام»، سۇن لىنىڭ «دەسلەپكى بوران - چاپقۇن»، جاۋشۇلىنىڭ «سەن‐
لىۋەن» ۋە لى جۇن، جۇن چىڭ، مافېڭ، ۋاڭ ۋىنچى، ۋاڭيۈەنجيەن، ۋاڭ مېڭ، لۇۋېنفۇ، لىيۇ
شاۋتاڭ قاتارلىقلارنىڭ كىشلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ھېكايىلىرى تىياتىر ساھەسىدە،
لاۋشېنىڭ «لۇڭشۇيگو جىلغىسى»، «چايخانا»، شايەننىڭ «سىناق»، ساۋيۈينىڭ «ئوچـۇق
كۆن»، ئەن بۇنىڭ «باھار شاملى نۇمىنخې دەرياسىغا يېتىپ كەلدى»، خۇكېنىڭ «كۇ‐
رەش ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىش»، چېن چىتۇڭنىڭ «مىڭلىغان تاغ - دەريالار»، ياڭ لۇيفاڭ‐
نىڭ «كاككۇك يەنە سايرىدى» دېگەن ئەسەرلىرى خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى، كـۈرىشىنى ۋە
ئىدىيۋى ھېسسىياتىنى پۇختا، چوڭقۇر ئەكس ئەتتۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتنىڭ
دەسلەپكى قەدەمدىكى گۈللىنىش نەتىجىلىرىنى نامايان قىلدى. تارىخ بۇ يازغۇچىلارنىڭ
مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىنىڭ تاكى ھازىرغا قەدەر ۋاقىتنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ
كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. روشەنكى، بۇ ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشى،
ئەدەبىيات جەھەتتىكى تەجرىبىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ماۋ زېدۇڭ
ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى توغرا نىشان بويىچە ئىش قىلغانلى‐
قىدىن ئايرىلمايدۇ ... 1957 - يىلدىن 1966 - يىلغىچە بولغان ۋاقىت ... يېڭى جۇڭگو
ئەدەبىياتى تارىخىدا ... كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئىنتايىن مۇھىم، شانلىق سەھىپىلەرنى
ئىگىلەيدۇ. ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرىنىڭ نامايەن‐
دىسى بولغان نۇرغۇن ئەسەرلەر مۇشۇ ئون يىلدا بارلىققا كەلدى. ھېكايىچىلىق ساھەسىدە،
چۇي بونىڭ «چەكسىز ئورمان، قارلىق دالا»، ۋۇچياڭنىڭ «قىزىل قۇياش»، ياڭ مۇنىڭ
«ياشلىق ناخشىسى»، جۇلىبونىڭ «تاغلىق يېزىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىش»، فېڭ دېيىڭ‐
نىڭ «كۇسەي گۈلى»، لى جيەرېننىڭ «زور داۋالغۇش»، جۇ ئىرفۇنىڭ «شاڭخەينىڭ
سەھىرى»، لىيۇچىڭنىڭ «ئىگىلىك تىكلەش قىسسىسى»، تىياتىرچىلىق ساھەسىدە، گـومورو‐
نىڭ «سەي ۋىنجى»، تيەن خەننىڭ «گۈەن خەنچىڭ»، ساۋيۈينىڭ «ئۆت ۋە خەنجەر»،
شېن شىمىڭ قاتارلىقلارنىڭ «رەڭگارەڭ چىراغ ئاستىدىكى قاراۋۇل» چېن يۈننىڭ «ياش
ئەۋلادلار»، كىنوچىلىق ساھاسىدە، لياڭ شىننىڭ «قىزىل ئاياللار قوشۇنى»، يې لىننىڭ
«لىن زېشۈي»، مافېڭنىڭ «يېزىمىزنىڭ ياشلىرى»، لى جۈننىڭ «پېشقەدەم جەڭچىنىڭ
يېڭى تەرجىمىھالى»، شۈي گۇاڭياۋنىڭ «كىچىك ئەسكەر جاڭ گا»، باجىننىڭ «قەھرىمان
ئوغۇل - قىزلار»، لىن گۇ قاتارلىقلارنىڭ «سەھنىدىكى ئاچا - سىڭىللار»، دراما ۋە ئەلنەغ‐
مىلەردىن «قۇمۇشلۇقتىكى ئوچقۇن»، «قىزىل چىراغ»، «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن ئېلىش»،
«لى خۇينياڭ»، شېئىرلاردىن لى جىنىڭ «يۈيمىن شېئىرلىرى» ۋېن جيىنىڭ «قىساس
يالقۇنى»، گۇشياۋچۈەننىڭ «گېنېرال تېردلوگېيىسى»، خې جىڭجىنىڭ «لېي فېڭ ناخ‐
شىسى»، لىيۇبەيىيۇي، چىڭ مو، ياڭ شۇ قاتارلىق نەسر يازغۇچىلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەر‐
لىرىدىن دەۋر ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ، سيۇژېت، تېما، شەكىل، ئۇسلۇب جەھەتتە
كەڭ ئىزدىنىش داۋامىدا، يازغۇچىلار ئۇزاق ۋاقىت چوڭقۇر ھېس قىلغان تۇرمۇش ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرەشنى تەسۋىرلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇزاق تارىخى بىلەن ھازىرقى سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە ئوتتۇرىغا چىققان ھەرخىل پېرسوناژلار ئوبرازىنى ئىپادىلەپ، ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەدەبىياتىنى كلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن چەت ئەل ئەدەبىياتىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا، مىللىيلىشىش، ئاممىۋىلىشىش يولىدا يېڭى پەللىگە چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئىدىيە ۋە بەدىئىي جەھەتتە تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزدى. بۇ نەتىجىلەرنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ نۇرغۇن تۈپ مەسىلىلەردە يازغۇچىلارغا يېتەكچىلىك قىلغانلىقىدىن، جۇئېنلەينىڭ بۇ دەۋردە سولچىل خاتالىقلارغا قارشى تۇرۇپ، 1959 - يىلى ۋە 1962 - يىلى ئىككى قېتىم ئەدەبىيات - سەنئەتتىكى «سولچىللىق» خاھىشىنى تۈزەتكەنلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ.

«ماۋ زېدۇڭ ۋە يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ناھايىتى زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى... نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلۈشىنى ئىدىيىنىڭ ئازاد قىلىنىشىدىن، سەنئەت دېموكراتىيىسىدىن، ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسىدىكى ئومۇمىي ھەقىقەتنىڭ يېتەكچىلىكىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. ئەي چىڭنىڭ «قايتىپ كەلگەن ناخشا» خې جىڭجۇنىڭ «جۇڭگونىڭ ئۆكتەبىرى»، لېي شۇيەننىڭ «مايسىلار كۆيلىمەكتە»، شۇتىڭنىڭ «ئېھ ۋەتەن، سۆيۈملۈك ۋەتىنىم» قاتارلىق شېئىرلىرى، لى جۇننىڭ «خۇاڭخې شەرققە قاراپ ئاقىدۇ»، جۇ كېچىننىڭ «شۈي ماۋ ۋە ئۇنىڭ قىزلىرى»، لى گوۋېننىڭ «قىشتىكى باھار»، جاڭ جيەنىڭ «ئېغىر قانات»، چىن رۇڭنىڭ «ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە»، جياڭ زىلۇڭنىڭ «زاۋۇت باشلىقى چياۋنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى» قاتارلىق ھېكايە، پوۋېست - رومانلىرى، زۇڭ فۇشيەننىڭ «تىمتاس ئەمەس بۇ ماكان»، سۇ شۇياڭنىڭ «قىزىل قەلب شەجەرىسى»، شايېشىننىڭ «شەھەر باشلىقى چېنيى»، لىبىنكۇي، تاڭ دۇڭلارنىڭ «تەڭرىتاغنىڭ ئېتىكىدە» قاتارلىق دراملىرىغا ئوخشاش يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى بولغان نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر يازغۇچىلارنىڭ ئۇزاق ۋاقىت ئۆگەنگەن تۇرمۇشىنىڭ جەۋھىرى، شۇنداقلا يازغۇچىلارنىڭ خەلق بىلەن بىرلەشكەنلىكىنىڭ، خەلقنىڭ يۈرەك ساداسى ۋە ئارزۇسىنى بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

### 4. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرىنىڭ ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

ماۋ زېدۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئېغىر خاتالىق سادىر قىلىپ، ئىنقىلاب ئىشلىرىغا، جۈملىدىن ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىغا زىيان كەلتۈردى. ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە قانداق قاراش كېرەك؟ بىزنىڭ پىكرىمىزچە، بىزلەر: مەيلى يەنئەن ئەدەبىيات - سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا بەلگىلەنگەن پرىنسىپلار بولسۇن ياكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىي دەۋرى-

دىكى «ئۇچنى گەۋدىلەندۈرۈش» پرىنسىپى بولسۇن. ھەممىسىلا بىر ئورتاق مەزمۇننى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەممىگە باپ كېلىدىغان بىر خىل ئەدەبىيات قارىشىنى جاكارلىدى — بىز بۇنى ھازىرچە «ئەمەلدارلار ئاساس قىلىنغان ئەدەبىيات قارىشى» دەپ تۇرايلى» دېدى. يەنە بەزىلەر مۇنداق دېدى: ئۆلگىلىك تىياتىرلار كۆزىنىڭ باشقىچە ئۇسلۇبتا ئىجاد قىلىنىش پرىنسىپى ۋە بەدىئىي ئۆرنەكلىكى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىدە ئىجادىي ۋە تۈزىتىش كىرگۈزمىگەن ھالدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى ھەمدە ئۇنى سوتسىيالىزم باسقۇچىغا كۆتۈردى، «نۇتۇق» مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا جياڭ چىڭنىڭ ئۆلگىلىك تىياتىر پرىنسىپى بىلەن قوشۇلۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى.

ئۇرغۇن يولداشلار يۇقىرىقى سەپسەتىلەرگە قارىتا مۇنداق دېدى: ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى — بىر ئىلمىي ئىدىيىۋى سىستېما، پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقى، ئۆزى ئىلگىرى زور كۈچ بىلەن تەشەببۇس قىلغان توغرا تەشەببۇسلارغا خىلاپلىق قىلغانلىقىدا. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا سادىر قىلغان خاتالىقىنى ئىلمىي ئىدىيە سىستېمىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ، لىن بياۋ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قىلغان تەتۈر ئىشلىرىنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىگە دۆڭگەپ قويۇشقا، ھەتتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى بىمەنە ئىشلىرىنى بىرنەچچە ئون يىل ئىلگىرى ئېلان قىلغان «يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق» قا ئارتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ.

جىڭ بۇنىڭ «ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى توغرىسىدا مۇنازىرە» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ: «يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى سۆزلىرىنىڭ ھەر بىر جۈملىسىنى ھەقىقەت دەپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا خاتالىق سادىر قىلدى. لېكىن بۇنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكىنى رەت قىلىشنىڭ ئاساسى قىلىۋالماسلىق كېرەك.»

«ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە شەكىللىنىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە تېخىمۇ بېيىغان ۋە راۋاجلانغان. يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىشنىڭ ئالدى-كەينىدە، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراسىتىنى توپلاش ئاساسىدا، بىر قاتار ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ تەجرىبىلىرىنى جۈملىدىن جۇڭگو يېڭى مەدەنىيەت ھەرىكىتىنىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلىدى. ئۇنىڭ ‹يېڭى دېموكراتىزم توغرىسىدا›، ‹يەنئەن ئەدەبىيات-سەنئەت سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق› قاتارلىق ئەسەرلىرى مانا مۇشۇ دەۋردە يېزىلىپ، ئەدەبىيات-سەنئەتكە دائىر ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، ‹خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا›، ‹تەشۋىقات خىزمىتى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز›، ‹مۇزىكانتلار بى-

www.uyghurkitap.com

لەن سۆھبەت›، قاتارلىق ئەسەرلەرنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەدەبىيات ـ سەنئەت توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى راۋاجلاندۇردى. يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى ھۆكۈملىرىدە ئاشۇرۇۋېتىلگەن يەرلەر بولسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى توغرا. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى كەڭ خەلق ئاممىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، مىللەتنىڭ ئىلمىي، ئاممىۋى يېڭى مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكي ئىدىيىسى، بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرىنى ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەر ئاممىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ماركسىزمنى، جەمئىيەتنى ئۆگىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى ئىكەنلىكى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتى تۇرمۇشنى تىپىكلەشتۈرۈش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىجادىيىتىدە ‹يېڭى ئادەم، يېڭى دۇنيا› نى تىرىشىپ ئىپادىلەش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەيىنەك قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدە ئومۇملاشتۇرۇش بىلەن ئۆستۈرۈش مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدىكى ئىدىيىسى... ئەمەلىيەتنىڭ ئۇزاق سىنىقىدىن ئۆتۈپ، يىمىرىلمەس ھەقىقەت ئىكەنلىكى ئىسپاتلانمىغانمىدى؟ قالايمىقانچىلىقنى تۈزەش خىزمىتىنىڭ يەنە بىر غايەت زور نەتىجىسى شۇ بولدىكى، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئايرىم سۆزلىرىدىكى ئاشۇرۇۋەتكەن تەرەپلىرى، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى پەرقلەندۇرۇپ، ھەم يولداش ماۋ زېدۇڭ سادىر قىلغان خاتالىقلارنى تۈزەتتى، ھەم ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ توغرا يادروسىنى قوغدىدى، شۇنداقلا يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دەيدۇ: ‹يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقى ئۆزىنىڭ توغرا نەرسىلىرىگە خىلاپلىق قىلغانلىقىدا›، ‹بىز قالايمىقانچىلىقنى تۈزىگەنىدە، لىن بياۋ ۋە تۆت كىشىلىك گۇرۇھنىڭ بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقلارنى تۈزىشىمىز، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرىنى تەنقىد قىلىپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ توغرا يولىغا قايتىپ كېلىشىمىز كېرەك›. ‹دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارار› دا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: ‹ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ـ ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەتبىق قىلىنىشى ۋە راۋاجى، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانغان توغرا نەزەرىيىۋى پرىنسىپلىرىنىڭ ۋە تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. پارتىيىمىزنىڭ بىر مۇنچە مەشھۇر رەھبەرلىرى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ

ئىلمىي ئەسەرلىرىگە مۇجەسسەملەشكەن.» «قارار» دا يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «تارىخنىڭ ئۇزاق سىنىقىدىن ئۆتۈپ ئىلمىي نەزەرىيىگە ئايلانغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك»، بىز ئېيتقان ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى يولداش ماۋ زېدۇڭ بەرپا قىلغان پارتىيىمىزنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن، ئېلىمىزنىڭ يېڭى ئەدەبىيات-سەنئەت ھەرىكىتىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتى يەكۈنلەنگەن، ئەمەلىيەتتە توغرىلىقى ئىسپاتلانغان ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت تەشەببۇسىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ نامىدىن ئايرىلمايدۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىنىڭ قىلغان سۆزلىرىگە باراۋەر دېگەنلىكمۇ ئەمەس».

بۇ ماقالىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ماۋزېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى ئىنكار قىلىدىغان بىر مۇھىم نەيرەڭ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى ئىنتايىن سول پىكىر ئېقىمى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا چىققان بەزى «سول» نەرسىلەرنى يامان سۈپەت ئۆسمىدەك ئاينىتىۋەتتى، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىلگىرىكى ئون يەتتە يىلنى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلدى. لىن بياۋ ۋە تۆت كىشىلىك گۇرۇھ «ئاق قېلىش نەزەرىيىسى»، «ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى قارا يىپ دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسى» نى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، پرولېتارىياتنىڭ «ئىنتېرناتسىئونال شېئىرى» دىن بۇيانقى ئەدەبىيات-سەنئىتىنى ئاق ھالەتتە تۇرۇپ كەلدى، جۇڭگونىڭ ئوتتۇز يىلدىن بۇيانقى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئىتىنى «قارا يىپ دىكتاتۇرا يۈرگۈزدى» دېدى. ئۇلار «نۇتۇق» روھى گەۋدىلەندۈرۈلگەن سان-ساناقسىز مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى زەھەرلىك چۆپ قىلىپ قويدى، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت لۇشيەنىدە چىڭ تۇرغان سان-ساناقسىز يازغۇچىلارنى، سەنئەتكارلارنى جىن-شەيتان قىلىپ قويدى»، مانا بۇ پولاتتەك پاكىتلار، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ھەرگىزمۇ جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات-سەنئىتىنىڭ داۋامى بولماستىن، بەلكى جۇڭگو ئىنقىلابىي ئەدەبىيات سەنئىتىنىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى ئۇزۇل-كېسىل ئىنكار قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، «ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى قارا يىپ دىكتاتۇرىسى نەزەرىيىسى» ئىنكار قىلىنغاچقا، زور تۈركۈمدىكى يازغۇچىلار ئاقلىنىپ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى ئون يەتتە يىللىق ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ غايەت زور نەتىجىلىرى مۇئەييەنلەشتۈرۈلۈپ، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ۋە ئازاد قىلىندى.»

www.uyghurkitap.com



### 5. يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى توغرىسىدا

پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسى بىلەن قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلدى؟ بەزىلەر بىر تەرەپتىن، پارتىيىنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنىغا «نۇتۇق» نىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلالمىدى، دەپ ھۇجۇم قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «ئىدىيىنى ئازاد قىلىش»، «ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش» نى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇندا قويىدى، نۇرغۇن يولداشلار بۇ خىل سەپسەتىلەرنى نەزەردە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئەدەبىيات-سەنئەت فاڭجېنى — ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردىكى راۋاجى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىقنىڭ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرغانلىقنىڭ گەۋدىلىك مىسالى، دەپ كۆرسەتتى.

«دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت توغرىسىدىكى بايانلىرى» دېگەن كىتابنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تارقىتىلىش مۇراسىمىدا! يولداش خې جىڭجىڭ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ماركسىزملىق ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىدە ۋە ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىدە بايرىقى روشەن ھالدا چىڭ تۇردى ۋە ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇردى، ئۇنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت نەزەرىيىسىگە دائىر ئەسەرلىرى ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تەركىبىي قىسمى». خې جىڭجىڭ يەنە مۇنداق دېدى: «يولداش دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ماركسىزملىق ئاساسىي پرىنسىپ، مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلغا ئاساسەن، يېڭى دەۋردىكى يېڭى ئەھۋاللارغا، يېڭى مەسىلىلەرگە، يېڭى تەلەپلەرگە، مەدەنىيەت-سەنئەت سېپىنىڭ ئون يىلدىن بۇيانقى يېڭى ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار يېڭى يەكۈن ۋە ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەسىلەن:

خەلقنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكى، خەلقنىڭ سەنئەتكە، سەنئەتنىڭ خەلققە موھتاج ئىكەنلىكى؛

ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىيغا بېقىنىدۇ، دېگەن شوئارنىڭ ئەمدى ئوتتۇرىغا قويۇلمايدىغانلىقى، بۇ ئەلۋەتتە ئەدەبىيات-سەنئەت سىياسىيدىن ئايرىلىدىمۇ بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەسلىكى، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ سىياسىيدىن ئايرىلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكى؛

ھەر تەرەپنىڭ پىكرىگە كەمتەرلىك بىلەن قۇلاق سېلىپ، پايدىلىق پىكىرلەرنى قوبۇل قىلىش — سەنئەتكارلارنىڭ داۋاملىق ئالغا بېسىشى، ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ بېرىشىدا ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ئىكەنلىكى؛

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئوبدان رەھبەرلىك قىلىشى، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ياخشىلاش لازىملىقى؛

ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ «ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئەستايىدىل، جىددىي ئويلىنىپ، خەلققە ئەڭ ياخشى مەنىۋى ئوزۇقلۇقنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن تىرىشىش لازىملىقى؛

سەنئەت قانۇنىيىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىش، نېمىنى يېزىش، قانداق يېزىشنى ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار سەنئەت ئەمەلىيىتىدە ئىزدىنىش ۋە قەدەممۇ-قەدەم ھەل قىلىش، بۇ جەھەتتە قوپاللىق بىلەن ئارىلاشماسلىق؛

سىياسىي، ئىدىيىۋى سەپتە ۋە ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدە، ‹سول› چىللىقىمۇ، ‹ئوڭ› چىللىقىمۇ قارشى تۇرۇش، ۋەھاكازالار.»

ۋاڭ لياۋيىڭنىڭ «ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىدە چوقۇم چىڭ تۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىگە قوشقان تۆھپىسى ئاز دېگەندە مۇنۇ ئۈچ جەھەتتە ئىپادىلىنىدۇ: بىرىنچىدىن، يېڭى تارىخىي دەۋردە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنى يېڭىباشتىن مۇئەييەنلەشتۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىنىمۇ مۇئەييەنلەشتۈردى. ئىككىنچىدىن، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك، توغرا چۈشىنىش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئىدىيىسىنىڭ مېتودولوگىيىسىنى تەتقىق قىلىشتا زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئۈچىنچىدىن، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ يېڭى دەۋردىكى پروگراممىسى ‹جۇڭگو ئەدەبىيات-سەنئەت خادىملىرىنىڭ تۆتىنچى قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن تەبرىك سۆز›نى ئوتتۇرىغا قويدى.»

(«ئەدەبىيات-سەنئەت گېزىتى» نىڭ 1990-يىل 19-ماي سانىدىن)

ساتتار ئابدۇللا تەرجىمىسى

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن

# خەلقنى ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى

ئەدەبىيات تىل - يېزىقنى ۋاستە قىلغان ئوبرازلىق، تەپەككۇر شەكلى ئىكەنلىكى ھەممەيلەنگە مەلۇم. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ 80 - يىللاردا قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرى ئەدىبلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ۋە ئىدىيىنى ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىدە ئىپادىلەش يولىدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بەدىئىي مەھسۇلى سۈپىتىدە ئەدەبىياتىمىز تارىخىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالدى. مۇشۇ ئاساستا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى سۈپەت قاتلىمىنى بەرپا قىلىش 90 - يىللارغا يۈزلەنگەن ئەدىبلىرىمىز .ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ ئورتاق تەلپى بولۇپ قالدى.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ 90 - يىللارغا خاس يېڭى سۈپەت قاتلىمىنى بەرپا قىلىش، مۇھىمى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ۋە ئەدەبىياتىمىزنىڭ خەلقنى تەپەككۇر قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى تەقەززا قىلىدۇ.

كلاسسىك نېمىس مەرىپەتپەرۋەر شائىرى گېيوتى: «ئەدەبىياتتىن ئىبارەت بۇ جەڭگاھتا نۇرغۇنلىغان نامسىز قۇربان بولغۇچىلارنىڭ جەسەتلىرى قالدى. ئۇلارنىڭ قازا تېپىشىدىكى سەۋەبلەر ھەرخىل بولسىمۇ، شۇ بىر ئەجەللىك جاراھەت ئۇلارغا ئورتاق ئىدىكى، ئۇلار ئۆز دەۋرىدىن ۋە خەلقىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى» دەپ يازغان. گېيوتى بۇ يەردە خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ، ئۆز ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەن ئەدىبلەرنى نەزەردە تۇتقانىدى. بىز گېيوتىنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئىختىيارسىز گرېك ئەپسانىلىرىدىكى يەر ئىلاھىنىڭ ئوغلى قەھرىمان ئەنتەيىنى ئەسلەيمىز. ھېكلىس ئەنتەي بىلەن چېلىشقا چۈشكەندە، ئەنتەيىنى ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى بولغان ئانا زېمىنىدىن يۇلۇۋېلىپ، ماغدۇرسىزلاندۇرغاندىن كېيىنلا يېڭەلىگەن.

خەلقىمىزنىڭ بۈگۈنكى تارىخى رېئاللىقى ئۇنىڭ غايەت زور ئىجتىمائىي نەتىجىلەرگە ئېرىشىش بىلەن بىرلىكتە خېلىلا مۇرەككەپ، خېلىلا ئېغىر ئىجتىمائىي، مەنىۋى ۋە ئادەت كۈچلىرى بېسىمى ئاستىدىمۇ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان ئاجايىپ يېڭىلىقلار بىلەن بىللە كىشىنى بىئارام قىلىدىغان غەلىتە ھادىسىلەر رېئاللىقىمىزدا ئوخشاشلا مەۋجۇت! خەلقىمىز ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان بۇ رېئاللىقنى ئەدەبىياتىمىزمۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرۈشى لازىم. كۆرۈش لازىم بولغان رېئاللىقنى كۆرمىگەن، ئېتىراپ قىلىش لازىم بولغان رېئاللىقنى ئىنكار قىلغان، تۈزەش لازىم بولغان رېئاللىقنى تۈزۈمىگەن ئىسلاھاتچى، ئىنقىلابچى ھەقىقىي ئىسلاھاتچى، ھەقىقىي ئىنقىلابچى ئەمەس. خەلق تۇرمۇشىدا مۇئەييەن ماھىيەتلىك رېئاللىق سۈپىتىنى ئالغان مەسىلىلەر بولمىغان بولسا، خەلققە ئىسلاھاتچىلار، ئىنقىلابچىلار ھاجەتسىز بولغان بولاتتى! ھەقىقىي ئىنقىلابچىنىڭ بىرىنچى پرىنسىپى خەلق تۇرمۇشىدا، خەلق روھىيىتىدە كۆل-

پەتىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىدە بىز ئۆتكەنـدە بالىلارچـە
سولچىلىقنىڭ ئەڭ ئېتىقسىز، يالغانچىلىق كېسىلىنى سادىر قىلدۇق. خەلقنىڭ ئەمەلىي كۆلپەتلىرىـ
نى ئىنكار قىلىش خەلققە ۋاپاسىزلىق ھېسابلىنىشى كېرەك. تۇرمۇشىمىزدىكى كۆلپەتلىرىمىزنى
سوتسىيالىستىك تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان دېگەن بوھتاننى ئۇزۇل - كېسىل رەت قىلغۇدەك
پاكىتلار تولۇپ يېتىپتۇ. پاشىدىن قورقۇپ ئېتىز - ئېرىق بېشىغا چىقىشنى چەكلەش تەلۋىلىك.
ئۆتكەن يىلى شەرقىي شىنجاڭ بىلەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىنى
ئارىلىدىم. بەزىدە مېھماندارچىلىقتىن ۋاز كېچىپ، مىلـيونلارغا ۋەكىلـلـىك قىلـدىـغان
ئاددىي ئۇيغۇر دېھقانلىرى، كاسىپلىرى، ئۆسمۈرلىرى ۋە خوتۇن - قىزلىرىغا سەپسېلىپ، ئۇلارنىڭ
جىسمانىي تۈزۈلۈش سۈپىتى، ئالدىراۋاتقان جىددىي ئىشلىرى، ئىمرەن ياكى ساددا خىـ
ياللىرى، كېسەل ۋە كۆلپەتلىرىنى ئىز - دېرەكلەپ باقتىم. مەخسۇس تەتقىق قىلىش خىز-
مىتىگە چىققان يولداشلارنىڭ ئاغـزىـدىن بىر قىسىم ئېچىنىشلىق ھادىسىلەرنى ئاڭـ
لىدىم. مەن بۇلارنى تولىمۇ ئاددىيلىق بىلەن «قىسمەنلىك»، «ئايرىم ئەھۋال» دېگىنىم
يوق. چۈنكى ئۇ گەرچە بىرىنچى دەرىجىلىك ئاساسىي ھادىسە بولمىسىمۇ، نەچچە ئون
پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدىغان ئىككىنچى، ئۈچىنچى، تۆتىنچى دەرىجىلىك سالامەتلىك مە-
سىلە ئىدى. يېزا ئاياللىرىنىڭ كۆپ قېتىملىق نىكاھلىنىش مەسىلىسى، ياشلار ئارىسىدا خىـ
لىلا باش كۆتۈرگەن زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش ۋە قىمارۋازلىق ھادىسىسى، بالىلاردىكى ئوقۇش-
تىن سوۋۇش ۋە سالامەتلىكى بۇزۇلۇشتىن تۆۋەن بولغان يەنە بىر قىسىم ناباپ ھادىسىلەر بىز-
نىڭ دىققىتىمىزنى جەلپ قىلماسلىقى لازىممۇ؟ بىز خەلقىمىزنىڭ تېنىنى، ئېڭىنى، روھـ
ىيىتىنى، ئادىتىنى، تۇرمۇشىنى چىرمىۋالغان مۇشۇنداق سالامەتلىك ھادىسىلەرگە كۆز يۇمۇپ
«ئالتۇن تاغلار»، «ئېتەكلىرىگە زەر تۆكۈپ»، «تىزدىپ گۈل - غۇنچە»، «چاپتۇرۇپ دۇل-
دۇل»، «جەننەتتىكى جەننەتكە قاراپ» دەپ كېتىۋېرىمىزمۇ ياكى ھارغانغا ھاپاش بولۇۋال-
غاندەك، يېتىمنى كۆرۈپ دېدەك قىلىۋالغاندەك، خەلقنى ئۆز بەدىنىنى چىرمىۋالغان ئىل-
لەتلەرگە قارشى ئاتلاندۇرماي، جاراھەت ئۈستىگە چىۋىن قوندۇرۇپ، «نوچى - گاڭگۇڭ-
لۇق»، «شەھۋانە - سەتەڭلىك» ھېكايىلىرىنى توقۇپ چىقىپ، بۇ ئىللەتنى ئوبرازلىق ۋاسـ
تىلەر ئارقىلىق يۇقۇملاندۇرىمىزمۇ؟

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان مەسىلە ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك مەسىلىسى-
ئەدەبىياتىمىزنىڭ ھاياتىي قىممىتى ۋە سۈپەت قىممىتى مەسىلىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەدىبنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسى ماھىيەتتە ئەدەبىياتنىڭ
رېئاللىق بىلەن بولغان ئېستېتىك مۇناسىۋىتى مەسىلىسى، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ئوبراز
بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن ئىبارەت. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئەدىبنىڭ ئىج-
تىمائىي مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن بەدىئىي ئەسەرنىڭ خەلق ئىچىدىكى (ئىجتىمائىي) ئۈنۈ-
مدارلىقى مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئەدەبىياتىمىز مۇھاكىمە قىلىشى لازىم بولغان
ئەڭ چوڭ رېئاللىق ئۈستىدىكى ئەڭ مۇھىم تەپەككۇر تېمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەدىب ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ئەمەس. ئۇ خەلقنىڭ رېئال ھا-
ياتىدىكى تارىخىي، ئىجتىمائىي، ئەنئەنىۋى، مەنىۋى ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى بەدى-
ئىي ئوبراز ۋاسىتىسى بىلەن ھەل قىلىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەسۋىرىدىكى ئوبرازلاشتۇرۇل-
غان تۇرمۇش رېئال تۇرمۇشنىڭ نەق ئۆزى ئەمەس، ئۇ رېئاللىقتىكى ماددىي تۇرمۇشقا
رېئاللىقتىكى ماددىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك تەسىر كۆرسىتىپ كېتەلمەيدۇ.

ئەدىب — ئىدېئولوگىيە خادىمى، ئىدېئولوگىيە سېپىدىكى ئائىل بىناكار، ئاڭ،

پىكىر بىلەن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان «ھەيكەلتىراش»، ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئەدىبنىڭ ئۆز خەلقى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئومۇمەن ئەدەبىي ئىجادىيەت ئارقىلىق، خۇسۇسەن ئۆز خەلقىنىڭ مەنىۋى «ھەيكىلى»نى تاراشلاش بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ.

قەدىمكى گرېك پەيلاسوپى ئارىستوتېل: «پوئېزىيە سەنئىتى نوقۇل بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئىزاھلايدىغان تارىخ ئىلمىگە قارىغاندا پەلسەپە پەنلىرىگە يېقىنراق تۇرىدۇ» دېگەنىدى. ئابدۇراخمان جامى ئۆز داستانلىرىنى يازغاندا تەپەككۇر قىممىتى ئۈستۈن بولمىغان ئاجايىپ-غارايىپ ھادىسىلەر ئۈستىدە ئارتۇقچە باش قاتۇرماسلىق يولىنى تۇتقانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتكەن. كلاسسىك نېمىس پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى فېيېرباخ: «پەيلاسوپ ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم خىزمەت كىتاب يېزىش بولماستىن، بەلكى ئادەم يارىتىشتىن ئىبارەت» دەپ يازغان. ئىدىئولوگىيە — روھىيەت مەنىسىدىكى «ئادەم يارىتىش» ئەدىبنىڭ ئۆز ئەسىرىدە ئوبرازلاشتۇرۇلغان پېرسوناژلارنى يارىتىشى بولماستىن، بەلكى مۇنداق بەدىئىي ۋاسىتىلەر ئارقىلىق جانلىق ئىنساننى، ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۆز خەلقىنىڭ يېڭى بوغۇنلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى نەزەردە تۇتىدۇ. ئىنسان روھىنىڭ ئىنژېنېرى ھېسابلانغان ئەدىب ئۈچۈن ئاساسىي ئاڭلىق پائالىيەت بىر ئەۋلاد كىشىلىرىنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى چېرتيوژى بويىچە ئۇنىڭ پۈتكۈل پىكىر-ھېسسىياتلىرىنىڭ مەزمۇنلىرىنى شۇنداق خاراكتېر، خاھىش ۋە زەرەتلەر ئاساسىدا قايتا قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇ نۇقتىدىن، خۇددى فارابى تىلغا ئالغاندەك، ئەدىب پۈتۈن خەلق تەلىم-تەربىيە تورىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇ ئائىلە باشلىقىغا، ئوقۇتقۇچىغا، پەيلاسوپقا ۋە دۆلەت باشلىقىغا ئوخشاش شۇ خەلقنىڭ مەنىۋى سۈپەتلىرىنىڭ تەربىيىچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. بىز ئۆز ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلمىغان ئائىلە باشلىقى ھەم ئوقۇتقۇچىلارنى ئەيىبلىگەندەك، خەلقتىن ئايرىلغان مەدرىسىۋاز پەيلاسوپلار بىلەن ئۈنۈمسىز سىياسەتۋازلارنى ئەيىپلەيمىز. مىڭ قېتىم تاسقىسا نوقۇل سەنئەت، نوقۇل سۆز ئويۇنى ۋە نوقۇل ئۆزىنىڭ گاڭگىرىغان ھەم ئېچىرقىغان خۇسۇسىي ھېس-تۇيغۇلىرىدىن باشقا سالماق تۇتۇپ تۇرغان خەلق رېئاللىقى چىقمايدىغان شائىر ۋە يازغۇچىلارنى ئەيىبلەيمىز.

ئىنساننىڭ ئىجتىمائىيلىقىنىڭ پۈتۈن ماھىيەتلىك تەرەپلىرى ئىنسان روھىيىتىگە، ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئاڭ-پىكرىگە مەركەزلەشكەن. مۇشۇ مەنىدىن ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي سۈپىتى، ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئاكتىۋال چۆلۈۋۈرى ئۇنىڭ ئاڭ تۈزۈلمىسىدىن ئىبارەت دېيىش مۇمكىن. ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى ۋە ئىلغار ئاڭ قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان مىليونلىغان يېڭى ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرمەي تۇرۇپ، خەلقىمىزنى مۇنەۋۋەر ئەنئەنىلىك، سوتسىيالىستىك ھازىرقى زامان مىللىتى قىلىپ چىقىش مۇمكىن ئەمەس. بەدىئىي ئىجادىيەتكە خاس ئوبرازلىق تەپەككۇر پەقەت خەلق رېئاللىقىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەپەككۇر، ئەدىبنىڭ خەلق رېئاللىقىغا بولغان مۇتەپەككۇرانە پىكىر-ھېسسىياتلىرىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدىغان تەپەككۇر، ئەدىبنىڭ خەلققە قارىتا ئىنژېنېرلىق قىلىشىغا بەدىئىي ۋاستە بولىدىغان تەپەككۇر، خالاس.

ئەمەلىيەتتە مۇنداق ئۈچ خىل ئەدىب بولۇشى مۇمكىن: بىرىنچىسى، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ئاڭلىق ھالدا ئىجابىي جەھەتتىن ئاڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان ئەدىبلەر. ئىككىنچىسى، ئاڭلىق ھالدا سەلبىي جەھەتتىن خەلق ئارىسىدا ئاڭ قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارىدىغان ئەدىبلەر، ئۈچىنچى خىلى، ئۆزىنىڭ شائىر، يازغۇچى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلسىمۇ، قانداق ئاڭ قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىغان، ئەدەبىيات — يېزىش دېمەك-

تۇر، ئەدەبىياتچىنىڭ ۋەزىپىسى يېزىش، كۆپ يېزىش، ياخشى يېزىشتىن ئىبارەت دەپلا بىلىدىغان ئەدىبلەر، ئەسەرلىرىنىڭ كۆپ، ئاز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر يۇقىرىقى ئىككى خىل ئەدىب ئاڭلىق پائالىيەت ئېلىپ بارغۇچى ئەدىب، كېيىنكىسى بولسا، ئىشلەشكۈ ئەدىب ھېسابلىنىدۇ.

بىز بۇ ھەقتە ئېنىق قاراشقا ئىگە بولۇشىمىز، كىتابخانلارنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى خاراكتېرى، ۋاسىتىلىرى توغرىلىق روشەن پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى تىكلىشىگە ياردەملىشىشىمىز، ئەدىبلىرىمىزنى توغرا مەيدان ۋە دۇنيا قاراشقا ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ ئىلغار، زامانىۋى، مەدەنىيەتلىك، سوتسىيالىستىك مىللەت بولۇپ چىقىش جەريانىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە بىر نىيەتتە ئورتاق كۈرەش قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشىمىز لازىم. بۇ، تارىخنىڭ يۈزلىنىشىگە ئۇيغۇن نۇرانە تاللاش، ئەلۋەتتە. پەقەت خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئويغىنىشىنى، سوتسىيالىستىك زامانىۋى ئاڭ قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش يولىدا قولغا قەلەم ئالىدىكەنمىز خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ تۆتىنچى قېتىملىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن تەبرىك سۆزىدە كۆرسەتكەندەك: «توغرا بولغان ئىجادىيەت ئىدىيىسى يېتەكچىلىكىدە، ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ تېما ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى كۈنساناپ رەڭگارەڭ قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىشقا جۈرئەت قىلىش»نى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئوبراز ئارقىلىق خەلقنى تەپەككۇر قىلىشنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ ئاچقۇچى ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالىتى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇنىڭ خەلققە، خەلق تۇرمۇشىدىكى رېئاللىققا، خەلقنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالىغا بولغان كۆيۈنۈشى ۋەمەسئۇلىيەتچانلىقىنىڭ دەرىجىسى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئەدىبنىڭ خەلق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تۈپ ھالقا، ئەدىبنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، ئەدىبنىڭ تارىخىي مۇقەررەرلىك بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئەدىبنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى مۇشۇ تۈپ مۇناسىۋەتنىڭ خاراكتېرى ۋە دەرىجىسى ئاساسىدا بىر تەرەپ قىلىنغان بولىدۇ. شۇڭا بۇنى ئەدىبنىڭ ئىجتىمائىي (سىياسى) ئاڭ قۇرۇلمىسىغا ئالاقىدار تۈپ مەسىلە دېيىش مۇمكىن. بۇ جەھەتتە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەمەلىيىتى بىلەن ئازتولا ئالاقىسى بولغان ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر.

بىرىنچى مەسىلە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقى — ئۇنىڭ دېھقانلىرى، ئىشچىلىرى، ھۈنەرۋەن، كاسىپلىرى، زىيالىيلىرى، جۈملىدىن ئۆسمۈرلىرى، ياشلىرى، ياشانغانلىرى، خوتۇن-قىزلىرى — تولىمۇ كونكرېت، تولىمۇ ئەمەلىي ۋە جانلىق ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە راۋاجلىنىۋاتقان تارىخىي رېئاللىقتىن ئىبارەت. بىز ئۇنىڭ مۇشۇ تارىخىي بوغۇندىكى مىليونلارنىڭ پەقەت ئاز بىر قىسمىنىلا كۆرەلەيمىز. ئۇنىڭ رېئاللىقى ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا، پىكىر-ھەرىكەتلىرىدە، ئارزۇ ۋە چۈشلىرىدە گەۋدىلەنگەن. بىز ئۇنى سۆيىمىز. ئەمما بۇنداق سۆيۈش ئۇنىڭ راۋاجلىنىشىغا مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان، زىيان-زەخمەت كەلتۈرمەيدىغان سۆيۈش بولۇشى لازىم. بىز ئۇنىڭ تەرەققىياتىغا مەسئۇل بولۇشىمىز؛ ئۇنى دۇنيا بىلەن، كەلگۈسى بىلەن زىت قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم. شۇنداق بولغاندىلا، خەلقىمىزنى ئەقلىي بىلىش دەرىجىسىدە سۆيگەن، دۇنياۋى ھەم تارىخىي تەپەككۇر پەللىسىدە سۆيگەن بولىمىز.

ئىككىنچى مەسىلە، رېئاللىقنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈگۈنكى تۇرمۇش رېئاللىقىنىڭ ماھىيەتلىك تەرەپلىرىگە ئەستايىدىل چوڭقۇرلاپ كىرىشىمىز، بەدىئىي ئىجادىيەتتە ھەقىقىي رېئاللىق، ماھىيەت-

لىك رېئاللىق ۋە راۋاجلىنىۋاتقان رېئاللىقتىن چەتنىمەسلىكىمىز لازىم. كېيىنكى يىللاردا ئېلىمىز ئەدەبىياتىدا يۈز بەرگەن سېپىرلىك جانبازلىق، ئالېتە ئاجايىپ-غارايىپ تۇرمۇش پاراۋانلىقى، سەتەڭلەر چۆردىدەلگەن كەيپ-ساپا، نوقۇل ۋەقەلىك ئەدەبىياتى ياش ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسىنى خېلىلا نابۇت قىلدى.

روشەنكى، بىز ئېيتىۋاتقان رېئاللىق نوقۇللا رېئاللىقتىكى بەزى ۋەقەلەر بولماستىن، بەلكى خەلق تۇرمۇشىنىڭ رېئاللىقى-ھەقىقىي، ماھىيەتلىك، راۋاجلىنىۋاتقان رېئاللىقتىن ئىبارەت. ساختا «رېئاللىق» بىلەن ھەقىقىي رېئاللىقنى، ماھىيەتسىز رېئاللىق بىلەن ماھىيەتلىك رېئاللىقنى پەرق ئېتىش بىلەن بىللە يوقىلىۋاتقان، ئىستىقبالسىز رېئاللىق بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان، ئىستىقبالغا ئىگە رېئاللىقنى پەرقلەندۈرۈشىمىز لازىم. گوركى چىنلىق ھەققىدە توختىلىپ ئۆتمۈشكە تەۋە بولغان «پەسكەش ۋە ناپاك چىنلىق» بىلەن بۇ خىل چىنلىقنى بىتچىت قىلىش ئارقىلىق «تۇغۇلغان»، «ئۆسۈۋاتقان» يەنە بىر خىل چىنلىقنى پەرقلەندۈرۈش لازىملىقىنى تەكىتلىگەنىدى. سوتسىيالىزم دەۋرى دەل مۇشۇنداق بىتچىت قىلىش ۋە تۇغۇلۇپ-ئۆسۈش خاراكتېرىدىكى نەرسىلەر، ھادىسىلەر، جەريانلار بىلەن تولغان.

ئۈچىنچى مەسىلە، ئەدىبنىڭ خەلققە بولغان مۇناسىۋىتىگە ئەدىبنىڭ خەلقنى ئۇبرازلىق تەپەككۇر قىلىشتىكى ئىجادىيەت ئەركىنلىكى مەسىلىسى تۇتاشقان بولىدۇ. بۇ مەسىلىنى بىر قىسىم ئەدىبلەر ئەدىبنىڭ خەلققە بولغان مۇناسىۋىتى مەسىلىسىدىن، باشقىچە ئېيتقاندا، بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى مۇشۇ تۈپ مۇقەررەرلىك مەسىلىسىدىن ئايرىپ مۇھاكىمە قىلىدۇ.

ئومۇمەن ئالغاندا، ئەدىبنىڭ (ئوخشاشلا ھەرقانداق سۇبيېكتىپنىڭ) قانداق خاراكتېر ۋە سۈپەتتە بولۇشىغا قاراپ، ئۇنىڭ شۇنداق خاراكتېر ۋە سۈپەتتىكى ئەركىنلىك قاراشلىرى ھەم تەشەببۇسلىرى بولىدۇ. ئەدىبنىڭ مۇنداق ئەركىنلىك قارىشى ۋە تەشەببۇسلىرى خەلققە، خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋە كېلەچىكىگە نىسبەتەن ئىلگىرى سۈرگۈچى، ئىجابىي خاراكتېر ۋە سۈپەتتە بولۇشىمۇ، ئەكسىچە بۇزغۇچى، سەلبىي خاراكتېر ۋە سۈپەتتە بولۇشىمۇ تامامەن مۇمكىن. چۈنكى بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئەركىنلىك مەسىلىسى ماھىيەتتە خەلق روھىيىتى بىناكارلىقى، خەلقنىڭ ئاڭ قۇرۇلمىسى ئىنژېنېرلىقى مەسىلىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى مىسالغا ئالساق، مۇنداق بەدىئىي ئەسەرلەردە ئىككى ھالقىلىق مەسىلە مۇشۇ ئىجادىيەت ئەركىنلىكىگە ئالاقىدار بولۇپ، بىرىنچىسى، بەدىئىي ئەسەردىكى تارىخىي رېئاللىق ئارقىلىق تارىختىكى خەلق رېئاللىقىنى قانداق قىلىپ تېخىمۇ تىپىك، تېخىمۇ ماھىيەتلىك، تېخىمۇ ئۇبرازلىق ئىپادىلەپ بېرىش مەسىلىسى، ئىككىنچىسى، ئۆتكەندىكى تارىخنى ئۈزلۈكسىز ئىلگىرىلەۋاتقان بۈگۈنكى خەلق (بولۇپمۇ ياشلار) بىلەن قانداق يۈز كۆرۈشتۈرۈش مەسىلىسى. بۇ يەردە مۇقەررەرلىكمۇ، ئەركىنلىكمۇ، ئىجابىيلىقمۇ، سەلبىيلىكمۇ ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشى مۇمكىن. مېنىڭچە، قۇياشقا ئارقىسىنى قىلىۋېلىشمۇ، قۇياش ئاستىدا مۆگدەپ يېتىشمۇ ياخشى ئەمەس.

ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالەت دەرىجىسى ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭ يۇقىرى تەپەككۇر، بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەلىكىسىنى بويلاپ ئىلگىرىلەش يولىدا ئېرىشكەن ئەمەلىي نەتىجىسىگە باغلىق. بەزى ئەدىبلەرنىڭ سەۋىيىسى ئېلان قىلغان ياكى يازغان بەدىئىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت سەۋىيىسىدىن ئۈستۈنرەك بولۇشى مۇمكىن، ئەمما كۆپ ئەسەر ئېلان قىلغان ئەدىبمۇ مەدەنىيەت سۈپىتى جەھەتتە ئاساسەن ئۆز ئەسەرلىرىدە چەكلەنگەن مەلىكە چەمبىرى (ئۇپۇقى) دائىرىسىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتەلمەيدۇ. شۇنى روشەنلەشتۈرۈش زۆرۈركى، بىرىنچىدىن، ئىدېئولوگىيىلىك مۇھەندىس ھېسابلانغان ئەدىب مۇتەپەك-

كۆر ياكى مۇتەپەككۇرانە تەپەككۇر ئىگىسى بولۇشى لازىم. ئۇ بىرەر يېزا ـ قىشلاق، ھەتتا بېكىنمە ھالەتتە ئالەمدىن تولىمۇ چەتتە قالغان بىرەر كەپىدىكى ئىنسان تۇرمۇشى ھەققىدە يازغاندىمۇ، يەنىلا ئالەمشۇمۇل تەپەككۇر چىرىقى بىلەن ئۆز سيۇژىتىنى يورۇتۇپ بېرىشى لازىم. ئىككىنچىدىن، تەپەككۇر، جەمئىيەت، تارىخ ۋە بىلىش ھەققىدىكى پەنلەرنىڭ چەكسىز كۆپ قاتلاملىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەربىر قاتلىمى ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش بىلىم سىستېمىسىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ،ئۇنىڭ ھەربىر قاتلىمى ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش بىلىم سىستېمىسىغا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشى ئوڭايلا ھەممىنى بىلگەندەك قىياس قىلىپ قانائەتلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، بۇ ھال ئۇنىڭ يۇقىرىراق قاتلامغا چىقىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى، داۋاملىق بىلىم چوققىسىغا ئۆرلەش ئۈچۈن، مۇنداق ئېھزىتقۇ قىياسقا خاتىمە بېرىش لازىملىقىنى بىلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، يۇقىرى تەپەككۇر، بىلىم ۋە مەدەنىيەت مەلىكىسىگە ئېرىشكەن ئەدىبلەرنىڭ نوقۇل ئىلھام، ئامەتكە قاراپ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۆلمەس ئەسەر يارىتىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېنىق بىلىش لازىم. قازاندا نېمە بولسا چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ. ئەقىللىق ئەدىب ئۈچۈن مەسىلىنى ھەل قىلىدىغىنى مۇناسىۋەتلەر تورى بولماستىن، تەپەككۇر توقۇلمىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك.

ئەدىبنىڭ مەنىۋى كامالەت دەرىجىسى يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ داۋاملىق تاۋلىنىپ بېرىشىغىمۇ باغلىق. بۇ يەردە ئىككى مەسىلە ئېتىبار بېرىشكە ئەرزىيدۇ. بىرى، ئۇسلۇب يارىتىش مەسىلىسى، يەنە بىرى، ھەربىر دەۋرنىڭ تېمىسىنى بايقاش مەسىلىسى.

شۇ نەرسە روشەنكى، يېزىقچىلىق ماھارىتىنىڭ تاۋلىنىشى ھەرگىزمۇ بىر خىل قېلىپقا چۈشۈۋېلىپ، ئۇنى بارغانسېرى قاتماللاشتۇرۇۋېتىش دېگەنلىك ئەمەس. سەنئەت تارىخى، تېگى تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئوخشىمىغان دەۋر تېماتىكىسىنى، دەۋر روھىنى ئوخشىمىغان بەدىئىي ئۇسۇلدا ئىپادىلەپ، ئوخشىمىغان ئۇسلۇب يارىتىش تارىخىدىن ئىبارەت. سەنئەت تارىخى ــ ئۇسلۇب تارىخى، يېڭىچە ئۇسلۇبتا يېڭىچە رېئاللىق، يېڭىچە دەۋر ئېڭىنى ئوبرازلاشتۇرۇپ ئىپادىلەش تارىخى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېڭىچە رېئاللىق، يېڭىچە دەۋر ئېڭى يېڭىچە ئۇسلۇبنىڭ ئالدىنقى شەرتى، يېڭىچە ئۇسلۇب ئۇنىڭ بەدىئىي شەكىلدە ماددىلىشىشى بولىدۇ. يېڭىچە رېئاللىق، يېڭىچە دەۋر ئېڭى بەدىئىي ئىجادىيەتتە تېما تاللاش مەسىلىسىدە گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ. يېڭى تېما يېڭىچە رېئاللىق بىلەن يېڭىچە دەۋر روھىنى ئىككى سېۋەتكە سېلىپ كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئادەمگە ئوخشايدۇ، ۋەھالەنكى بىز بېشىغا سۇلايمان قالپىقى كىيىمگەن ۋە ھەمىشە بىزگە ئۇچراپ تۇرىدىغان بۇ «ئادەم»نى پات ـ پات كۆرەلمەي قالىمىز.

يېقىندا بىر مۇنچە ھېكايە ۋە شېئىرلارنى ئوقۇپ چىقتىم. نۇرغۇنلىغان ياخشى ھېكايە، شېئىرلار مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، لېكىن بەزى ھېكايىلار تۇرمۇشتىكى زېرىكىشلىك ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرنى بىر قۇر چالا ـ پۇلا ئەسلىتىشتىن نېرىغا بارالمىغان، بەزى شېئىرلاردا ھەتتا تۇرمۇشتىكى ئۇششاق ـ چۈششەكلەرچىلىكمۇ تەم يوق. ئوقۇسىڭىز ياكى دىلىڭىز سۇ ئىچمەيدۇ، ياكى ھېسسىياتىڭىز قوزغالمايدۇ، ياكى كۆز ئالدىڭىزغا پۈتۈنرەك بىرەر كۆرۈنۈش كەلمەيدۇ. مەن شېئىرىيەت ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىرى بولغانلىقىم ئۈچۈن، خىجىل بولدۇم. مەنمۇ شۇنداق شېئىر يازغان بولسام، يىغىپ كەلسە، نېمىنى يازغان بولسامەن؟ كۆز ئالدىمغا تۇغۇلمىغان توشقاننى ياسىمىغان ئوقيادا ئېتىپ، كولانمىغان ئازگالغا دۈم چۈشۈرۈۋېتىدۇ دېگەندەك ھېكايىلار بىلەن تولغان «قىرىق يالغان»

www.uyghurkitap.com

چۈچمكى بىلەن شەيتانغا مىنىۋېلىپ نايىنايىنى تەكرارلاپ، ئالمىلىقتىن ئالمۇتىغا بارغان ئالدار كوسىنىڭ قىياپىتى كەلدى، بەلكى بۇ شېئىرلاردىكى يوشۇرۇن، ئەمما گەۋدىلىك ئوبراز ئاشۇ ئالدار كوسا ئوبرازى بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم.

يېقىندا تېلېۋىزوردىن «مەرگەن» دېگەن قىسقا فىلىمنى كۆردۈم. فىلىمدا ئاتا-ئانىسى بىر-بىرى بىلەن توختىماي ئۇرۇش-جېدەل قىلغانلىقى، تەربىيىچى ئاچىلىرى ئويۇن-تاماشا بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، باللار باغچىسىدىن بىزار بولۇپ كوچىغا چىقىپ كەتكەن بىر بالىنىڭ تۇرمۇشى تەسۋىرلەنگەن. بالا يامغۇر-يېشىنلىق كۈنلەردە كوچىدا ئىگە-چاقىسىز يۈرىدۇ. خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك تېمىلارنى شۇ بالىغا ئوخشىتىشقا توغرا كەلسە، ئاپتور ۋە تەھرىرلىرىمىزنى شۇ بالىغا خەيرىخاھلىق قىلماي، ئۆز خۇي ۋە ھەۋىسى بىلەن بولۇپ كەتكەن ھېلىقى ئاتا-ئانا بىلەن ئاچىلارغا ئوخشىتىش مۇمكىن. شۇ سەۋەبلىك بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز تېما گادايلىقى، تېما ئەمالىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىدى. بەزى ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىدىن جىنايەت يولىغا ماڭغانلار توغرىلىق خېلى پاكىتلار باركى، بەزى ئەسەرلەرنىڭ تەسىرىدىن جىنايەت يولىدىن قايتقانلار توغرۇلۇق مىساللار يوق دېيەرلىك.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ خېرىدارلىقى بىلەن مەنىۋى كامالىتىنى پاراللېل ياكى توغرا تاناسىپ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. كىشىلىك رېئاللىقنىڭ بىر قىسمى، ئىنساندىكى پاك ۋە يۈكسەك ئاڭ-ھېسسىياتنىڭ بىر تۈرى بولغان مۇھەببەت ئورنىغا جىنسىي خاھىش دەسسىتىلىدىكەن، بۇنداق ئەسەرمۇ «خېرىدارلىق» بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بىز مۇنداق «خېرىدارلىق» ئۈچۈن بىر ئەۋلاد ياش-ئۆسمۈرلىرىمىزنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىنى بۇلغاشتەك زور بەدەل بېرىشىمىز تەبىئىي. يېقىندا قانداقتۇر بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا «بەدىنى بىرقانچە خىل ئەرەنلىك ھارارىتىدىن بەھرىمەن بولىدىغان» ئىجابىي ئايال قەھرىمانلار توغرىسىدىكى ھېكايىلارنى ۋە خاراكتېرسىز خاراكتېرگە ئىگە پېرسوناژلارنى يارىتىش مەدھىيىلەنگەن تەقرىزلەرنى كۆرۈپ قالدىم. دەرھەقىقەت ئادەم مۇرەككەپ، ئىقتىدارلىق ئىجتىمائىي ھايۋان، ئۇ خۇددى ماركس ئېيتقاندەك، ھايۋانات دۇنياسىدىكى بىرەر تۈرنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەممە تۈرنىڭ ئىشىنى قىلالايدۇ، گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ. ئادەم قولىدىن كەلمەيدىغان ياخشىلىق، يامانلىقمۇ يوق، ئەمما كونكرېت ئادەم، بولۇپمۇ بەدىئىي ئەسەردە ئىدېئولوگىيىلىك ئىنژېنېر تەرىپىدىن پۈتۈن ئاۋامغا ئاڭ قۇرۇلمىسىنىڭ جانلىق مودىلى قىلىنىۋاتقان پېرسوناژنىڭ كۆپ قىرلىق مۇھەببەت ۋە كۆپ قۇتۇپلۇق خاراكتېر ئىگىسى بولغىنى مۇۋاپىق بولمىسا كېرەك. ئۇ مۇئەييەن پاك مۇھەببەتتە تولۇق، ئەركىن، ئازادىلىك نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىشى مۇمكىن. ئۇ مۇئەييەن پېرسوناژ خاراكتېرى شەرتى ئاستىدا شۇ خاراكتېر تىپىغا ئۇيغۇن ئالدىنقى ئاڭ ۋە پوتېنسىئال ئاڭ ئالامەتلىرىنى ئىپادىلىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇ مېندېلېيېۋنىڭ ئېلېمېنتلار جەدۋىلىدىكىدەك توقسان ئالتە خىل بولۇپ قالمىغىنى تۈزۈك. مەن يۇقىرىقىدەك «كۆپ ۋىتامىنلىق مۇھەببەت» بىلەن «خاراكتېرسىز خاراكتېر»نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تېما گادايلىقىنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى چارىسى دەپ قارىمايمەن.

90-يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئۈچۈن سۈپەت ۋە ئۇسلۇب گەۋدىلەندۈرۈلگەن گۈللىنىش يىللىرى بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇ رېھىم

# تولستوي ۋە جۇڭگو

تولستوي ھايات ۋاقتىدا جۇڭگونىڭ ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيىتى ۋە تارىخىغا، جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بىلەن تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن ۋە جۇڭگونىڭ قەدىمكى پەلسەپە ئىدىيىسىنى تەتقىق قىلغان. مەلۇماتلارغا قارىغاندا، ئۇ ئوقۇغان جۇڭگو توغرىسىدىكى كىتابلار 12 خىلدىن ئاشىدىكەن. ئۇ بىر مۇخبىرنىڭ دۇنيا بويىچە قايسى يازغۇچى ياكى مۇتەپەككۇرنىڭ سىزگە بولغان تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر دېگەن سوئالىغا كۇڭزى بىلەن مېڭزىنىڭ تەسىرى ئەڭ چوڭقۇر، دەپ جاۋاب بەرگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ 1857- يىلى يازغان «روسا- يىن» ناملىق ھېكايىسىدە ئەنگلىيىلىكلەرنىڭ جۇڭگو خەلقىنى قىرغانلىقىنى ئەيىبلىگەن ۋە پاش قىلغان. 1900 - يىلى 7 - ئايدا ئۇ «ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ» ناملىق مەشھۇر ماقالىسىنى يېزىپ، سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ جۇڭگوغا قارىتا يۈرگۈزگەن كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش، بۇلاشتىن ئىبارەت قىلمىشلىرىغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرگەن. شۇ يىلى 10 - ئايدا ئۇ يەنە «جۇڭگو خەلقىغە خەت» نى يېزىشقا باشلىغان. تولستوينىڭ كاتىپى ئاشۇ ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: 1910 - يىلى 4 - ئايدا تولستوي جۇڭگودىكى بىر ئىلغار ياشلار تەشكىلاتى ئەۋەتكەن ئىنگلىزچە نەشر قىلغان كىتابىنى تاپشۇرۇۋالغان ۋە ئۇنى ئىنتايىن ئىخلاس بىلەن ئوقۇپ چىققان.

تولستوينىڭ ئەسەرلىرى خېلى بۇرۇندىنلا جۇڭگو خەلقىغە تونۇلغان. 1907 - يىلى ئېلىمىزدە چىقىدىغان گېزىت - ژۇرناللارغا ئۇنىڭ سۈرىتى بېسىلغان، ئۇنىڭ ئېلىمىزگە ئەڭ بالدۇر تونۇشتۇرۇلغان كىتابى — «تورنىڭ دىنىي ھېكايىسى» ناملىق كىتابچە بولۇپ، 1907 - يىلى نەشر قىلىنغانىدى، 1913 - يىلى شاڭخەي جۇڭخۇا كىتاب ئىدارىسى تولستوينىڭ ماجۇنۇۋ تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان «تىرىلىش» ناملىق رومانىنى نەشر قىلدى، 1917 - يىلى چېن جيالىن بىلەن چېن دادېڭ بىرلىشىپ تەرجىمە قىلغان رومان — «ئاننا كارېنىنا» مۇ نەشر قىلىندى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، تولستوينىڭ 30 خىلدىن ئارتۇق ئەسىرى ئارقا - ئارقىدىن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

مەريەم قاسىم تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

## ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى

ئېلىمىزنىڭ مەشھۇر يازغۇچىسى باجىن پۇتى جاراھەتلىنىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىمۇ يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشنى توختاتمىغان. ئۇ: «يازغۇچى ئۆز ئەسەرلىرى بىلەن بىللە ياشايدۇ، مەن قەلىمىمنى بىر مىنۇتمۇ توختىتىپ قويمايمەن، ئۇنىڭدا ئوت ئالدۇرۇپ، ئوتنى ئۆزۈمگە ياقىمەن، ئۆزۈم كۆلگە ئايلىنىپ كەتسەممۇ، سۆيگۈ - مۇھەببىتىم، ھېسسىياتىم ئىنسانلار ئارىسىدىن يوقىلىپ كەتمەيدۇ» دېگەن. ھازىر ئۇنىڭ چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن قەلبىدە ياشلىق يالقۇنلىرى لاۋۇلداپ تۇرىدۇ. باجىننىڭ ھاياتنىڭ قەدىرقىممىتى توغرىسىدا ئېيتقان ئىنتايىن تەسىرلىك بىر جۈملە سۆزى بار: «ھاياتنىڭ قەدىر-قىممىتى ئېرىشىشتە، ئېلىشتا ئەمەس، بەلكى بەخش ئېتىشتە، تەقدىم قىلىشتا». ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى گويا ئالتۇنغا ئوخشايدۇ. ئۇنى پېشقەدەم يازغۇچىنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنىڭ قىممەتلىك جەۋھىرى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، بۇ جەۋھەر كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

تولداش باجىننىڭ نام - شۆھرىتىمۇ، مەرتىۋىسىمۇ، بايلىقىمۇ يېتەرلىك، ئۇ پۈتۈنلەي بىكار يېتىپ كۈن ئۆتكۈزسىمۇ بولۇۋېرەتتى، ئەمما ئۇ ھېلىمۇ قەيسەرلىك بىلەن جاپاغا چىداپ ئىجاد قىلماقتا. ئۇ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ قايتىدىن ئەدەبىيات مۇنبىرىگە چىققاندىن كېيىن، يازىدىغان ۋە تەرجىمە قىلىدىغان سەككىز پارچە كىتابى بارلىقىنى ۋە بۇ ۋەزىپىنى جەزمەن تاماملايدىغانلىقىنى تولۇپ - تاشقان ئىشەنچ بىلەن جاكارلىغان. ئۇ ئېلىمىزنىڭ ئەدەبىيات سەنئىتىدىكى دۆلەتتىن مائاش ئالماي، ئۆزىنىڭ قەلەم ھەققى بىلەنلا تۇرمۇشنى قامدايدىغان ئىنتايىن ئاز ساندىكى يازغۇچىلارنىڭ بىرى. بىز ئۇنى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ئەمگەك نەمۇنىچىسى دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

## لى جىنىڭ خەلق قوشاقلىرىنى ئۆگىنىشى

لى جى — زاماندىمىزدىكى داڭلىق شائىر. ئۇ شىمالىي شەنشىدە 6 - 7 يىلدەك ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان، شىمالىي شەنشى تەرەپلەرگە كەڭ تارقالغان شىنتيەنيۇ شەكلىدىكى خەلق قوشاقلىرى ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلپ قىلىۋالغان. ئۇ بەزىدە ناخشا، قوشاق ئېيتقۇچىلارنىڭ ھەقىقىي ۋە تەبىئىي ئاۋازلىرىنى ھامماللارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈرۈپ يوشۇرۇنچە ئاڭلىسا، بەزى چاغلاردا يۇرتداشلىرىنىڭ دېزىرىلىرىنىڭ يېنىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىغان، بەزىدە بولسا ياپپېشىل دەرەخلەرنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋېلىپ، ياۋا كۆكتات يىغىۋاتقان يېزا ئاياللىرىنىڭ كۆڭۈل سادالىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىغان ھەمدە بۇ ناخشىلارنى بىر - بىرلەپ خاتىرىلىۋالغان. لى جى ئۆزى توپلىغان ئۈچ مىڭ پارچىدىن ئارتۇق شىنتيەنيۇ ناخشىسى ئاساسىدا «ۋاڭ گۈي بىلەن لى شياڭشياڭ»، «گاۋياڭنىڭ تەرجىمىھالى» قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى ياراتقان.

## چىخوۋنىڭ تۇرمۇشقا چۆكۆشى

چىخوۋ دېھقانلار ئارىسىدا ياشايتتى، ئۇنىڭ قىلچىمۇ يازغۇچىلىق كىبىرى يوق ئىدى، ئۇ دېھقانلار بىلەن بىللە ئەمگەك قىلىشقا بەكمۇ خۇشتار ئىدى، ئۇ ھويلىسىغا ئۆزى جىرىم تىكىپ، ئۆي ھايۋانلىرىنى باقاتتى، ئۇ دوختۇر بولغاچقا، كېسەل كۆرسىتىدىغانلار ئۇنى تولا ئىزدەپ كېلەتتى، ئۇ جۇدۇن - چاپقۇنلارغا، يامغۇر - يېشىنغا پىسەنت قىلماستىن، پۇقرالارنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ كېسەل كۆرەتتى، ئۇ يەنە ئامىمىۋى تەشكىلاتلارنىڭ يىغىنلىرىغىمۇ قاتنىشىپ، خەلققە پايدىلىق بولغان بىرمۇنچىلىغان پىكىر - تەكلىپلەرنى بەرگەن. بۇ پائالىيەتلەر چىخوۋنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى خەلق بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھېكايە ئىجادىيىتىنى پۇتمەس - تۈگىمەس مەنبەگە ئىگە قىلغانىدى.

## جاڭ تيەنيى تۈزۈپ چىققان «يېزىقچىلىق ئەھدىنامىسى»

ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە مەشھۇر يازغۇچى جاڭ تيەنيى يېزىقچىلىققا يېڭىدىن كىرىشكەنلەرگە ئاتاپ ئون ماددىلىق «يېزىقچىلىق ئەھدىنامىسى» تۈزۈپ بەرگەن. ئۇنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى:

1. كۆپ ئوقۇش، كۆپ يېزىش، ھەر ھەپتىدە جەزمەن بىر ئەسەر يېزىپ چىقىش.
2. مۇزاكىرىلەرگە قاتنىشىپ، كۆپرەك پىكىر قاتناشتۇرۇش، تارتىنىپ ئولتۇرماسلىق، خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن، باشقىلارنىڭ زاڭلىق قىلىشىدىن قورقماسلىق.
3. يېزىقچىلىققا بولغان ئىشەنچىسى ۋە جاسارىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، گۆدەكلىك قىلىپ قويۇشتىن قورقماسلىق، «تالانت»، «ئىلھام» دېگەنلەرگە خۇراپىيلارچە ئىشىنىپ كەتمەسلىك، «ئوڭايلىقچە سايرىماسلىق، سايرىغاندا ھەممىيلەننى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇش» كۆز قارىشىدا بولماسلىق.
4. كىشىلەر ماقالىسىنىڭ يېتەرسىزلىكلىرىنى تەنقىدلىگەندە قىزىرىپ خاپا بولۇپ كەتمەسلىك، كىشىلەر ماختىسا ئۇچۇپ ھاكاۋۇرلىشىپ كەتمەسلىك.
5. ئۆزى بىلمىگەن، تەتقىق قىلىپ باقمىغان نەرسىلەرنى يازماسلىق، باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى كۆچۈرۈۋالماسلىق ۋە ئۇلارنى دورىماسلىق.
6. سەۋىرچان بولۇش، قايتا - قايتا ئۆزگەرتىشتىن ۋە قايتا يېزىشتىن ئېرىنمەسلىك.
7. ئەسەر يېزىشتا ئۆزىنى كۆرسىتىش كويىدا بولماسلىق، يازغانلىرىنى مەتبۇئاتقا يوللىيالماي قالسا، خاپا بولۇپ كەتمەسلىك، بوشىشىپمۇ كەتمەسلىك.
8. باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى كۆرگەندە ھەسەت قىلماسلىق، ئۇلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىش.
9. ئەۋەتكەن ئەسەرلىرى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغانلىقىغا قاراپلا ئۆزىگە تەمەننا قويماسلىق.

www.uyghurkitap.com



10. ئەدەبىيات ساھەسىدىن باشقا ساھەلەرگە ئائىت بولغان كىتابلارنىمۇ ئوقۇپ قويۇش، كىتابنىڭ سىرتىدىكى جانلىق كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى كۆپرەك كۆزىتىپ بېرىش.

## ئەسەرنى 14 قېتىم تۈزىتىش

ئەنگلىيە تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئايال يازغۇچى خەن سۇيىننىڭ مۇنداق بىر خىل يېزىقچىلىق ئادىتى بار ئىكەن: ئۇ ئەسەر يېزىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇنى دەرھاللا ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەيدىكەن، ئۇنى بىر مەزگىل قويۇپ قويىدىكەن، ئاندىن يەنە بىر قۇر ئوقۇپ چىقىدىكەن، شۇنداق قىلىپ يۇرۇپ ئەسەردىكى تۈزىتىشكە تېگىشلىك بولغان بەزى جايلارنى ئاسانلا بايقىۋالىدىكەن. ئۇ ھەر قېتىم يازغان ئەسىرىنى نەشىر قىلىنىغانغا قەدەر ئۆزگەرتىدىكەن، ھەتتا بەزى ئەسەرلىرىنىڭ نەشىر قىلىنىش ۋاقتىنىمۇ كېچىكتۈرۈپ قويىدىكەن. ئۇ ھەر كۈنى كەچكىچە ئىشلەيدىكەن، چۈشتىمۇ دەم ئالمايدىكەن، باغچىلارغا، كوچىلارغا چىقىپ ئىككى سائەتتەك ئايلىنىپ تاماشا قىلىپ كىرگەندىن كېيىن، يەنە ئىشقا كىرىشىپ كېتىدىكەن، شۇنداق قىلىپ بىر كۈندە 14 سائەت ئىشلەيدىكەن. ئۇ: «بىر ماقالىنى يېرىم سائەتتە قالماي يېزىپ چىققىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇنى تۈزىتىپ چىقىشقا ئۈچ سائەت ۋاقىت كېتىدۇ» دېگەن. ئۇنىڭ «سەھەردىكى كەلكۈن» ناملىق كىتابىنىڭ 3 - تومى 14 قېتىم تۈزىتىلگەنىكەن.

ياسىن ھاۋازى تەييارلىغان

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن

گىلازىيا دېلېددا (ئىتالىيە)

## ئەر ۋە ئايال

(ھېكايە)

خۇددى باشقا خەۋەرلەرگە ئوخشاشلا، بىر قېرى ئايال ئۆزىنىڭ ياش ئاشنىسىغا ئۆستەك بېرىپتۇ، دېگەن بۇ گەپنىڭمۇ قەيەردىن تارالغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بىر كۆز ئاخشىمى ئاشۇ ئايال ئولتۇرۇشلۇق مەھەللىدىن سەككىز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى سان مارىكا ئۆتىڭىدە مۇشۇ گەپ ئۈستىدە غۇلغۇلا بولۇۋاتاتتى. يېقىن يەرلەردىن تارالغان خەۋەرلەر خۇددى كېپىملەردىكى ھەممە يەرگە دوقۇرۇپ يۈرگەن چاشقانلاردەك بۇ يەردىن كۆمۈر قاچىلانغان ياكى دەرەخ قوۋزاقلىرى بېسىلغان دېھقان ھارۋىلىرى، ساياھەتچىلەرنىڭ ئاتلىرى، نامرات يولۇچىلار چۈشكەن مەيپەلەر بىللەن بىللە تەرەپ - تەرەپكە تارقاپ كېتەتتى.

ئۆتەك خوجايىنىنىڭ ئايىلى قاۋاقخانا ئاچقان بولۇپ، يولۇچىلار بۇ يەرگە چۈشۈپ ھاردۇق چىقىرىشاتتى، قارتا ئويىنىشاتتى. دەل شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە، قارتا ئويناۋاتقان ئىككى ئەركەك ئاشۇ ياش ئاشنىسىغا ئۆستەك بەرگەن قېرى ئايال ھەققىدە پاراڭ قىلىۋاتاتتى.

—پۇلى بولسا بەرمەيدىغان ئىش بولمايدۇ - دە، قەرزنى قايتۇرۇش ھەق ئىش. كىم بىلىدۇ، بەلكىم ئۇ ئايال خەير - سەدىقە بەرگەندۇ، — دېدى مارىكا يەڭگە (كىشىلەر ئۆتەك خوجايىنىنىڭ ئايىلىنى شۇنداق ئاتىشاتتى) سۆز قىستۇرۇپ، — ناۋادا مېنىڭمۇ پۇلۇم بولسا ياش يىگىتلەرگە بېرەتتىم. ھېچنەرسىگە قۇربى يەتمەيدىغان يارىماس، لەقۋا قېرىلارغۇ مەيلى، ئەمما ياشلارغا يار - يۆلەك بولۇش كېرەك - تە.

ئەركەكلەر كۈلۈشۈپ كەتتى، ئەمما قارتا ئويناشتىن توختاپ قالمىدى. مارىكا يەڭگە قىزىق گەپ قىلدى. ئۇ ئادەمگەرچىلىك دېگەننى، مەئىشەت يوللىرىنى بىلمەيدىغان، سېپى ئۆزىدىن ئەخمەق ئايال ئىدى. ئۇ بىر بۇلۇڭدا تامغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى شۇنچە مەينەت ۋە جۇلجۇل ئىدى.

— مارىكا يەڭگە، مەنمۇ ياش يىگىتقۇ، ئەمما سىز ياشنىپ قالغانسىز. قېنى، ماڭا ئاتمىش سىكدۇ * بېرىڭ، مەن ئامېرىكا قىتئەسىگە بېرىپ تەلەي سىناپ باقاي،

* سىكدۇ ـ ئىتالىيە پۇل بىرلىكى، بىر سىكدۇ بەش ئىتالىيە لىراسىغا تەڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قېنى، ئەكېلىڭ ئەمسە!

بۇ گەپنى قىلغۇچىنىڭ ھەمراھى شىرە ئاستىدىن ئۇنىڭ پۇتىغا تېپىپ قويىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ كۆردىكى، يىراق تام تۈۋىدىكە سېلىنغان ئاق بورا ئۈستىدە كونا كۆك شىم، گىرۋەكلىرى قالمىغان قالپاق كىيگەن بىر يىگىت ياتاتتى. ئۇ ئۆتەڭ خوجايىنىنىڭ ئوغلى كىسپارولودو ئىدى.

گەرچە ۋاقىت خېلى بالدۇر بولسىمۇ، ئەمما ئۆتەڭ خوجايىنى بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بۇرۇنلا يېتىۋالغانىدى. كۈندۈزلىرىمۇ، ناۋادا دادىسى چاقىرىپلا قالمىسا ئۇنىڭ ياتقىنى ياتقانىدى. بىراق ئۇ چۈشىدىمۇ ھامان ھاقارەتلىنەتتى. شۇڭا ئەڭ يىراقتىكى تۇغقانلىرىدىنمۇ پەخەس بولۇپ يۈرەتتى.

قارت مەستانىلىرى قارتىنى ئويناپ بولۇپ پاراڭغا چۈشتى، ئەمما ئەمدى ماركا يەڭگە چاقچاق قىلىشتىن ھەزەر ئەيلىدى. ماركا يەڭگە ئۈگدەپ قالغانىدى— ھېلىقىلار قاۋاقخانىدىن چىقار چاغدىلا ئۇ ئويغىنىپ، ئۇلاردىن پۇل تاپشۇرۇۋالدى-دە، ئوچاق بېشىدىكى قازانچاققا سالدى.

ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ قاپقارا، نۇرلۇق كۆزلىرى قاراڭغۇ بۇلۇڭدا ئوت ئۇچقۇنىدەك پارلىدايتتى. ئۇ بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ يەنە يېتىۋالدى-دە، جۆيلۈشكە باشلىدى:

— تارقاش كېرەك، ۋاقىت يەتتى، تارقاش كېرەك.

ماركا يەڭگە ئۇياققا قايرىلىپ قاراپمۇ قويمىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ جۆيلۈشلىرىنى تولا ئاڭلاپ كۆنۈپ-كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىكنى يايمايلا ياندىكى كىچىككىنە ئۆيگە چىقتى-دە، ئېرىنىڭ يېنىغا ياتتى. ئۇنىڭ ھېرىپ-چارچاپ كەتكەن ئېرى ئاللىقاچانلا ئۇخلاپ، خورەكنى باشلىۋەتكەنىدى.

كىسپارو يەنە كۆزىنى ئاچتى، قولى بىلەن مەيدىسىگە كىرىست سىزدى. ئۆيدە باشقا ئادەم يوق ئىدى. پەقەت ئوچاقتىن چىقىۋاتقان، خۇددى قىپقىزىل گۈل بەرگلىرىدەك كۆرۈنىدىغان ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۆينى سەل يورۇتۇپ تۇراتتى. ئىشىكنىڭ يوچۇقلىرىدىن كېچىنىڭ سالقىن ھاۋاسى، ئېغىلنىڭ چىلە ھىدى ۋە يېڭى ئوت-چۆپلەرنىڭ پۇراقلىرى كىرەتتى. ئۆكۈزلەرنىڭ ئوت - چۆپ چايناشلىرى ۋە يىراقتىكى سۇنىڭ شارقىرىشى ئاڭلىناتتى.

كىسپارو بايىقى قارت مەستانىلىرىنىڭ ھەممە سۆزىنى خىرە - شىرە ئاڭلىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئېغىلدىكى ئۆكۈزلەر يېگەنلىرىنى كۆشىگەندەك، شۇ گەپلەر ئۈستىدە ئىنچىكە ئويلىنىۋاتاتتى. جىمجىت ۋە ئىللىق كۈز كېچىسىدە، يىراقتىكى بۇلاق سۇلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرى خۇددى ئەللەي ناخشىسىدەك ئاڭلىناتتى. بىر ياش قىمارۋازنىڭ ناھايىتى پەس ئاۋازدا قىلغان جىددىي سۆزلىرى ھېلىھەم ئۇنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە جاراڭلايتتى:

«سۇرگۈندىن كەلگەن يىگىت ماڭا سۆزلەپ بەرگەن. ھېلىقى ئايال ئۆي سالغاندا بۇ يىگىت ئىشلىشىپ بەرگەنىكەن. ئۆي شۇ ئايالغا قاپتۇ. ئۇ ھازىر باشقا ئەرگە تېگىپتۇ. ئۇنىڭ تۇنجى ئېرى باي ئىكەن، ئەمما ئۇ ئايال بىر ياش گادايغا كۆيۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ئېرى خۇددى ئەركەك ئىتتەك كۈنلەمچى، ئۆتۈپ كەتكەن بېخىل ئىكەن. ئايالنى ئون ئىككى يىلغىچە تالا - تۈزگە چىقارمىغان، قورسىقىغا تويغۇدەك ئاش - تاماقمۇ بەرمىگەنىكەن.

بۇ ئادەم ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇ ئايال بىر ياش گادايغا تېگىپتۇ. ئەمما بۇ چاغدا ئۆزىنىڭ يېشىمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىكەن، ئەمما چىرايىدىن ياشىنىپ قالغانلىقى ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىكەن. شۇڭا ئۇ ئاشنا تاللاشقا كىرىشىپتۇ. بۇنى بىلىپ قالغان ئېرى ئۇنى ئۇرغانىكەن، ئۇ ئېرىنى ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ئەر ئۇنى ئۆلتۈرۋېتىمەن دەپ تەھدىت سالغانىكەن، ئۇ ئايال ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ بىزنىڭ يۇرتقا كۆچۈپ كەلدى. كىيىم-كېچەك، زىننەت بۇيۇملىرى دۇكىنى ئاچتى ھەمدە يېڭىدىن ئۆي سېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ھەر كۈنى ئۆي سېلىۋاتقان جايغا بېرىپ ئىشچىلارنى كۆزدىن كۆچۈرەتتى. ئۇ تاش ۋە تاشچىلارغا نەزەر سالاتتى ۋە تاشچىلارنىڭ ياش يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى زادىلا ئەستىن چىقارمايتتى. ئۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۆزىگە نەزەر تاشلاشلىرى خۇددى ئورمانلىقتىكى پىشىپ، ئۆزلۈكىدىن تۆۋىگە چۈشۈپ قالغان ئالمىغا قارىغاندەك تۇيۇلاتتى... ئاڭلىشىمچە، ئۇ مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئاستىغا نۇرغۇن ئالتۇن كۆمگەنىكەن. باشقىلارنىڭ ھەر نېمە دېيىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ يېشى چوڭايغانسېرى ياش يىگىتلەرگە بەكرەك يېپىشىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر ئۇ يېڭى ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، ئۆيىنىڭ ئالتۇندەك شار نەقىشلەنگەن تۆمۈر رىشاتكىلىق بالكونى بار. دۇكىنى مەيداننىڭ ئۇدۇلىدا، ھەممە ئىشىكلەرگە پەردە تارتىلغان. خۇددى شەھەرلەردىكىگە ئوخشاش، بىر پارچە كىرىست شەكىللىك تاختايغا ئۇنىڭ ئونوۋلىيا دېگەن ئىسمى يېزىلغان.»

* *

كىسپارو دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. ئوچاق تۈۋىگە كېلىپ ھېلىقى قازانچاقنى قاراپ قويدى. ئاندىن سەل ئىگىلىپ تازا زەن سېلىپ قارىدى. گويا قازانچاقتا ئاش، تاماق باردەك پۇراپ باقتى. قازانچاقتىكى داچەنلەر خۇددى ياغدا پىشۇرۇلغان دادۇرغا، بىرنەچچە دانە پارقىراپ تۇرغان كۈمۈش لىرا بولسا سۇدا پىشۇرۇلغان دادۇرغا ئوخشايتتى.

كىسپارو ئوچاق تۈۋىدە بىر پەس تۇرۇپ، كۆزچىنىدە پۇلنى سانىدى. ئاندىن قازانچاقنى گويا تاماق پىشقان چاغدا قازاننى ئوچاقتىن چۈشۈرگەندەكلا كۆتۈرۈپ تالاغا — چىمەنلىككە ئېلىپ چىقتى-دە، زوڭزىيىپ، بىر ياغلىقنى يېيىپ، پۇللارنى ياغلىققا تۆكتى. ئاندىن ياغلىقنىڭ تۆت ئۇچىنى مەھكەم چىگىپ يولغا چىقتى.

پۇل چىگىلگەن ياغلىق گويا بىر پارچە خىشتەك ئېغىر ھەم قاتتىق ئىدى. كىسپارو قاپقاراڭغۇ ئېتىزلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ، خىرە-شىرە يورۇپ تۇرغان چوڭ يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. چوڭ ئېيىق يۇلتۇزلار توپىدىكى زەررەك يۇلتۇزلار يىراقلاردا جىمىرلايتتى. كىسپارو پەسلەپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا گويا يۇلتۇزلار پىلدىرلاپ تۇرغان ئاسماندا زەررەك چاقناپ تۇرغان بىركرېست جازىسى باردەك، ئۇنىڭغا «ئونوۋلىيا» دەپ يېزىلغاندەك تۇيۇلاتتى. كىسپاروغا يول بويى يىراقلاردىن سۇنىڭ شارقىرىشى ۋە ئات تۇياقلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇردى. دىمىقىغا يېشىل ئوتچۆپلەرنىڭ كېچىدىكى نەمخۇش ھىدى

ئۇرۇلۇپ تۇردى.
ئۇ ئويلايتتى: شۇ تاپتا سائەت بەل-
كىم سەككىز يېرىم بولدى. مۇشۇنداق سۇر-
ئەتتە ماڭسام سائەت ئونـدىن بۇرۇن كۆز-
لىگەن مەنزىلگە يېتىمەن. يېنىمـدا كەم
دېگەندىمۇ يىگىرمە سىكدو پۇل بار، ئۇدۇل-
لا پىرىستانـغا بارسام بولىدۇ. مەن يىـراق-
قىـراق كېتىـشىـم كېـرەك. كـورسېـغا،
بولمىـسا ئافرىقا قىتئـەسـىگە بارسام-
مۇ بولـىدۇ. ئىشـقىلـىپ بۇ يەردە تۇر-
ماسلىقىم كېرەك. مەن زادىلا ئۆتەڭ خوجا-
يىنى بولمايمەن! كۈن بويى باشقىلار را-
ھەتلىنىپرەك ماڭسۇن دەپ يولغا شېغىـل
يېيىتىپلا يۈرىدىغان ئىشنىمۇ قىلامدىغان؟!
ئۇندلق قىلىدىغانغا مەن ئېشەك ياكى باش-
قا بىر نەرسىمىدىم؟ دادامنىڭ ئىشلىگۈسى
بولسا ئۆزى ئىشلەۋەرسۇن، مەن ئىشلىمەي-
مەن! يىراققا كېتەلمەي قالسام، قايـتىپ
كېلىدىغان، پۇلنىمۇ مىدىرلاتماي قايتۇرۇپ
كېلىدىغان ئىش. شۇنداق ئىـكەن، ماڭاي!
ئالغا، كىـسپارو! باتۇرلارچە ئالغا!
كىـسپارو كېتىۋېتىپ، قورسىقىداچوت
سوقۇپ كۆردى - دە، گۆلقەقەلىرى ئېچى-
لىپ كەتتى. گويا قولىدىكىسى بىر تال ئاپ-
لىپىنـدەك، قولىدىكى پۇل چىگىلگەن ياغلىقنى
ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئالدى. ئۇ ئويلايتتى:
ناۋادا كېتەلمەي قالسام، ئۈچ سائەتتىن
كېيىن ھەممە پۇلنى - بىرتىيىنىمۇ ئۇيان-
بۇيان قىلماي ئەسلىدىكى ئورنىغا ئاپىرىپ
قويىمەن. كېتەلـسەم، يىراقلارغىلا كېتىمەن.
كۆزلىگەن مەنزىلگە يېتىپ بېرىپلا ئانامغا
خەت يېزىپ كەچۈرۈم سورايمـەن ھەمـدە
قولۇمغا تۇنجى رەت كىرگەن پۇلنى ئانام-
غا ئەۋەتىمەن.

ئۆزىنىڭ تازا بىر يالقاۋلىقى، دادى-
سىنىڭ ئۆزىدىن ئۈمىد ئۈزگەنلىكى كىـسـ-
پارونىڭ ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئەمما ئۇ ھا-
مان ئۆزىنىڭ يارامىلق ئىكەنلىكىنى دادى-
سىغا بىر كۆرسىتىپ قويۇشنى ئويلايتتى.
سەن بىر يالقاۋ ئىكەنسەن، باشقىچە ھا-
يات يولى تېپىشىڭ كېرەك. قەيەردە مۇۋا-
پىق ئىش بولسا شۇ يەرگە بېرىش كېرەك.
ئالغا، كىـسپارو! ئالغا!
كىـسپارو ئۇيان - بۇيانغىمۇ قايرىلـ-
ماي ئۇدۇل كېتىۋەردى، قايرىلىشىمۇ ئۇ-
نىڭغا ھاجەتسىز ئىدى. ھەر بىر قەدەمنى
باسقاندا ئۇ مەنزىلگە بىر قەدەم يېقىنلى-
شاتتى. بۇ خۇددى ھاياتلىقتا ھەر بىر قە-
دەمنى بېسىپ بولغاندا ماماتلىققا بىر قە-
دەم يېقىنلاشقاندەكلا ئىش ئىدى. ئۇ ئال-
غا ماڭغانسېرى قاراڭغۇلۇق ئاستا - ئاستا
يوقاپ، ئالەم بارا - بارا يورۇپ، ھەممە
نەرسە ئېنىق كۆرۈنۈۋاتقاندەك، ھەتتا ئۇنىڭ
ئاخىرقى مەنزىلى بولغان تۆمۈر رىشاتكىلىق
بالكونى بار ئۆيىمۇ كۆرۈنۈۋاتقاندەك، تۇيۇلدى.
بىراق، ئۇ ھېلىقى ئايالنىڭ مەھەل-
لىسىگە يېقىنلاشقانسېرى كۆڭلىدىكى گۇ-
مانلارمۇ كۆپەيگىلى تۇردى. ھېلىقـى ناتو-
نۇش ئايالنىڭ سىياقىنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرۈپ باقتى: بەلكىم ناھايىتى سېمىزدۇر،
ھەتتا گۆش توپىلا ئوخشىسا كېرەك. ئەم-
چەكلىرى قورسىقى ئۈستىدە ساڭگىـلاپ
تۇرىدىغاندۇ. كۆزلىرى قاپقارا، ئەمما ۋەھ-
شىيانە پارقىـرايدىغان بولسا كېرەك. دور-
دىيىپ چىققان كالپۇكلىرى ئۈستىدە قاپ-
قارا بۇرۇتىمۇ باردۇر. قىسقىسى، ئۇ ناھا-
يىتى باي موماي بولسا كېرەك. بۇنداق ئا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېتى www.uyghurkitap.com

يالىلارنى ئۇ سېنتەبىردىكى ئىلىن بايرىمىدا①
كـۆپ كـۆرگەنىدى. گەرچە قارىماققا ئۇيـ
لىغىنىمىزنىڭ تامامەن ئەكسىچە كۆرۈنىسـ
ـمۇ، ئەمما بۇنداق ئايالىلار كۆڭۈل ئېچىشقا
قارشـى تـۇرمايدۇ. كىسپارو ئۇچۇن ھەمـ
ـمىسى بەرىبىر. تېخىمۇ ئېنىقراق قىلـىپ
ئېيتقاندا، ئايالنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقـى
ئۇنىڭ ئۇچۇن بەرىبىر. چۈنكى، سەللا كالـ
ـلا ئىشلەتكەن ئادەم بىلىۋالالايدۇكى، ئۇنىڭ
ئۇچۇن ھەرقانـداق ئايال ـــ چىرايلىـــق،
سەت، قېرى ياكى ياش بولسۇن، ھەممىسى
ئوخشاش.

ئۇ جىمجىت بىر مەھەللىگە كىرىـپ
كەلدى. ئەتراپ جىمجـت، پەقـەت بىرلا
ئىت قاۋاۋاتاتتى. بىر يەر ئاستى ئۆيىنىڭ
دېرىزىسىدىن يورۇق چۈشۈپ تۇراتـتى. ئۇ
كېتىۋېتىپ دېرىزىدىن قاراپ كۆردىكى، يا-
غاچ كارىۋاتتا بىر كېسەل ئايال ياتاتـتى،
ئۇنىڭ يېنىدا بىر قىز بالا ئۇخلاۋاتاتتى.

كىسپارونىڭ خىيالى بىردىنلا ئۆزگىـ
ـرىپ قالدى. ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ خىيالىنىڭ
نېمە ئۇچۇن ئۆزگەرگەنلىكىنى چۈشەنمەيتـ
ـتى. ئۇ سەل قورۇنۇۋاتقاندەك، ئاشۇ يورۇق
چۈشۈپ تۇرغان دېرىزىنى كۆرگەندىلا ھا-
زىر كېچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىـلغانـدەك
بولدى.

ئۇنىڭ يولىنى بەزىدە دېرىزىدىن، بەـ
زىدە قىنىراق يېپىلىپ قالغان ئىشىكلـەر-
دىن چۈشكەن يورۇقـلۇق يورۇتاتـتى. بۇ
يول مەيدانغا بېرىپ تاماملىناتتى. مەيـدانـ
ـنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئونوۋلىيانىڭ ئۆيى بار ئىدى.
كىسپارو شۇ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆيـ
ـنىڭ ئارقىسى ئۇزۇنغا سوزۇلغان دۆڭـــتۈ-

پىلىك ئىدى. بۇ ئۆيگە تېخى زەررەڭشار-
چىلاردىن قىلىنغان مېدالىئون ئېسىلغانىدى.
مانا بۇ خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەكلا سىر-
لىق، جىمغۇر، داۋراڭسىز ئۆي ئىدى.

كىسپارو خۇددى دەريادىكى قايىنامغا
كىرىپ قالغاندەك بىئارام بولۇشقا باشلىـ
ـدى. ئۇ جان تالىشىپ يۈرۈپ، مىـڭ بىر
مۇشەققەتتە ئورنىدىن تۇرۇشقا دولقۇن يەنە
بىرلا ئۇرۇپ يىقىتىۋېتەتتى، ئۇنىڭ قور-
قۇنچلۇقتا جان ـ دانى چىقىپ كېتەتتى.

كىسپارو «ئونوۋلىيا» دېگەن ۋىۋىسـ
ـكا ئېسىلغان ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكـتى.
خەقلـەر ئونـىڭغا ئونـوۋلـىيا ئەپلىك
بولۇشنى كۆزدە تۇتقاچقا خىزمەتچى ئىشـ
ـلەتمەيدۇ، دېگەنىدى. شۇڭا ئۇ بالكـونـدا
ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەن ھامان، ئۇنى
ئونوۋلىيانىڭ ئۆزى دەپ بىلدى ـ دە، ئۇ:
«كىم؟ نېمە ئىشـىڭىز بار؟» دەپ سور-
ـىغىلا:

ـــ مېنىڭ ئىسمىم كىسپارو، سان ما-
رىكادىن كەلدىم. ئۆتەڭ خوجايىنـىنـىڭ
ئوغلىـمەن. ئىشىكنى ئېچىڭ. ئانام ئاغرىپ
قالدى، ئۆپكە ياللۇغى بولۇپ قاپتـۇ. قېـ
ـلىنراق يوتقان لازىم ئىدى، ـــ دېدى.

كىسپارو شۇنـداق دەپ بولۇپلا، بۇ
گەپلىرىم تولىمۇ بالىلارچە گـەپ بولـۇپ
قالدىغۇ، دەپ ئويلىدى ـ دە، كۆلۈۋەتكىلى
تاس قالدى. ئەمما بالكوندىكى ئايال يو-
قالدى. ئۆي ئىچىدىن قەدەم ئاۋازى ئاڭلانـ
ـدى. كـىسپارو دەرھال ئۆزىـنى تۈزەشـ
ـتۈردى.

«بەلكىم ئۇنىڭ يېنىدا باشـقا ئادەم
بولسا كېرەك، ـــ دەپ ئويلىدى كىسپارو، ـــ

① ئىلىن بايرىمى ـــ ئەۋلىيا ئىلىيانىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەيدىغان بايرام، كۆلدۈرمامىا پىرى بايرىمى
دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بولمىسا نېمىشقا مۇشۇ چاققىچە ئىشىكنى ئاچمايدۇ؟ بەلكىم ئۇ ئىشىكنى ئاچسام سۇيىقەستكە ئۇچرايمەن دەپ ئويلاۋاتقاندۇ ياكى مېنى ئۆزىنى ئۆلتۈرگىلى، مال - مۈلكىنى بۇلىغىلى كەلگەن ئادەم چاغلاۋاتقاندۇ. لېپىس دوختۇرنىڭ كېلىنىنى تۈنۈگۈن كېچە خەق ئۆلتۈرۈۋەتتىغۇ.»

كىسپارونىڭ يۈرىكى يەنە سېلىپ كەتتى، كاللىسىغا غەيرىي — يامان خىيال كېلىشى بىلەن پۈتۈن ۋۇجۇدى تەرگە چۆمۈلدى. ئىشىك ئېچىلدى. ئىشىكتە ناھايىتى لىۋەن ۋە چىرايلىق بىر ئايال تۇراتتى، ئۇنىڭ ئاپپاق يۈزى خۇددى بوۋى مەريەم ئانىنىڭ يۈزىدەك پارقىرايتتى. قارا باش ياغلىق چىگكەن بولۇپ، سوزۇنچاق كۆك كۆزلىرىدە چىراغ نۇرى جىلۋىلىنەتتى. كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا قورقۇنچ ۋە غەيرىي - يامان خىيال قاراڭغۇلۇق بىلەن تەڭلا يوقالدى. كىسپارو ئۆزىنىڭ ئادەممۇ ئۆلتۈرەلمەيدىغانلىقى، بىرەر كىشىنىمۇ سېتىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەندى.

كىسپارو ھەتتا سىز راستىنلا ئونوۋلىيامۇ، دەپ سوراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ پەقەت ئونوۋلىيا دەسسىگەن پولنىڭمۇ خۇددى ئۇنىڭ يۈزىدەكلا پاكىزلىقىنى كۆردى - دە، يولدا يۇققان چاڭ - توزانلار ئۆيىنى پاسكىنا قىلمىسۇن، دەپ ئايىغىنى سۆرتۈپ كەتتى.

دۇكاندار ئايال گەپ - سۆز قىلماي ئۇنى باشلاپ ماڭدى. كارىدور دۇكاننىڭ ئىشىكىگە بېرىپ تاقىلاتتى. ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا، دۇكاندار ئايال قولىدىكى چىراغنى كىسپاروغا سۇندى ۋە:

— چىراغنى باشقا يەرگە قويسام، بىرەر نەرسىگە ئوت تۇتىشىپ، ئوت ئاپىتى بولۇپ قالمىسۇن، سىز بىردەم تۇتۇپ تۇرۇڭ، مەن يوتقاننى ھازىرلا ئېلىپ چىقىمەن، — دېدى.

كىسپارو چىراغنى ئالدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا پۇل چىگىلگەن قول ياغلىق بار ئىدى. ئوچۇق ئىشىكتىن كاناپىنىڭ ۋە ئادەمنى قاقىلدۇرىدىغان سوپۇن ھىدى ئۇرۇلدى. كىسپارو دۇكاندار ئايالنىڭ ئەپچىللىك بىلەن ئورۇندۇق ئۈستىگە چىققانلىقى، مال جازىسىدىن بىر يوغان كۆك قەغەز بولاقنى ئالغانلىقىغا قاراپ تۇردى. دۇكاندار ئايال ئورۇندۇقتىن چۈشۈپ، قەغەز بولاقنى ئۇزۇن بەندىلىك ئۈستىگە قويۇپ ئاچتى، بولاقتىن قىزىل يولى بار سېرىق يوتقان چىقتى.

— مۇشۇ يوتقان يارامدۇ؟ چىراغنى پەلەمپەيگە قويۇپ بۇ ياققا كېلىڭ. ھاۋا خېلىلا ئىسسىق تۇرسا، ئانىڭىز قانداقلارچە سوغۇق تەگكۈزۈۋالغاندۇ؟

— ھەي، شامالداپ قالدىغۇ — تاڭ، — ئۇ خۇددى راستلا شۇنداق ئىش بولغاندەك جاۋاب بەردى ۋە يوتقاننى ئۇيان - بۇيان قىلىپ قاراشتۇردى.

شۇ تاپتا ئۇ ئانىسىنىڭ راستلا كېسەل ئىكەنلىكىگە، ئۇنى ئوبدان مۇھاپىزەت قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىگە ئىشىنەتتى.

دۇكاندار ئايال مالنىڭ ئېسىللىقىنى كۆرسەتمەكچى بولغاندەك، يوتقاننى يايدى ۋە قانداق، رازىمۇسىز، دېگەندەك، كىسپارونىڭ كۆزىگە تىكىلدى. بۇ ھال كىسپاروغا گويا دۇكاندار ئايال ئۇنىڭ كۆزلىرىگە خۇمالىق ناز بىلەن بېقىپ، ئۇنى ئۆزىگە تارتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— تۇتۇپ - سىلاپ كۆرۈڭ، ۋەزنىنى دەڭسەپ كۆرۈڭ. بۇ ئالىي قوي يۇڭىدىن

قىلىنغان يوتقان. چىراغنى پەلەمپەيىنىڭ
تۆۋەيىنگىرەك قويۇڭ.

كىسپارو چىراغنى ئۈچ بالداق تۆ-
ۋەن قويدى ۋە يوتقاننى تۇتۇپ - سىلاپ،
دەڭسەپ باقتى. ئاندىن گەپ - سۆز قىلماس-
تىن دۇكاندار ئايالنىڭ يوتقاننى قاتلىش-
غا ياردەملەشتى.

ھەرىكىتى ئۇيېڭۇنوخشاش بىر جۈپ
گەۋدىنىڭ غەلىتە كۆلەڭگىسى پول ئۈستى-
دە تەۋرىنەتتى.

— قانداق، يارامدۇ؟

—يارايدۇ. قانچە پۇل؟

— يىگىرمە ئىككى لىرا. بوپتۇ، سودى-
مىز پىشتى، مەن ئىككى لىرانى قويۇۋې-
تەي. ئانىڭىزنى دوختۇرغا كۆرسەتتىڭلارمۇ؟
مانا، يوتقاننى ھازىرلا ئوراپ بېرەي.

ئاخىرقى بىر جۈملە بەلتاختىنىڭ ئۇ
تەرىپىدىن ئاڭلاندى. دۇكاندار ئايال بىر
تاختا كۆك قەغەزنى يېيىپ، يوتقاننى ئەپ-
چىللىك بىلەن ئوردى. كىسپارو قولىدىكى
پۇل چىگىلگەن ياغلىقنى چىڭ مۇجۇدى،
دەرھاللا بېشىغا قان چىقتى. ئۇ سەگەكلەش-
تى، ئۇنى غەزەپ ئۆز ئىلكىگە ئالدى. ئۇ مۇن-
داق كولدۇرلىتىشقا تاقەت قىلىپ تۇرالمايت-
تى! ئۇنىڭ قولىدىكى پۇلنى ئانىسى بىر
يارماق، بىر تىيىندىن يىغىپ توپلىغان،
ئۇنى مۇشۇنداق بىلەر - بىلمەيلا قولىدىن
چىقىرىۋەتسە بولامدۇ؟

كىسپارۇ ئاچچىقى كېلىپ بوغۇلۇپ
كەتتى. ئۇ خەقنىڭ دامىغا چۈشكەنىدى.
بۇ ئايال قېرى ئەمەس، ياش ئىدى، ئۇ ئەر-
كەكلەرگە ئۈستەك بەرگۈدەك ھالدا ئەمەس
ئىدى. ئەركەكلەرنىڭ ئۇنىڭغا پۇل تۆلەپ
كۆڭۈل ئاچىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. خەق-
لەر كىسپارونى ئالدىغان، ئونوۋلىيانىڭ نامى-
نى سېستىماقچى بولۇشقان. كىسپارونىڭ ئو-
نوۋلىيانى چىڭ تۇتۇۋېلىپ، ئورالغان يوت-
قان بىلەن راسا ئۇرغىسى كەلدى. ئۇ دۇ-
كاننىڭ ئىشىكىدىن كىردى ۋە شۇ ئانلا
بىر يىگىتنى كۆردى. ئەلۋەتتە، ئۇ يىگىت
ئۇزۇن ئورۇندۇق بىلەن ئىشكىنىڭ ئارىلى-
قىدا ئۆرە تۇراتتى. كىسپارو خۇددى ئوغ-
رىدەك، غىپپىدىلا ئارقىغا ياندى. قورقۇش
غەزەپنى يەڭدى. دەرھال تىكىۋېتىش زۆ-
رۈر ئىدى. پۇل دېگەن قولنىڭ كىرى، قور-
قۇشتىن ھېچ يامىنى نومۇس. ئونوۋلىيا يەنە
كىسپارونىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى، ئورالغان
يوتقاننى ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

كىسپارو ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان
نەرسىنى ئىمكانىنىڭ بارىچە ئۆزىگە قالدۇ-
رۇش كويىغا چۈشتى.

— بۇ يوتقان ئەڭ كۆپ بولغاندا
ئون ئىككى لىراغا يارايدۇ، — دېدى ئۇ ۋە
دەرھاللا پۇشايمان قىلىپ قوشۇپ قويدى، —
ياق، ئون لىراغا يارايدۇ.

ئونوۋلىيا ئۇنىڭغا ئاچچىقى بىلەن قار-
دى، يۈزى شۇئان قىزىرىپ تۇسىنى كۆر-
سەتتى.

— سىز سارائ ئەمەستۇرسىز، بالام!
مەن ئۆزۈممۇ بۇ يوتقاننى ئون ئىككى لى-
راغا ئالغان. مەن ئۇنى يەنە ئون ئىككى
لىراغا ساتسام بولارمۇ؟

كىسپارو ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى.
ئۇلارنى پەقەت ئاشۇ يوتقانلا ئايرىپ تۇرات-
تى. ئونوۋلىيا ھەقىقەتەن قىزىرىپ قالغانىدى.
كىسپارونىڭ كاللىسىغا بارلىق غەيرىي خىيال-
لار كەلدى، ئۇ ئونوۋلىيانىڭ كۆزلىرىگە كۆ-
لۈپ تۇرۇپ مىختەك قادالدى.

— ساتمىسىڭىز ئىختىيارىڭىز، ئاۋارە
قىلدىم، كەچۈرگەيسىز. بەك كەچ بولۇپ قال-

دى ... بىزلەر ماڭا دېگەنىدى ... مەن ئاڭلىغانىدىم ...

ئۇ ئونوۋلىيانىڭ كۆزلىرىگە مىختەك قادىلىپ، ئىما - ئىشارە قىلدى. خىجىللىقمۇ، قورقۇنچمۇ يوقالدى. كىسپاروغا شۇ تاپتا ئەڭ زۆرۈرى ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئونوۋلىيانىڭ چۈشىنىشى ئىدى.

ئونوۋلىيا ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمىدى، چۈشەنسىمۇ چۈشەنمىگەندەك بولۇۋالدى. ئۇ پەقەت بىرلا ئىشنى — مالنى زىيىنىغا ساتماسلىقنى بىلەتتى. ئۇ سەل ئېگىلىپ، بېشىنى يانتۇراق قىلىپ، مەڭزىنى يوتقانغا ياقتى - دە، ئويلىمىغاندا كىسپاروغا ناز بىلەن قارىدى.

— بوپتۇ، ئون ئالتە لىرا بېرىڭ، يەنە تۆت لىرادىن كېچەي.

— ياق، — دېدى كىسپارو ۋە ئارقىغا چېكىندى. ئونوۋلىيا بولسا قىستاپ كېلىپ يوتقاننى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئاللاسىزنى ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي.

بوپتۇ، ئاغرىق ئانىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلاي، ئون ئىككى لىرا بېرىڭ.

كىسپارو تولۇقۇەتكىلى تاس - تاماس قالدى. بىراق ئۇ بەك-لا قورقۇپ قالدى: ناۋادا ھېلىقى يىگىت ئاڭلاپ قالسا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئىشقىلىپ ئانامنىڭ پۇلى زايە كەتمىدى. قوي يۇڭىدا قىلىنغان يوتقانمۇ ئوبدان نەرسە - دە!

ئۇ پاكىز پول ئۈستىدە زوڭزىيىپ (خۇددى ئۆيدىن چىققان چېغىدا چىمەنلىكتە زوڭزايغاندەك ) ئولتۇرۇپ، قول ياغلىقىنى يەشتى - دە، يارماقلارنى ساناپدى. پۇل توپتوغرا ئون ئىككى لىرا چىقتى. ئۇ يۈزىگىمۇ قارىماي پۇلنى ئونوۋلىياغا تەڭلىدى. ئونوۋلىيا يوتقاننى پول ئۈستىگە قويۇپ، پۇلنى ساناشقا باشلىدى. كىسپارو قولياغلىقنى قايتىدىن چىگدى.

(«نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن يازغۇچىلارنىڭ ھېكايىلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

ماخمۇتجان ئىسلام تەرجىمىسى
مەسئۇل مۇھەررىر كامىل تۇرسۇن

يازغۇچىنى تونۇشتۇرۇش:

گىلازىيا دېلېددا(1871 — 1936) ئىتالىيىلىك ئايال يازغۇچى. ئۇ سانتىن ئارىلىدا تۇغۇلغان بولۇپ، جاپاغا چىداپ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىپ ئەدەبىي ئىجادىيەت يولىغا ماڭغان. تۇنجى ئەسىرى «پادىشاھنىڭ مۇھەببىتى» 1891 - يىلى ئېلان قىلىنغان. ئۇنىڭ «سانتىن ھەققىدە ھېكايە»، «ئېزىقتۇرۇش»، «ھاياتنىڭ چاقچىقى»، «چوڭ ئاتام»، «تېپىشماق تاپقۇچى بالا» ناملىق ھېكايە توپلاملىرى، «ئىلياس پولتورو»، «كۆيۈپ كۈلگە ئايلىنىش»، «شامالدا قالغان قومۇش»، «مارىئاننا شىلكا»، «ئانا»، «يېگانە ئادەمنىڭ سىرى» قاتارلىق پوۋېست، روماناىرى بار.

ئۇ 1926 - يىلى «غايە قاناتلاندۇرغان ئەسەرلىرىدە دېڭىز ئارىلىدىكى ئانا يۇرتىنىڭ تۇرمۇشىنى جانلىق، روشەن، ئوبرازلىق تەسۋىرلىگەنلىكى ھەمدە ئادەتتىكى ئىنسانىيەت مەسىلىلىرىنى چوڭقۇر ۋە ھېسداشلىق پوزىتسىيىسىدە تۇرۇپ بىر تەرەپ قىلغانلىقى» ئۈچۈن نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

www.uyghurkitap.com



《塔 里 木》 文学月刊 （维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL
IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1990 ـ يىل 8 ـ سان (354 ـ سان)، 40 ـ يىل نەشرى .
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى .
ئۈرۈمچى دېموكراتىيە يولى 32 ـ قورۇ . تېلېفون نومۇرى : 78784 .
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى . شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى .
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ . مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ .

国内统一刊号： CN 65－1010／I
本刊代号： 58－66 定　价： 1.40元
邮政编码： 830002

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى : CN 65 ـ 1010 / I
ژۇرنال ۋاكالەت نومۇرى : 66 – 58 . باسما تاۋاق : 10 . باھاسى : 1.40 يۈەن .
پوچتا نومۇرى :